ئەرمنجەن خاراداۋان

# سەركەردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەرەنجەن خاراداۋان

# سەركەردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

学院图书馆
藏书专用章

XIV—XII ئەسىرلەردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ
مەدەنىيەت - تارىخ ئوچېرىكى

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **پەرھات جىلان**



مىللەتلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب ئالمۇتا ئەھمەد يەسسەۋي نەشرىياتى 1992 - يىل نەشر قىلغان1 - نەشرى1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنىسا روزى

# سەركەردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان


| | |
|---|---|
| نەشر قىلغۇچى : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ |
| پوچتا نومۇرى : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى : | بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى : | 2012 - يىل 7 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى : | 2012 - يىل 7 - ئايدا 1 - قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى : | 880×1230م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى : | 8.875 |
| باھاسى : | 25.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12124-3/K. 2110 (维 94)

www.uyghurkitap.com

本书根据阿拉木图阿合玛德·亚萨维出版社 1992 年第 1 版，第 1 次印刷版本翻译出版。

**图书在版编目(CIP)数据**

首领成吉思汗及其后裔：维吾尔文/帕尔哈提·吉拉译. — 北京：民族出版社，2012. 4

ISBN 978-7-105-12124-3

Ⅰ. ①首… Ⅱ. ①帕… Ⅲ. ①成吉思汗（1162~1227）—生平事迹—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K827=47

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 071146 号

**责任编辑：** 卡哈尔·普拉提
**责任校对：** 海仁莎·肉孜
**出版发行：** 民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
**社　　址：** 北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
**电　　话：** 010-64290862（维文室）
**印　　刷：** 北京盛通印刷股份有限公司
**版　　次：** 2012 年 7 月 第 1 版　　2012 年 7 月 第 1 次 印 刷
**开　　本：** 880×1230毫米 特 32 开
**印　　张：** 8. 875
**定　　价：** 25. 00 元

ISBN 978-7-105-12124-3/K. 2110 (维 94)

# كىرىش سۆز

—— دوكتور ئەرەنجەن خاراداۋاننىڭ «سەركەردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى» ناملىق كىتابى توغرىسىدا

## ل.گۇمىلېف، ۋ.يېرمولايېف

مەدەنىيەت تارىخى كۆپ ھاللاردا تىراگېدىيەلىك بولىدۇ. بىر دەۋرلەردە پۈتۈن ۋە بۈيۈك رۇسىيە مەدەنىيىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى كىرىزىسى ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىشى بۇنىڭغا يارقىن مىسال بولالايدۇ. ئاخىرقى ئون يىل ئىچىدىكى سىياسىي توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق مەدەنىيەت پائالىيەتچىلىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتى، ۋەتەندە قالغانلىرى بولسا، سوۋېت ئىدىيەسى «سوۋېت مەدەنىيىتى ئىشلىرى» ئوتتۇرىسىدىكى تاللاشقا دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، چەت ئەللەردىكى رۇسلار بىلەن ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي باغلىنىش نوقۇل ئىدېئولوگىيە مەسىلىلىرى تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. بىرنەچچە ئون يىل سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان كىشىلەر ئۇچۇن ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئاتالمىش «ئىلغار يازغۇچىلار»نىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش بىرقەدەر ئاسانراق بولسىمۇ، چەت ئەللەردىكى رۇس مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش خېلى قىيىن بولۇپ كەلدى.

ھالبۇكى، رۇسىيەدىن چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىملارنىڭ ئىلىم-پەن ئىشلىرى ۋەتەندىكىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ۋە ھەتتا ئېخىمۇ ئۇنۇملۇك راۋاجلاندى. شۇبھىسىزكى، دوكتور ئەرەنجەن خاراداۋانمۇ ئەنە شۇ ئاتاقلىق پەن تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئە.خاراداۋاننىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى بىزگە ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس. ئېنىق بولغىنى شۇكى، ئە.خاراداۋان رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنىڭ دەسلەپكى دولقۇنلىرى ئىچىدە رۇسىيەدىن ئايرىلىپ، يۇگوسلاۋىيەدە ماكانلاشقان ۋە شۇ يەردە ئۆزىنىڭ مەزكۇر كىتابىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن نەشر قىلدۇرغان.

ئە.خاراداۋان چەت ئەلدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا «ياۋرو-ئاسىياشۇناسلىق» دەپ ئاتالغان يىرىك تارىخ-سىياسەت ئېقىمىغا قوشۇلدى.

«ياۋرو-ئاسىياشۇناسلىق»نىڭ تولۇق مەزمۇنىنى شەرھلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئەسەر يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ قىسقا بايانىمىزدا «ياۋرو-ئاسىياشۇناسلىق»نىڭ مەزكۇر ئەسەرگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئايرىم تەرەپلىرىنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ياۋرو-ئاسىياشۇناسلارنىڭ تارىخ تەتقىقات ئىلمىدىكى ئاساسلىق مەۋقەسى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي-سىياسىي مىراسىنىڭ رۇس تارىخىدىكى رولىنى تامامەن باشقىچە قاراشتا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ياۋرو-ئاسىياشۇناسلار «تاتار-موڭغۇل زومىگەرلىكى» دېيىشتىن باش تارتقان تۈنجى رۇس ئالىملىرى بولۇپ قالدى.

ياۋرو-ئاسىياشۇناسلار غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن ۋە رۇس تارىخچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن پەرقلەنگەن ھالدا خەلقلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي تارىخىنى شەرھلەشكە يۈزلەندى ھەمدە بۇ جەھەتتە قايىل قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. غەربىي ياۋروپاغىمۇ، يېقىن شەرقىمۇ ۋە جۇڭگوغىمۇ ئوخشاشمايدىغان ياۋرو-

ئاسىيا مەملىكىتى بولغان روسىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەققىدىكى ئىدىيە ئەنە شۇ ياۋرو-ئاسىيا-شۇناسلىق ئىلمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. «روسىيە-ياۋرو-ئا-سىيا» ئىدىيەسى تامامەن رېئال مەنىۋى بىرلىك ئىدىيەسىنى، يە-نى بارلىق ياۋرو-ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلىق ۋە تەبىئىي تارىخىي يېقىنلىق ئىدىيەسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئە.خاراداۋاننىڭ كىتابىدىكى مەزمۇنلارمۇ يۇقىرىقىدەك ئىل-مىي ۋە مەنىۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئۇيغۇنلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 1
مۇقەددىمە ........................ 1

## 1 ـ قىسىم

بىرىنچى باب موڭغۇللار توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇماتلار ...... 15
ئىككىنچى باب تېمۇچىن ........................ 20
ئۈچىنچى باب تېمۇچىنىنىڭ ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قا-
رىشى ........................ 27
تۆتىنچى باب تېمۇچىن بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر تەرىپى-
دىن «چىڭگىزخان» دەپ ئېلان قىلىندى ........................ 39
بەشىنچى باب ئايرىم قەبىلىلەرنىڭ بىر پۈتۈن موڭغۇل خەل-
قى بولۇپ ئۇيۇشۇشى ........................ 42
ئالتىنچى باب چىڭگىزخانىنىڭ تەنتەنىلىك ھالدا ئىمپېرات-
ور بولۇپ سايلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈزۈلۈشى
60 ........................
يەتتىنچى باب موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ لەشكىري تۈزۈل-
مىسى ........................ 83
سەككىزىنچى باب جۇڭگوغا يۈرۈش ........................ 130
توققۇزىنچى باب ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش ........................ 151
ئونىنچى باب تاڭغۇت ئېلىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش ۋە
چىڭگىزخانىنىڭ ئۆلۈمى ........................ 182
ئالتىنچى بابقا قوشۇمچە ........................ 193

ئۇلۇغ ياساق ........................ 183
يەتتىنچى بابقا قوشۇمچە .............................. 208
تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشى ..... 208
قورال ـ ياراغلار، يۈرۈش لازىمەتلىكلىرى، مەنسەپكە ئۆس-
تۈرۈش، ئەمەلدارلارنىڭ هوقۇقلىرى ۋە ئىش هەققى ........ 208
تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇنتىزىملىششى ................ 211
تېمۇرلەڭنىڭ تاكتىكا قائىدىلىرى ۋە جەڭ قىلىش تەرتىپلىرى
211 ..........................................
ئادەم سانى 12 مىڭدىن 40 مىڭغىچە بولغان قوشۇن
ئۈچۈن جەڭ ئۇسۇلى ........................... 213
پۈتۈن قوشۇن ئۈچۈن جەڭ ئۇسۇلى .................. 214
كۆچمەن خەلقلەرنىڭ چوڭ ۋە كىچىك ئۇرۇشلاردىكى قابىلىيىتى
216 ..........................................


## 2 ـ قىسىم


ئون بىرىنچى باب موڭغۇللارنىڭ ياۋروپاغا يۈرۈشى .......... 221
ئون ئىككىنچى باب موڭغۇل ئىستىپلاسىنىڭ رۇسىيەگە
كۆرسەتكەن تەسىرى ............................ 243
خاتىمە ....................................... 272

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

ئاسىيا تارىختا سان ـ ساناقسىز خەلقلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ بۆشۈكى، قانخور تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋەتىنى، رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەسى، بارلىق دىنلارنىڭ ئانىسى بولغان، شۇنداقلا مىليارد جاننى باقىدىغان تۇپراقمۇ بولغان.

كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا ئاسىيا خۇددى قانداقتۇر بىر ئەپسانىۋى ھوشسىزلىقتا تۇرغاندەك جىم ياتتى، ھەرىكەتنى ياقتۇرمىدى، تەرەققىياتنىڭ بىز بىلىدىغان ماددىي شەكىللىرىگە پەرۋا قىلمىدى، پەقەت ئەقلىي پائالىيەتكە ۋە پەلسەپەۋى قۇرۇلمىلارغىلا ئەھمىيەت بەردى.

مانا، ئاسىيا ئاخىر ئويغاندى ھەمدە ھەممە قاتلاملار بويىچە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا بىلەن پۆت تېپىشىدىغان كەيپىياتتا ئورنىدىن تۇردى.

ئاسىيا ھازىر ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن كۈچىنى تونۇپ يېتىپ، ئىرقىي غۇرۇرىنى قوغداشقا ئىنتىلىپ، ئاق تەنلىكلەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈچەپ تەلەپ قىلماقتا.

دۇنياغا كەلگەن پانئاسىيا ئېقىمى بىزگە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ رۇس ئىمپېراتورلىرى قەدىمكى رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىدىيەلىرىنى چىقىش قىلىپ قۇرۇپ چىققان مەمۇرىي ۋە ھەربىي قورغان، يەنى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ تەبىئىي چېگرالىرىنى تەشكىل قىلىپ، قارا دېڭىزدىن سېرىق دېڭىزغىچە سو-

زۇلغان كەڭ زېمىندىن ئىبارەت قورغان ھازىر يىمىرىلدى.

يېڭى رۇسىيە ئۆز تەۋەلىكى مەسىلىسىدىكى ھەر خىل تەۋ-رىنىشلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىككىلىنەمەكتە. ئۇ خىرىستىيان مەدەنىيىتىنى تىكلەشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىشقا قاتنىشىش ئۇ-چۈن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىن قايتا ئورۇن ئالالامدۇ؟ ئۇ تەپەك-كۇرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئاسىياغا قايتامدۇ ۋە ياكى ئۆز ئوغۇللىرىنى يېڭى چىڭگىزخانىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا «چىرىكلەشكەن غەرب»نى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتەمدۇ؟

رۇسىيەنىڭ ياۋرو - ئاسىياچىلىرى غەربىي ياۋروپانىڭ چۈشكۈن مەدەنىيىتىدىن قەتئىيلىك بىلەن چېگرا ئايرىماقتا ھەمدە 13 — 14 - ئەسىرلەردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋارىسى بولىدىغان ئۆزگىچە ياۋرو - ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى قۇرۇش ئۈچۈن شەرقنىڭ دىنىي مەدەنىيەتلىرىگە ۋە «بويسۇنغۇچى ئىقتىسادى»غا يۈزلەنمەكتە.

گېرمان پەيلاسوپى ئوسۋالد شپېنگلېر ئېيتقاندەك، بىز «غەرب دۇنياسىنىڭ زاۋاللىق دەۋرىدە» ياشاۋاتامدۇق؟

فىرانسۇز شائىر پول ۋالېرى ئۆزىگە سوئال قويغاندەك، ياۋ-روپا غايەت زور ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كىچىككىنە بىر تۇمشۇقى بولۇش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالامدۇ؟

بەزىلەر «بۇ بىر قۇرۇق گەپ» دېيىشىدۇ. لېكىن، تارىختا شۇنداق بىر مەزگىل بولغانكى، بۇ قۇرۇق گەپ قان ۋە گۆشكە ئايلىنىپ، ئاتلارغا مىنىپ ۋە تولۇق قوراللىنىپ، قۇدرەتلىك ياۋروپا رىتسارلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، غەرب ئېلى ئۆزى بىلمىگەن ۋە ئويلىمىغان بىر سىياسىي ۋە ھەربىي داھىي تەرە-پىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

تارىختا شۇ ۋەقەلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلىرى ساقلى-نىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

13 ـ ئەسىردە سەددىچىن سېپىلى ۋە تۈركىستاننىڭ شىمالىدا، ھازىرقى موڭغۇلىيەدە ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە يايلاقلىرىدا موڭغۇل دۆلىتى بارلىققا كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ دائىرىلىك كۆچمەنلەر ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تېزلىكتە بارلىققا كېلىشى تارىختا كۆپ كۆرۈلگەن ئەھۋال. بۇنداق بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆچمەنلىك تۇرمۇش شارائىتىدىكى خەلقلەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ناھايىتى تېزلىكتە مىڭ چاقىرىملارچە يىراقلارغا تارقىلىپ، پۈتۈن ـ پۈتۈن قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنى بېسىپ ئۆتەتتى ۋە ئاخىر بېسىپ ئۆتۈش تەس بولغان بىرەر تەبىئىي توسۇققا دۇچ كەلگەندىلا ئاندىن توختايتتى. بۇ خىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى 2 ـ ۋە 4 ـ ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى — ھۇن ئىمپېرىيەسى، ئىككىنچىسى — تۈرك ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ئىككى دۆلەت پەقەت كۆچمەن خەلقلەرنىلا بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە ئىنچىل كۆچمەنلەرنىڭ زەربىسى ئاستىدا تۇرغان ئاز بىر قىسىم مەدەنىيەتلىك يەرلەرنىلا بېسىۋالالىغان.

پەقەت دۇنياۋى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىلا ياپونىيە، ھىندىستان ۋە ئەرەبىستاندىن باشقا پۈتكۈل ئاسىيانى تېزلىكتە بېسىپ ئۆتۈپ، ياۋروپاغا قەدەم قويىدى ۋە شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن ئادرىئاتىك دېڭىزىغىچە يېتىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دوناي دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئورنى، ۋېنگىرىيە، پولشا ۋە بۈيۈك نوۋگورود چېگرالىرىدىن تىنچ ئوكيانغىچە ۋە شىمالىي مۇز ئوكياندىن ئادرىئاتىك دېڭىزى، ئەرەبىستان چۆللىرى، ھىمالايا ۋە ھىندى تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

كەڭلىكى جەھەتتە دۇنيا تارىخىدا بۇ ئىمپېرىيەنىڭ تەڭدىشى

يوق. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى بىلەن سىزىلغان چېگرالىرى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي جەڭچىلىرىنىڭ نەيزىلىرى بىلەن، رىم باتۇرلىرىنىڭ تۈز قىلىچلىرى بىلەن ۋە بۈيۈك ناپولېئون ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەكلىرى بىلەن سىزىلغان چېگرالىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ يات خەلق كىم ئىدى؟ ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك داھىيسى چىڭگىزخان كىم ئىدى؟

ئارىدىن 700 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياۋروپا تارىخچىلىرى بۇ سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ياۋروپالىقلار ئۆزىنى مەركەز قىلىش دۇنيا قارىشى بويىچە رومان - گېرمان مەدەنىيىتىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيەت، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاشمايدىغان شەرق ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ياۋروپا مەدەنىيىتىگە يەتمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ياۋروپا ئالىملىرى شەرقنىڭ تارىخىغا ئومۇمەن قىزىقمايدۇ، چىڭگىزخان بولسا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەقەت «بىر ياۋايى»دىنلا ئىبارەت.

ياق! ئاسىيا ئاق قەغەز ئەمەس، بەلكى قەدىمكى دانىشمەنلىك دەستۇرى! ياۋروپا مەدەنىيىتى «ياۋايى» چىڭگىزخاننىڭ ۋەھشىيلىكلىرى ۋە ھەتتا تېمۇرلەڭنىڭ ئادەم باشلىرىدىن قوپۇرغان پىرامىدالىرىمۇ يېتەلمەيدىغان مىسلىسىز قەبىھلىكلەر ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق، ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش ياۋروپا ئۇرۇشى (بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى دېمەكچى) ۋە رۇس ئىنقىلابىدىن ئىبارەت دوقالغا دۇچ كەلگەندىن كېيىنلا ياۋروپادىكى بىر قىسىم ئەقىل ئىگىلىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، ياۋروپا مەدەنىيىتى 19 - ئەسىردىن كېيىن تېخنىكىدىن باشقا ھەممە جەھەتتە چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەندى، ئەمدى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدىمكى يۇنان ۋە رىم مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەقدىرى كۆتۈپ تۇر-ماقتا.

ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تېخنىكا ساھەسىدىكى زەھەرلىك گاز ۋە باكتېرىيەلىك قوراللاردىن ئىبارەت زور ئۆتۈقلىرى بىلەن خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر - ئىككى قېتىم ئۇرۇش پارتلىسا، چۈشكۈنلىشىش تېخىمۇ تېزلىشىدۇ.

بىز چىڭگىزخان ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئاساسەن شەرق مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆرىمىز:

1) پارس تارىخچىسى رەشىددىننىڭ (1247 — 1318 - يىللار) ئۈچ توملۇق كاتتا ئەسىرى. بۇ ئەسەر 14 - ئەسىرنىڭ بېشىدا چىڭگىزخان جەمەتىدىن بولغان، پارس تەختىدە ئولتۇرغان غازان خان دەۋرىدە موڭغۇل رىۋايەتلىرى ۋە موڭغۇل تارىخىنى بىلىدىغان پېشقەدەملەرنىڭ ھېكايەتلىرى ئاساسىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر شەرقنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇ-رىدۇ، چۈنكى رەشىددىن موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى گۈللەنگەن دەۋردە ياشىغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئەرەب، پارس، تۈرك، موڭغۇل ۋە ئىبرانىي تىللىرىنى بىلەتتى.

رەشىددىن ئۆز ئەسىرىنى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ جانلىق ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرگە ئاساسلى-نىپ يازغان. ئۇ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىدە بولغان ئىراندا خاننىڭ ۋەزىرى ئىدى، شۇڭا ئۇ خانلىق كۈتۈپخانىغا كى-رەلەيتتى. ئۇ شۇ كۈتۈپخانىدا ئۇ باشقا موڭغۇلچە مەنبەلەر قاتا-رىدا بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن «ئالتۇن دەپتەر»دىنمۇ پايدىلان-غان.

2) ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مېسوپوتامىيەدە يېزىلغان ئەرەبچە تا-رىخىي خاتىرىلىرى.

3) 1260 ـ يىلى ھىندىستاندا جۇزجانى تەرىپىدىن يېزىلغان «ناسىر جەدۋەللىرى».

4) جۇۋەينى تەرىپىدىن 1260 ـ يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي». ئاپتور بۇ ئەسەرنى موڭغۇل ئىمپېرىيە ـ سىنىڭ بىرلىكى بۇزۇلمىغان دەۋردە تۈركىستان ۋە موڭغۇلىيەگە بېرىپ، موڭغۇل مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان.

موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخى توغرىسىدىكى جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى بىزنى مول ماتې ـ رىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەپسۇسكى، غەرب مۇئەللىپلىرى بۇ ما ـ تېرىياللاردىن تېخى تولۇق پايدىلانمىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مۇنداق ماتېرىياللارنى كۆرستىشكە بولىدۇ: چىڭگىزخانغا زامانداش بولغان جۇڭگو ساياھەتچىلىرىدىن سانغۇن مېڭ خۇڭ ۋە تويىن چاڭ چۇننىڭ خاتىرىلىرى ۋە موڭغۇلچە يىلنامە «مونغولۇن نىگۇچا توپچىيان». خۇسۇسەن، موڭغۇل مەنبەلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى پەقەت «چىڭگىزخان ھەققىدىكى موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىنلا ئىبارەت بولۇپ، 1240 ـ يىلى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان. تۆۋەندىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار ـ مۇ بىزگىچە كېلەلمىدى: موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان «ئالتۇن دەپ ـ تەر»، يەنى چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدىكى ئالتۇن كىتاب؛ «جاساق» — چىڭگىزخاننىڭ قانۇنى، يەنى موڭغۇللار ـ نىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دۇنيا قاراشلىرى، تۇزۇملىرىنىڭ تويپ ـ لىمى (بۇ ماتېرىيالنىڭ پارچىلىرى چەت ئەل مۇئەللىپلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان)؛ «بىلىك» — چىڭگىزخاننىڭ سۆزلى ـ رىدىن ئۈزۈندىلەر. بۇ ھەقتە پەقەت شەرق مۇئەللىپلىرىنىڭ ئە ـ سەرلىرىدىكى ئىزاھلىرىدىنلا خەۋەردارمىز. موڭغۇللارنىڭ بىر قاتار تارىخ ئەسەرلىرىنى يازغان (ئالتان توبچى، خۇخو دەپتەر ۋە باشقىلار) ئۆزلىرىنىڭ تارىخچىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

17 ـ ئەسىردە موغۇللارنىڭ سانان خۇنتەيجى ئىسىملىك تارىخچىسى پەيدا بولدى. ئۇ «شەرقىي موغۇلىيە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمران سۇلالىسى» ناملىق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب يا.شمىدت تەرىپىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1829 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ پائالىيەتلىرى قەھرىمانلىق داستانى شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتلىرى باشقا تارىخىي مەلۇماتلارغا ئوخشايدۇ ۋە باشقا شەرق تارىخچىلىرى گەۋدىلەندۈرمىگەن تارىخىي چىنلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ياۋروپا تىللىرىدا يېزىلغان موغۇللار ھەققىدىكى ئەسەرلەر تېخى يېقىنقى دەۋردىكى شەرققە بولغان قىزىقىشنىڭ ئۇيغىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. موغۇلىيەگە ئائىت دەسلەپكى ياۋروپا مەنبەلىرىدىن دىن تەرغىباتچىلىرى پلانو كارپىنى، رۇبرۇك ۋە ۋېنېتسىيەلىك سودىگەر ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ خاتىرىلەر 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان. ماركو پولونىڭ كىتابى توغرىسىدا ئى.كوروستوۋېتس مۇنداق دەيدۇ: «ماركو پولونىڭ جۇڭگو ساياھىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى ياۋروپا ـ ئاسىيا مۇناسىۋەتلىرىنى دەلىللەيدىغان ئەھمىيەتلىك ھۆججەتتۇر. بۇرۇن بۇ ئەسەر رومان دەپ قارالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تەتقىقاتلار بۇ ئەسەرنىڭ كۆپ جەھەتتە چىنلىققا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى».

ئى.كوروستوۋېتس ھەقلىق ھالدا شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ماركو پولونىڭ ئەسىرى ياۋروپا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتقىچە ناتونۇش بولغان ئاسىيانى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئاسىيا بىلەن تونۇشۇش دەسلەپتە پەقەت سودا مەقسەتلىرىنىلا چىقىش قىلغان. ئاردىن خېلى

ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، ياۋروپادا ئاسىيا ۋە ئاسىيا خەلقلىرىگە قارىتا ئىلمىي قاراشلار شەكىللەندى. ھالبۇكى، دەل چىڭگىزخان ۋەكىللىكىدىكى موڭغۇل خەلقى كونا دۇنيانىڭ مۇ- ھىم ئىككى قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققىچە قاراڭغۇ بولۇپ كەلگەن ئالاقىگە يول ئاچتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاخىر- قى ئون يىللار ئىچىدە چىڭگىزخانغا مۇناسىپ باھا بېرىلىپ، ياۋروپانىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئۇنىڭ زور تارىخىي ئەھمىيىتى ئې- تىراپ قىلىندى. بۇ جەھەتتە 19 ـ ئەسىردىكى رۇس ئالىملىرى- نىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئا- لىملار: ئى.بىچۇرىن، پالادىي، ئى.بېرىيوزىن، ۋ.ۋاسلىيېف، ف.ئېردمان، ئا.پوزدنېيېف، ۋ.بارتولد ۋە باشقىلار.

1922 ـ يىلى موڭغۇلشۇناس پىروفېسسور ب.ۋلادىمىرسوف- نىڭ «چىڭگىزخان» سەرلەۋھىلىك كىچىكرەك ھەجىمدىكى، لې- كىن ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئاپتور ئۆزىنىڭ شۇ كىتابىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن، 1928 ـ يىلى 8 ـ يانۋار بېلگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا «چىڭگىزخان ۋە موڭغۇللارنىڭ ياۋروپادىكى ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. بۇ دوكلات مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىندى.

ھازىرقى ياۋروپا ئەسەرلىرىدە چىڭگىزخانغا قانداق باھا بې- رىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بۇ ھەقتىكى سانى چەك- لىك ئىنكاسلارنى مىسالغا كەلتۈرىمىز:

«ياۋروپادىمۇ ۋە ئاسىيادىمۇ يېڭى تۇزۇم ئورنىتىلىشى كېرەك ئىدى. ياۋروپامۇ، ئاسىيامۇ ئۆزلىرىنى بېسىشقا باشلىغان ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك تەۋرىنىشكە موھتاج ئىدى. غالىب تېمۇچىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئەنە شۇنداق ئويغاتقۇچى بولۇپ چىقتى. ئۇلار كۆزلىگەن مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى. مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىسى
www.uyghurkitap.com

قا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرتكە-لىك تەۋرىنىش رۇسلار ۋە گېرمانلارنى، شۇنداقلا باشقا غەربىي ياۋروپا مىللەتلىرىنى بۇگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان قۇدرەت ۋە تە-رەققىياتقا ئېرىشتۈردى».[1]

«موڭغۇل خەلقىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخى چىڭگىزخاندىن باشلىنىدۇ. كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان چېچىلاڭغۇ توركۇملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ھەربىي ۋە سىياسىي پۈتۈنلۈكىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە شۇ پۈتۈن-لۈكنىڭ كۈچى بىلەن پۈتكۈل ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئىشى چىڭگىزخاننىڭ قۇدرەتلىك قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. موڭغۇل دەۋرى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردە كەڭ كۆلەملىك ھەربىي يۈ-رۈشلەر ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر بولۇشتىن سىرت، يەنە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىگە يېڭى ئىمكانىيەت يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەن كۆپلىگەن مەدەنىيەت ئېقىملىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ۋەھالەن-كى، موڭغۇللار تىكلىگەن ۋە بىرلىككە كەلتۈرگەن مىللەتلەر پارچىلىنىپ، شەرقتە جۇڭگو مەدەنىيىتى، غەربتە ئىسلام دىنى ئۆز مەۋقەلىرىنى ساقلاپ قالغان بولغاچقا، 13 ــ، 14 ــ ئە-سىرلەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىكى موڭغۇللارنىڭ ئەھمىيىتى ناھەق ھالدا ئۇنتۇلۇشقا مەھكۇم قىلىندى. چىڭگىزخان ئۆز قوۋمىگە نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ئۇششاق قەبىلىلەر ئوتتۇ-رىسىدىكى ھالاكەتكە ئېلىپ بارغۇچى ئۇرۇش ــ تالاشلارغا خاتىمە بېرىپ، ئۆز خەلقىگە دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق ئىدىيەسىنى سىڭ-دۈردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئەنە شۇ نىشانغا بېغىشلانغانىدى. ئۇ ئېچىپ بەرگەن يولنى ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ۋارىسلىرى ئىزچىل

[1] فىرانس فون ئېردمان: «غالىب تېمۇچىن»، 1862 ــ يىل، لېيپسىگ، 163 ــ، 164ــ بەتلەر. (دوكتور ئېردمان قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى)

داۋاملاشتۇردى. ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ روھى ئۇنىڭ جەمەتى ئىـ-
چىدە يىلتىز تارتتى. ئۇ ئەۋلادلىرىغا ئۆز يايلاقلىرىنىلا ئەمەس،
ئاسىيانىڭ شەرقى ۋە غەربىدىكى ئىشغال قىلىنغان مەدەنىيەتلىك
ئەللەرنىمۇ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلدى. دېمەك، چىڭ-
گىزخان چوقۇم دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك شەخسلەر قاتارىغا
كىرگۈزۈلۈشى كېرەك».①

«بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل بۇرۇن بىر ئادەم شۇ زاماندا مەلۇم
بولغان دۇنيانىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بېسىۋالدى. ئۇ ئىنسا-
نىيەتنى بىرنەچچە ئەۋلادقىچە داۋاملاشقان ۋەھىمىگە سېلىپ
قويدى. چىڭگىزخان شۇ قەدەر كەڭ زېمىنلەرنى ئىشغال قىلدى-
كى، ياۋروپا سەھنىسىدە مەلۇم بولغان بارلىق پائالىيەتچىلەرنىڭ
ھەرىكەت كۆلىمى ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى-
نى ئادەتتىكى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ لەشكەر-
لىرىنىڭ يۈرۈشلىرى چاقىرىم بىلەن ئەمەس، بەلكى كەڭلىك ۋە
ئۇزۇنلۇق گىرادۇسلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇ بېسىپ ئۆتكەن
يوللاردا بىر مۇنچە شەھەرلەر ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى،
دەريالار ئۆز قىنىدىن يۆتكەلدى، چۆل ـ باياۋانلار قاچقۇنلار ۋە
ئۆلۈكلەر بىلەن تولدى، بىر دەۋرلەردىكى گۈللەنگەن مەملىكەت-
لەردە تىرىك جانلاردىن پەقەت بۆرىلەر بىلەن قاغىلارلا قالدى. شۇ
چاغلاردىكى مۇسۇلمانلار بۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەقەلەرنىڭ
كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەي كېلىشىنى خۇدانىڭ قەھرىدىن بو-
لۇۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى. ئۇلار ئاخىر زامان يېتىپ كەلدى، دەپ
ئويلاشتى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن دەھشەتلىك موڭغۇل
ھۆكۈمرانلىرى غەربىي ياۋروپا ئۈستىدىن قارا بوراندەك ئۇچۇپ
ئۆتكەندە خىرىستىيان دۇنياسىمۇ ۋەھىمىگە چۈشتى. چېر-

① ف . كرائۇزى: «جوڭگو يىلنامىلىرىدىكى چىڭگىزخاننىڭ ھايات تارىخى»،
ھېيدېلبېرگ، 3ـ، 4ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كاۋلاردا موڭغۇللارنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش ھەققىدە دۇئا ـ تەكبىرلەر ئوقۇلدى. ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كۆچمەنلەر ئۈچ ئىمپېرىيەنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. ئۆمرىدە شەھەر تۇرمۇشىنى كۆرۈپ باقمىغان ساۋاتسىز ياۋايى ئەللىك مىللەت ئۈچۈن قانۇنلار تۈپ-لىمىنى تۈزۈپ چىقتى».

شۈبھىسىزكى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى دانىشمەنلىكتە ناپولېئون ياۋروپا ئاسمىنىدىكى ئەڭ يارقىن چولپان. لېكىن شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قوشۇنىنى مە-سىردا تەڭرىگە تاپشۇرۇپ تاشلاپ قويدى، يەنە بىر قوشۇنىنى رۇ-سىيەنىڭ قارلىق داللىرىدا قولدىن بېرىپ قويدى ۋە ئاخىر ئۆ-زىنىڭ يوكسىلىشىنى ۋاتېرلوئودىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئا-ياغلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى ئۇ تېخى ھايات چاغدىلا گۇمران بولدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسى ئۆلۈشتىن بۇرۇنلا ۋارىس-لىقتىن مەھرۇم قىلىندى. چىڭگىزخانغا تەڭ كېلەلىگۇدەك ئىس-تېداتلىق ھۆكۈمرانىنى تېپىش ئۈچۈن نەزەرىمىزنى ئالېكساندىر ماكېدونسكىيغا ئاغدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئالېكساندىر ما-كېدونسكىي ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرق ئەللىرىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇ يەرلەرگە ئېللىن مەرىپىتىنىڭ ساخاۋىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەرىپىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە قازا تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى سېلىش-تۇرغىلى بولمايدۇ. ئالېكساندىر ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ سانغۇنلىد-رى ھاكىمىيەتنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئوغ-لى قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھالبۇكى، چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا تەختكە ئولتۇردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئەر-

مېنىيەدىن كورېيەگىچە، تىبەتتىن ۋولگىغىچە سوزۇلغان ئىمپېرىيەسىنى باشقۇردى، دۇنيانىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى».

خۇددى سېھىرلىك تېپىشماقتەك يوق يەردىن پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئىمپېرىيە تارىخچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ كەلدى. ئەنگلىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن چىڭگىزخان دەۋرىنىڭ تارىخىدا بۇ خانلىقنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ، دېيىلدى. بۇ ئادەمگە باھا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى موڭغۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋە ئۇ ياشىغان يەتتە يۈز يىل ئىلگىرىكى دەۋردىن چىقىپ كۆزىتىشىمىز كېرەك. بىز ئۇنى ھازىرقى مەدەنىيەت ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىسەك توغرا بولمايدۇ».①

---

① ھارولد لېم: «چىڭگىزخان ھەممە ئادەملەرنىڭ ئىمپېراتورى»، لوندون، 1928 ـ يىل، 11 ـ، 16 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# 1 ـ قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېزىقى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# موڭغۇللار توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇماتلار

موڭغۇل قەبىلىلىرى 12 ـ ئەسىردە خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇلار شۇ چاغلاردىمۇ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا كىگىز ئۆيلەردە ياشىغان. ئۇلار ئۆز چارۋاماللىرىنىڭ يايلاقلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجىدىن كۆچىدۇ. بۇ خۇددى كانادا ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى بىزگە زاماندانش ئىنگلىزلار، يىراق غەربنىڭ چەت ـ ياقا جايلىرىدىكى ئامېرىكىلىقلار، لاپلاتا دالالىرىدىكى ئارگېنتىنالىقلارنىڭ كۆچۈپ يۈرگىنىگە ئوخشاش ئىش.

موڭغۇللار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئۇرۇق، قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارغا ئايرىلىدۇ. 12 ـ ئەسىردە موڭغۇل جەمئىيىتى ئۈچ سىنىپقا ئايرىلغان: يايلاق ئاقسۆڭەكلىرى، ئاۋام خەلق ۋە قۇللار. لېكىن، قۇللار سېتىلمايتتى. ئۇ چاغلاردا موڭغۇللار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار بۇددا دىنىنىڭ زونكاۋا مەزھىپىنى، يەنى لامائىزمنى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئالتانخان دەۋرىدە تولۇق ئۆزلەشتۈردى. بۇ دىن ئەسلىدە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان زامانىدا موڭغۇللار ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى.

پىروفېسسور ۋ.كوتۋىچ موڭغۇل خەلقىنى تۇرلەرگە ئايرىپ، مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «موڭغۇل» دېگەن نام تەخمىنەن 10 ـ ئە-

سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوللىنىلىشقا باشلىغان.[1] بۇ نام دەسلەپ-
تە سەددىچىن سېپىلىدىن بايقالغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان
بىر قىسىم خەلقنىڭ نامى ئىدى. جۇڭگونىڭ چېگراسى بولغان
سەددىچىن سېپىلىگە يانداش جايلاردا ياشىغان موڭغۇللارنىڭ جە-
نۇبىي بۆلىكىنى جۇڭگولۇقلار «ئاق تاتار» دەپ ئاتىغان. بۇلار يەنە
«ئونغۇت» دەپمۇ ئاتىلاتتى. جەنۇبىي موڭغۇللارغا جۇڭگوچە مەرد-
پەت كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ تۇراتتى. جۇڭگولۇقلار شىمال-
دىكى موڭغۇللارنى جەنۇبتىكى مەدەنىيەتلىك موڭغۇللاردىن پەرق-
لەندۈرۈپ، «قارا تاتار» ياكى «ئورمان تاتارلىرى» دەپ ئاتىغان.

بۇ خەلق نەدىن، قانداق پەيدا بولغان؟ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئىك-
كىنچى يېرىمىدا دالاي نۇر ۋە بۇيىر نۇر كۆللىرىنىڭ ئەتراپلى-
رىدا موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بولغان تاتارلار كۆچمەنلىك قىلات-
تى. ئۇلارنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تۇغلا دەرياسى بويلىرىدا «كېرە-
يىت» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ياشايتتى. ئۇلارنىڭ غەربىدىكى ئال-
تاي تاغلىرىدا «نايمان» قەبىلىسى ياشايتتى. تاتار، كېرەيىت ۋە
نايمانلارنىڭ شىمالىدىكى ئونون دەريا ۋادىسىدا ئۆزلىرىنى «موڭ-
غۇل» دەپ ئاتايدىغان قەبىلە ياشايتتى. موڭغۇللارنىڭ غەربىدىكى
ھانگاي تاغلىرى ۋە بايقال كۆلىگە يېقىن يەرلەردە مەركىتلەر يا-
شايتتى. تابان ئۇلا، سايان تاغلىرى ۋە بايقال كۆلىنىڭ ئارىلىقى-
دىكى يەرلەردە «ئويرات» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە ياشايتتى. جۇڭ-
غارىيەدە موڭغۇللارغا قانداش بولغان تۈركىي خەلقلەردىن ئۇي-
غۇرلار ماكانلاشقانىدى. ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ۋە يېزىق ئۆزلەش-
تۈرگەن خەلق ئىدى، لېكىن ئۇلار مەدەنىيەتنى جۇڭگودىن ئە-
مەس، بەلكى غەربتىن قوبۇل قىلغان.

تارىم، جۇڭغارىيە ۋە يەتتە سۇ دىيارىنىڭ كۆپ قىسمى،

① بۇ نام كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنتۇلۇپ كېتىپ، چىڭگىزخان دەۋرىدە يەنە ئەس-
لىگە كەلگەن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا بالقاش كۆلى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە تۈركىي قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان كەڭ زېمىندە «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان دۆلەت بار ئىدى. قارا خىتايلار 12 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا غەربكە كۆچكەن بولۇپ، ئەسلىدە موڭغۇل ئىرقىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

پولكوۋنىك رەنكىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ دالا خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى «جەڭگىۋار چەۋەندازلار ۋە لەشكەرلەر»دىن ئىبارەت ئىدى. «خۇددى ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى كىشىلەر دېڭىزچى بولمىسا بولمىغاندەك، تۈركىي ـ موڭغۇللارمۇ چەۋەنداز بولمىسا بولمايتتى. يايلاقلارنىڭ نامراتلىقى ۋە كەڭلىكى كىشىلەرنى چارۋا ماللىرى بىلەن يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇلارنىڭ لەشكەر بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ياخشى يايلاقلار ئاز بولغاچقا، ئەڭ كۈچلۈكلەرگە تەئەللۇق بولاتتى.

دېھقانچىلىق ئىشلىرى كىشىلەرنىڭ تىنچلىقپەرۋەر خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەكسىچە، چارۋىچىلىق ۋە بولۇپمۇ ئوۋچىلىق ئىشلىرى ئۇرۇشقاقلىق روھىنى يېتىلدۈرىدۇ. موڭغۇللارنىڭ تاپقۇرلۇقى، چىدامچانلىقى، ئەپچىللىكى ۋە باتۇرلۇقى — ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشتىن ئىبارەت ئاساسلىق كەسپىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن.

ئايرىم شەخسلەرمۇ ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن جامائەتمۇ پەقەت ئۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدۇ. لەشكەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سېپىللار بىلەن قورشالغان شەھەرلىرى يوق، ئەمما دائىم كۆچۈپ يۈرىدىغان جەڭگىۋار قوشۇنلىرى بار. داڭقى چىققان بىرەر تۇغىنىڭ ئەتراپىغا ئۆزلۈكىدىن ئۇيۇشۇپ قالغان بۇنداق قوشۇنلار ۋاقىتلىق دۆلەت تۈزۈلمىلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىمۇ، مۇقىم ماكانىمۇ يوق، لېكىن ئۇلارنىڭ

داھىيسى ۋە توغى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ يەنە ھەقىقىي جەڭگىۋار سەپداش بولالايدىغان ئاتلىرى بار. ئۇلار ئات ئۈستىدە ياشاپ، ئات ئۈستىدە ئۆلىدۇ. ئۇلار تەڭداشسىز ۋە ئۈستۈنلۈكنى قولدىن بەرمەيدىغان لەشكەرلەردىنلا تەشكىل تاپقان ئىرق».[1]

چىڭگىزخاندىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىققان بۇ ئىرق شىمالىي كەڭلىكنىڭ تەخمىنەن 50 ـ ۋە 35 ـ پاراللېللىرى ئارىلىقىدىكى لياۋدۇڭ قولتۇقىدىن دونايغىچە بولغان يەرلەرگە تارقالغانىدى. ئۇلار بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك دۆلەتلىرىنى قۇرغان، لېكىن بۇ دۆلەتلەر كېيىن يەنە بۆلۈنۈپ، تارقىلىپ كەتكەن. ئەنە شۇنداق دۆلەتلەردىن بىرى 1125 ـ يىلى ئەڭ شەرقىي چەكتە قۇرۇلغان قۇدرەتلىك جىن دۆلىتى («ئالتۇن خانلىق») ئىدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرالىرى بەزىدە كۆك دەرياغىچە (چاڭجياڭ دەرياسىغىچە) يېتىپ باراتتى. بۇ دۆلەت تەبىئىي ھالدا جۇڭگو مەدەنىيىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن.

جىن دۆلىتىنىڭ تارىخىدىن بىز موڭغۇللار توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز. لېكىن چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ياتىدىغان بۇ مەلۇماتلار رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇلارنى كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي، جۇڭگو ۋە موڭغۇل مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ساقلىنىپ قالغان تۈرلۈك مەنبەلەردىكى چىڭگىزخانىنىڭ تەرجىمىھالىدا نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك بايانلار ئۇچرايدۇ. چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ تولۇق تارىخىي چىنلىقى ئۇنىڭ 1206 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايدا ئىمپېراتور بولۇپ سايلانغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ.

گەرچە چىڭگىزخاندىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بىر مۇنچە تەپسىلاتلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، يەنىلا

[1] رەنك، 4 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

شۇ دەۋرنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، شۇنداق بىر مەلۇمات ئېنىقكى، جىن دۆلىتى قۇ-رۇلغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى ئۈرۈشقاق كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرغان. بۇ جەھەتتە جىن ھۆكۈمدارلىرى ماھىرانە جۇڭگو سىياسىتىنىڭ ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن بىر-دىنبىر ئىشەنچلىك ئۇسۇلىنى قوللانغان: بىر قەبىلە يەنە بىر قە-بىلىگە كۈشكۈرتۈپ قويۇلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ھەرقايسى قەبى-لىلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بېسقتۇرۇلاتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر-لىشىۋېلىش ئىمكانىيىتى يوققا چىقىرىلاتتى.

بۇ سىياسەت شىمالدىكى گوبى چۆللىرىدىن ۋە تاغلاردىن كېلىدىغان كۆچمەنلەرگە قارشى قۇرۇلغان سەددىچىن سېپىلى-دىنمۇ ئىشەنچلىك بولۇپ چىقتى.

12 - ئەسىردە جىن ھۆكۈمدارلىرى ئەنە شۇ سىياسەت بو-يىچە ئىش تۇتۇپ، تاتارلارنى موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندۇردى. قا-بۇل قاغان دەۋرىدە قۇدرەت تېپىپ، قارا تاتار دەپ ئاتالغان موڭ-غۇللار مەغلۇپ بولدى.

لېكىن، موڭغۇللار ئىچىدىن چىڭگىزخان چىققان مەزگىلدە تاتارلار جىن دۆلىتى ئۈچۈن خەۋپ بولۇپ قالدى. شۇڭا، جىن ھۆكۈمدارلىرى تاتارلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن موڭغۇللارغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىشكە باشلىدى.

ئەنە شۇنداق سىياسىي ۋەزىيەتتە ئۆز قەبىلىسىنىڭ قىممە-تىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن باشلاپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىدىكى تەسىر دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتكەن شەخس تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولدى.

## ئىككىنچى باب

# تېمۇچىن

كونا دۇنيا خەرىتىسىگە قارايدىغان بولساق شۇنى كۆرىمىز -كى، شەرقتىكى جۇڭگو - ھىندىستان ۋە غەربتىكى گىرېك -رىم مەدەنىيەتلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدا بۇ ئىككى قۇتۇپنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇن لېنتىغا ئوخشاش تۈركىي - موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ زېمىنلىرى كەڭ يېيىلغان.

ئاشۇ خەلقلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇلىدىغانلا بولسا، بۇ دۆلەت مەدەنىيەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىچى بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، موڭغۇل ئىرقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بۈيۈك شەخس جەزمەن مۇنداق ئىككى مەقسەتنى كۆزلەيدۇ: بىرىنچىدىن، لياۋ دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەردىن تارتىپ دوناي تۈزلەڭلىكىدىكى ماجارلارغىچە بولغان بارلىق خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنى ئۆزئارا باغلاپ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان سودا يوللىرىنى ئېچىش ۋە قوغداش.

بۈيۈك ئالېكساندىر شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، ئاتتىلامۇ شۇ پىلاننى تۈزگەن، بەلكىم بوناپارتنىڭ پىلانلىرىمۇ شۇنداق بولسا كېرەك، 18 -، 19 - ئەسىرلەردىكى رۇس ھۆكۈمرانلىرىمۇ شۇ خىل مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ ئالەمشۇمۇل مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخانغا نېسىپ بولدى.

تېمۇچىن — كەلگۈسىدىكى چىڭگىزخان 1155 ـ يىلى ئىككىنچى ئايدا ئونون دەرياسى بويىدىكى هازىرغا قەدەر دېلىگۈن بولدۇق، دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى يەسۈكەي باتۇرنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئوخشاشمايدۇ. ئوخشاش بولغىنى شۇكى، ئۇ ئاقسۆڭەكلەر نەسەبىدىن بولۇپ، ئۆز خەلقى ئىچىدە داڭلىق باتۇر دەپ تونۇلغان يايلاق ئېسىلزادىسى ئىدى.

رەشىددىن ۋە سانان سەچەننىڭ بايانلىرىدىن قارىغاندا، يەسۈكەي باتۇر ئۆزىنىڭ سەپداشلىرى ۋە تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ئۆز ئۇرۇقى قىيوت بورجىگىن ۋە ئاساسلىق تۇغقان نىرۇن ئۇرۇقلىرىنىڭ رەھبىرى قىلىپ سايلانغان. ئۇنىڭ ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئاتىسى بارتان باتۇر ئىدى. بارتان باتۇر بولسا مەشھۇر قابۇل خاننىڭ ئوغلى ئىدى. چىڭگىزخان ئۇرۇقىنىڭ ئون ئىككى ئەۋلادتىكى تۇنجى ئاتىسى كۆك بۆرە بولۇپ، ئۇ گۈزەل مارالغا ئۆيلەنگەن دەپ ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئۆز نەسەبنامىسىنى يەتتە ئەۋلادقىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىغىچە بىلىش ئادىتى هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە شۇنداق بولىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە. موڭغۇللار بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۆز ئۇرۇقى ۋە قەبىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئاڭلاپ ئۆسىدۇ. يەسۈكەي باتۇر قورقماس ئەزىمەت بولۇپ، باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ تاتارلار بىلەن، شۇنداقلا جىن قوشۇنلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قىلغان. ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىسمى پۈتۈن موڭغۇلدىيەدە هۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولغان.

ئائىلىنىڭ تۇنجى پەرزەنتى بولغان تېمۇچىننىڭ تۇغۇلۇشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى بىلەن باشلانغان. بۇ ھەقتە موڭغۇل ـ خەنزۇ يىلنامىسى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەسۇكەي باتۇر تاتار قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلدى. شۇ يۈرۈشتە تاتارلارنىڭ رەھبىرى تېمۇچىن ئەسىرگە ئېلىندى. دەل شۇ چاغدا يەسۇكەي باتۇرنىڭ چوڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى. بوۋاق خۇددى قىزىل تاشقا ئوخشاش ئۇيۇپ قالغان قاننى چىڭ سىقىپ تۇتقانىدى. بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە توغرا كەلگەن بۇ غەلىبىسىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەسىرگە ئېلىنغان تېمۇچىننىڭ ئىسمى قويۇلدى».

تېمۇچىن توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ئوغلىغا لايىق تېپىش ئۈچۈن يىراقتىكى بىر ئۇرۇقنىڭ يېرىگە سەپەر قىلدى (يېقىن تۇغقانلار بىلەن نىكاھلانماسلىق ئۈچۈن.) يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلار يەنە بىر قەبىلە ئاقساقىلى داي سەچەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. داي سەچەن ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆز قىزى گۈزەل بۆرتەنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن مېھمانغا تەكلىپ قىلدى.

ئىككى ئاتا ھەر ئىككى پەرزەنتىنى ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە ئادەت بويىچە ئۆزئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بالىلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن (14 ــ 17 ياش) توي قىلىشقا پۈتۈشتى.

يەسۇكەي باتۇر قايتىپ كېتىۋاتقاندا تاتارلار ئۇنى ئالداپ ئۆز تۇرالغۇسىغا تەكلىپ قىلىشتى ۋە زىياپەتتە ئېشىغا زەھەر سېلىپ قويدى. زەھەر شۇ ھامان تەسىر كۆرسەتمىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆلدى. تېمۇچىن توققۇز يېشىدا ئانىسى ۋە ئىككى ئىنىسى بىلەن يېتىم قالدى. يەسۇكەي باتۇرنىڭ ۋارىسى كىچىك بولغانلىقتىن، ئەل ـ يۇرت تېمۇچىننى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلاپ كۆچۈپ كەتتى.

تاشلىۋېتىلگەن ئائىلە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. چارۋا ماللارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئاسىي پۇقرالار ئېلىپ كېتىشكەندى. تېمۇچىن ئىنىلىرى بىلەن ئوۋچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى باقتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا گۆش يېمەي، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن جان بېقىشقا مەجبۇر بولدى. گۆش يېمەسلىك موڭغۇللاردا ئەڭ زور يوقسۇللۇق ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىق شارائىتىدا كەلگۈسىدىكى سەردار ۋە بۈيۈك جاھانگىرنىڭ خاراكتېرى پىشىپ يېتىلدى.

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا ئېيتىلىشىچە، تېمۇچىننىڭ ئانىسى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ھېكايەتلەرنى بىلەتتى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىنكى دەرد ــ ئەلەملەر ئۇنىڭ روھىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇ چۈشەندىكى، ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ۋە يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىغا ماس ھالدىكى تەربىيەلىنىشكە باغلىق ئىدى. ئۇ بالىلىرىنى قەھرىمانلىق داستانلىرى روھىدا تەربىيەلىدى، ئۇلارغا موڭغۇل خانلىرىنىڭ يېقىنقى تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ تۇنجى ئوغلى تېمۇچىنغا ھازىرقى قىيىنچىلىقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ بۇرۇنقى شان ــ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىنى، ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئاسىيلىق قىلىپ يۈز ئۆرۈگەن تايچىئۇت ئۇرۇقىنى جازالاش ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تاتارلاردىن ئۆچ ئېلىشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتى.

تېمۇچىن قەيسەر ۋە ئىقتىدارلىق يىگىت بولغان چېغىدا ئانىسىنىڭ شۇ نەسىھەتلىرى ئاللىقاچان ئۇنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. دۈشمەنلەر ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە تارتقان دەرد ــ ئەلەملىرى ئۈچۈن قىساس ئالىدىغان باتۇر بولۇپ چىقىشىدىن

ئەنسىرەيتتى. دەرۋەقە، تېمۇچىن ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولۇۋاتقان كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ 40 مىڭ تۈتۈنگە ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى ۋە كېرەيىتلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر ھايات تۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك داھىيسى توغرۇل خان بىلەن جاندوست بولۇشۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايتتى.

تايچىئۇتلار ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بۇ خەتەرلىك رەقىبىنى ۋاقتىدا كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، دېگەن قارارغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ رەھبىرى تورغۇلتايمۇ بورجىگىن ئۇرۇقىدىن ئىدى. ئۇ ئىلگىرى يەسۈكەينىڭ ئىلكىدە بولغان يەرلەرنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ۋە تېمۇچىننى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى.

تايچىئۇتلارنىڭ بىر توپ قوراللىق ئادىمى تېمۇچىننىڭ تۇرالغۇسىغا ئۇشتۇمتۇت باستۇرۇپ كىردى. تېمۇچىن ئەسىرگە ئېلىندى. ئۇنىڭ بوينى ۋە ئىككى قولىغا ئېغىر تاقاق سېلىندى. يېرىم كېچىدە ئۇ قاراۋۇلنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى ۋە ئونون دەرياسىغا چۈشۈپ يوشۇرۇندى. تايچىئۇتلار ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. قوغلىغۇچىلاردىن سورغان شىرە ئىسىملىك بىرى باشقىلاردىن ئارقىدا قېلىپ، تېمۇچىننىڭ دەريادىكى قومۇشلار ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغان بېشىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن مانا مۇشۇنداق چەبدەس بولغانلىقىڭ ئۈچۈن تايچىئۇتلار سېنى ئۆچ كۆرىدۇ ۋە سەندىن قورقىدۇ. ئۇلار سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن ئوت، يۈزلىرىڭدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرغىن، مەن بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن». قوغلاشقا چىققان تايچىئۇتلار جىمىققاندىن كېيىن، بۇ رەھىمدىل ئادەم تاقاقنى سۇندۇرۇپ تېمۇچىننى قويۇۋەتتى.

بىر كۈنى ئوغرىلار تېمۇچىن ئائىلىسىنىڭ بارى ـ يوق سەككىز تۇياق ئېتىنى ئوغرىلاپ كېتىشتى. تېمۇچىن ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كەينىدىن قوغلىدى ۋە يولدا ياش بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ يىگىت ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئىككىيلەن ئوغرىلانغان ئاتلارنى قايتۇرۇپ كەلدى. قايتىش يولدا تېمۇچىن بۇ يېڭى تونۇشقان دوستىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ناگۇ بايانغا ئوغلىنىڭ ياردىمى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ناگۇ بايان مۇنداق دېدى: «سىلەر ھەر ئىككىڭلار ياش، بۇنىڭدىن كېيىن دوست بولۇپ ئۆتۈڭلار، بىر – بىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار». تېمۇچىن بوۋاينىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلدى. بوگۇرچى ئىسىملىك بۇ يىگىت كېيىن چىڭگىزخاننىڭ سادىق سەپدىشى ۋە دەسلەپكى سانغۇنلىرىدىن بولۇپ قالدى. تېمۇچىن كىشىلەرنىڭ ساداقىتى ۋە دوستلۇقىنى ئەنە شۇنداق قەدىرلەيتتى. ئومۇمەن، ئۇنىڭ چىقىشقاقلىقىنىڭ كېيىنكى چوڭ ئىشلاردا كۆپ پايدىسى بولدى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ۋەقەلەر تېمۇچىننىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى قاراقچىلاردىن، ئۆزىنى خورلۇقتىن قوغداشقا قادىر ئەر بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى خارلانغان يېتىم ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بايلىقى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىنىلىرى — مەرگەن قاسار ۋە پالۋان بەلگۇتاي، شۇنداقلا يېڭى دوستى بوگۇرچىلەر بار ئىدى.

تېمۇچىن ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان يىگىت بولۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى چىدامچانلىقتا ئىپادىلىنەتتى. ئۇ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈتۈش، چىداش ۋە توختىماي ئىزدىنىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى چۈس ئىدى، لېكىن ئۆزىگە سادىق ئادەملەرگە قوپاللىق قىلمايتتى. ئۇ كۆپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرمەيتتى، سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئالدى بىلەن ئوبدان ئويلىنىۋېلىپ سۆز-

لەيتتى.

خارولد لېم تېمۇچىن ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «تېمۇچىن ۋە ئۇنىڭغا سادىق ئەزىمەتلەر چاكىنا ئادەملەر ئەمەس ئىدى. تېمۇچىن ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆزىگە ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق ۋە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ھىيلە بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەندى، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز يېقىنلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالمايتتى. «ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى رەزىللىكتىن ئىبارەت» دېگەننى ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا».

يۇقىرىقى باھالارغا يەنە شۇنى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇكى، تېمۇچىن كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ھەۋىسى ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىنىلىرى ۋە سەپداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دائىم ئوۋغا چىقىپ تۇراتتى. بۇ ھەۋەس ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يوقالمىدى. ئۇلجىنى بۆلۈشكەندە ئۇ ناھايىتى ئادىللىق بىلەن ئىش تۇتاتتى ۋە باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈچىنچى باب

# تېمۇچىننىڭ ئۆيلىنىشى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى

تېمۇچىن شۇ تەرىقىدە جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە يې-تىلگەندىن كېيىن ئۆيلىنىشنى قارار قىلدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا بولغان ئۆزگىرىشكە قارىماي، ئىنىسىنى باشلاپ ئاتىسى يەسۈكەي باتۇر پۈتۈشۈپ قويغان لايىقى بۆرتەنى ئالغىلى باردى. دەرۋەقە، نىكاھ ئوقۇلدى. ياش كېلىن تويلۇق سوۋغات سۈپىتىدە ئېرىگە بىر قارا قۇندۇز جۇۋىنى تەقدىم قىلدى. نامرات تېمۇچىنگە بۇ سوۋغات چوڭ باي-لىقتەك تۇيۇلدى.

ئۇ بۇ ئىشنى ئاتىسىنىڭ ئاتاق قېرىندىشى (ئاندا) توغرۇل خان بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتى دەپ بىل-دى. تېمۇچىن ئىنىلىرىنى باشلاپ تۇغلا دەريا ۋادىسىدىكى كېرە-يىتلەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئاشۇ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارىنىڭ تۇرال-غۇسىغا باردى ھەمدە توغرۇل خاننىڭ ئۆزىنى «ئوغلۇم» دەپ ئا-تىشىنى ئۆتۈندى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالى ئۆزىگە سوۋغا قىلغان ھېلىقى قۇندۇز جۇۋىنى ئۇنىڭغا بەردى.

توغرۇل خان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، تېمۇچىننى «ئاتاق ئوغ-لۇم» دەپ ئاتىدى ۋە ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولىدىغان-لىقىنى بىلدۈردى. تېمۇچىن ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى ھامىيسىنىڭ يار-دىمى بىلەن چېچىلىپ كەتكەن ئۇرۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى قاي-

تىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئانچە چوڭ بول-مىغان بىر تائىپىنىڭ رەھبىرى بولدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى تېمۇچىن ئۆيلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ-نىڭ تۇرالغۇسىغا شىمالدىكى مەركىت قەبىلىسىنىڭ ئۈچ ئۇرۇقى باستۇرۇپ كەلدى. بۇ شۇنداق بىر تۇيۇقسىز ھۇجۇم بولدىكى، تېمۇچىن ئاران قېچىپ قۇتۇلالىدى، بىراق بۆرتە ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ ئاتاق ئاتىسىنىڭ ياردى-مى بىلەن ئايالىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئۇ تۇنجى ئوغلى جۇچى-نىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغانلىقىغا ئىشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئايالى بۆرتەگە بولغان چىن مۇھەببىتى ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمىدى. ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن بولغان بالىلىرىمۇ بار ئىدى، بىراق بۆرتەدىن تۇغۇلغان بالىلىرى باشتىن ـ ئاياغ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك، جىن دۆلىتى كۆچمەن قوشنىلى-رىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت ۋە بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا تىرىشاتتى. ئەينى دەۋردە جىن خاقانى شىمالدىكى بىر چاغلاردا قۇدرەتلىك بولغان تاتارلار-نىڭ يۇقىرىقىدەك سىياسەت نەتىجىسىدە خېلى ئاجىزلاشقانلىقى-نى كۆرۈپ، ئەمدى ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشقا بەل باغ-لىدى. شۇ مەقسەت بىلەن ئۇ توغرۇل خاننى تاتارلار بىلەن بولى-دىغان ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. توغرۇل خان تاتار قوشۇنىغا ياندىن، جىن قىسىملىرى ئۇدۇلدىن تېگىش قىلىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

تېمۇچىن: ئەمدى ئاتامنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن تاتارلاردىن قى-ساس ئېلىش پۇرسىتى كەلدى دەپ، توغرۇل خاننى جىن خاقانى-نىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈردى ۋە ئۆزىمۇ بۇ كېرە-يىت رەھبىرىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتىدە ئۇرۇشقا قاتناشتى.

تاتارلار جىن ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىنىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، پۇقرالىرى مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قىلىنىپ، موڭغۇل قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاتارلار موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى ۋە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇ خان قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە رۇسىيەگىچە باردى. «تاتارلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى»، «تاتار ھۆكۈمرانلىقى» دېگەن گەپلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

توغرۇل خان بىلەن تېمۇچىن جىن قوشۇنلىرىنىڭ تاتارلارغا قارشى يۈرۈشىدە ياردەمدە بولغانلىقى ئۈچۈن پەخرىي ناملارغا ئىگە بولدى: بىرىنچىسى «ۋاڭ خان»، ئىككىنچىسى «چېگرادىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ھەراۋۇل» دېگەن مەنىدىكى «جاۋخۇرى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى. بۇ جەھەتتە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تېمۇچىننىڭ ئۇرۇقى بۇرۇندىن تارتىپ جىن خاقانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاتاقتا قوبۇل قىلىپ كەلگەنىدى. تېمۇچىن يىراقنى كۆرەر سىياسەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتى كەلگۈچە بۇنداق مەھكۇملۇققا رازى بولۇپ تۇردى. ھەرھالدا، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇ مۇنداق ئىككى خىل مەقسەتكە يەتتى: ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىرى ئالدىدا خىزمەت كۆرسەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدىن قۇتۇلدى.

تاتارلارغا قارشى يۈرۈشتە تېمۇچىن كۆپلىگەن قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن تونۇشتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ قەبىلىدىشى ۋە بالىلىق دەۋرىدىكى دوستى جامۇقا بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتى. ئىككىيلەن بالىلىق چاغلىرىدىلا ئاتاق قېرىنداش بولۇشقانىدى. جامۇقا ئەقىللىق، جانلىق ئادەم بولۇپ، ئۆز قەبىلىداشلىرى ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئاشۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا ئۇلار قايتىدىن دوستلاشتى ۋە بىر يەردە ياشاشقا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇدا بىر يېرىم يىلغىچە

بىللە بولدى.

ئۆزىنىڭ دوستى ۋە موڭغۇللارنىڭ باشقا ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا كەلگۈسىدىكى چىڭگىزخانىڭ دۇنيا قاراشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلىشىپ قالدى. جامۇخا ئاددىي موڭغۇل خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، دېموكراتىك ئىدىيەلەرگە بارغانسېرى بېرىلمەكتە ئىدى. تېمۇچىن بولسا ئاقسۆڭەكلىك دۇنيا قارىشىدا چىڭ تۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىققا، موڭغۇللار ئىچىدىكى ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلەتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇ خەلق ئىچىدىكى ئەڭ ياراملىق كىشىلەرنى باشلاپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەيتتى.[1]

ئۇنىڭ بۇ خىل ھەۋىسى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بۇرۇندىنلا يوشۇرۇن ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنى ئېيتىش لازىمكى، تېمۇچىن دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ئادەم ئىدى، ئۇ «مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى»نىڭ ئىرادىسىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ بىلەتتى. بۇنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسىدا، يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئۇ تايچىئۇتلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغانىدى، ئىككىنچى قېتىمقىسىدا، مەركىتلەر ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ كەتكەندە ئۇ ئۆزى قۇتۇلۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ بۇرخان - خالدۇن تېغىغا قېچىپ چىقىپ، چاتقاللىقتا مۆكۈۋالغاندا ئۈچ

① بۇ پىكىر دەسلەپتە پروفېسسور بارتولد تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، كېيىن پروفېسسور ۋىلادىمىرسوف تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاتاقلىق ساياھەتچى گ.گرۇم - گرژىمايلو پروفېسسور بارتولدنىڭ بۇ پىكرىگە رەددىيە بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي موڭغۇلىيە ۋە ئۇرەنخاي دىيارى» ناملىق ئەسىرىدە جامۇقامۇ ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ، يايلاقتىكى ھۆكۈمرانلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، دەيدۇ.

يۈز چەۋەنداز ئۇنى قوغلاپ تاپالمىغانىدى. خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تېمۇچىن ئامان قالغانلىقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك كۆك تەڭ-رىگە توققۇز قېتىم سەجدە قىلغان ۋە بۇ قۇتقۇزغۇچى تاغ-نى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك جايى بولسۇن دەپ ۋەسىيەت قىلغاند-ى. بۇ ۋەسىيەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئادا قىلىندى.

ئۇنىڭدىن باشقا، موڭغۇللارنىڭ شان - شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان داھىينىڭ پات ئارىدا پەيدا بولىدىغانلىقى توغرى-سىدىكى ئەپسانىلەرمۇ خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، كەلگۈسى-دىكى چىڭگىزخاننىڭ دۇنيا قاراشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچ-لۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ ھەقتىكى پاراڭلار، ئەلۋەتتە، تېمۇچىنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەن ۋە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشەنچىسىنى كۈچەيتكەن. كەلگۈسى-دىكى ئاتاقلىق سەركەردە مۇقالى بۇ ھەقتە تېمۇچىنگە مۇنداق دېگەنىدى: «تاتارلار مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن مانا مۇشۇ دەرەخ تۈۋىدە جامۇخا ئىككىڭلار تەن-تەنە قىلىشقانىدىڭلار. موڭغۇللارنىڭ ئاخىرقى خانى قوتۇلامۇ مۇشۇ يەردە كۆڭۈل ئاچقانىدى. شۇندىن كېيىن موڭغۇللار تا-تارلارنىڭ زەربىسى ئاستىدا ۋەيران بولغانىدى. لېكىن، مەڭگۈ-لۈك كۆك تەڭرى ئۆزى ئەزىز قىلغان موڭغۇل ئۇرۇقىنى تاشلاپ قويمايدۇ. موڭغۇل ئۇرۇقىدىن يەنە شۇنداق بىر باتۇر چىقىدۇكى، ئۇ بارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى يىغىپ بىرلىككە كەلتۈرىدۇ ۋە قۇدرەتلىك خان بولۇپ ھەممە دۈشمەنلەرنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ. ئەنە شۇ خان — تېمۇچىن. مەن، مۇقالى مەڭگۈلۈك تەڭرىنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆزلەر ھەممە يەردە تارقىلىپ يۈرىدۇ، پېشقەدەملەرمۇ شۇنداق دېيىشمەكتە. ھەممە ئادەم، مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرىنىڭ مەدەتى بىلەن تېمۇچىن خان بولۇپ، ئۆز ئۇرۇقىنى يۈكسەلدۈرى-

دۇ، دېيىشمەكتە. ئاتلىنىپ دۇنيانى بويسۇندۇر!»

بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر تېمۇچىننىڭ كۆڭلىگە باب كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن موڭغۇل خەلقىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى دەخلىسىز يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغان شەخس، دەپ ئىشىنەتتى. دېمەك، موڭغۇل جەمئىيىتىدە بىر دانىشمەن داھىي ۋە سەركەردىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززا قىلىدىغان شارائىت پىشىپ يېتىلگەنىدى. ھەممە ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ شەجەرىسى دېگۈدەك شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، مەسىلەن، فىرانسىيە ئىنقىلابى ناپولېئوننى مەيدانغا چىقاردى. خەلقنىڭ ئارزۇسىنى باشقىلاردىن بۇرۇنراق چۈشىنىپ يەتكەن دانىشمەن، مىللەتنى تەشكىللەپ ۋە يېتەكلەپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. دانىشمەن داھىينىڭ بارلىققا كېلىشى —— ھامان مىللەتنىڭ غايەت زور مەنىۋى ياكى جىسمانىي ئېنېرگىيەسى جۇغلانغان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ 13 ـ ئەسىردىكى تارىخىدا دانىشمەن چىڭگىزخاننىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ مىسالى.

تېمۇچىننىڭ ئوي ـ پىكرى شۇنداق بولغاچقا، دېموكراتىك ئىدىيەلەرگە يېپىشىۋالىدىغان جامۇقا بىلەن ئاخىر چىقىشالماي قالدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«تېمۇچىن بىلەن جامۇقا يايلاق ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆچۈشكە تەرەددۇت قىلىشتى. يېڭى تۇرالغۇ ئۈچۈن ئورۇن تاللاشتا جامۇقا تېمۇچىنگە مۇنداق دېدى: ‹ھازىر بىز تاغ باغرىدا توختىساق، ئات باقىدىغانلار ئالچىقلىرىمىزغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئېقىن بويىدا توختىساق، قوي، ئۆچكە باقىدىغانلار ئۆزلىرىگە ئوزۇق تاپىدۇ.›[1] تېمۇچىن ئورۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بۇ سۆز-

① بۇ نەقىل «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ نەقىلنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مۇنداق: «تاغ باغرىغا چۈشەيلى! بۇ جايدا ئالچىق تىكىپ يىلقا باقساق بەلەن بولۇر. سۇ بويىغا چۈشەيلى! بۇ جايدا ئېسىل ئوت ـ چۆپلەر تېپىپ يەر قوي ـ قوزىلار» (تەرجىماندىن).

www.uyghurkitap.com

لەرنى مۇنداق چۈشەندى: جامۇقا «ئات باقىدىغانلار» دېيىشتە يىلقىسى بار بايلارنى ۋە ئومۇمەن يۇقىرى تەبىقىدىكى يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ؛ «قوي، ئۆچكە باقىدىغانلار» دېيىشتە ئاۋام خەلقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. جامۇقا ئۆزى جان ـ دىلى بىلەن ئاشۇ ئاۋام خەلقىنى قوللايدۇ.[2] تېمۇچىن جامۇقانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېقىن بويىدىكى تۇرالغۇدا بىللە تۇرماستىن، تاغ باغرىغا كۆچۈپ كەتتى.»

بۇ ۋەقە موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. نۇرغۇن بايلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ تېمۇچىنغا قوشۇلدى. ئۇلار گەرچە تېمۇچىندىن باي ۋە داڭدار بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى تېمۇچىنگە شەخسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ قوشۇلغان ئەمەس، بەلكى ئۇلار تېمۇچىندەك بەستلىك، كېلىشكەن پالۋاننى يايلاق شارائىتىدىكى رەھبەرلىككە ئەڭ مۇۋاپىق نامزات، دەپ ھېسابلىغان. كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا: «تۇرمۇشتىمۇ، جەڭلەردىمۇ مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى تېمۇچىننى قوللايدۇ» دېگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. ئۇ يەنە ناتىق ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئوت ياقالايتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، جامۇقا بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش تېمۇچىنگە ئاسان چۈشمىدى. ئۇنىڭ بۇ سابىق دوستى ئەمدى ئەشەددىي دۈشمەنگە ئايلانغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، جامۇقا ئەقىللىق ۋە پائالىيەتچان بولۇپلا قالماستىن، يەنە دىپلوماتىيە جەھەت-

---

① پىروفېسسور بارتولد شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ. ئەسلىدە چىڭگىزخان جامۇقانىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ يامان نىيىتى بار، دەپ گۇمانلانغان. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»غا قاراڭ (ۋ.كوتۇۋىچنىڭ ئىزاھاتى).

تىمۇ قابىلىيەتلىك بولۇپ، تېمۇچىنىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ، خەتەرلىك بىرلىكسەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. كېيىن ئۇ
ۋاڭ خانىمۇ تېمۇچىن بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنداق-
تىمۇ بۇ ئىككى ھۆكۈمدار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق يەنە
بىر مەزگىل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا تېمۇچىن غەربتىن ۋە
جەنۇبتىن كېلىدىغان ھۇجۇمدىن خالىي بولۇپ، دىققىتىنى
شەرقتىكى قوشنىلىرىغا مەركەزلەشتۈردى. بۇ قوشنىلاردىن تا-
تارلار بۇنىڭدىن بۇرۇن بويسۇندۇرۇلغانىدى، لېكىن يەنە بىر
كۈچلۈك دۈشمەن — تايچىئۇتلار تېخى بويسۇندۇرۇلمىغانىدى. بۇ
چاغدا تېمۇچىنىنىڭ قوشۇنىدىكى چەۋەندازلار 13 مىڭغا يەتكەنى-
دى. بۇلار 13 تۈتۈنگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر تۈتۈندە تەخمىنەن
مىڭ ئادەم بار ئىدى.

بۇ يەردىكى «تۈتۈن» دېگەن سۆز دائىرە، ھالقا دېگەن مەنىگە
توغرا كېلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە، ئايرىم قە-
بىلىلەر كۆچكەندە قونالغۇلاردا ھارۋىلىرىنى چەمبەر شەكلىدە
تىزىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھۆكۈمدارنىڭ چېدىرى تىكىلەتتى
ۋە ئۇنىڭ تۇغى تىكىلىنەتتى. بۇ ھازىرقى زاماندىكى كىچىك كۆ-
لەملىك ئۇرۇشلارنىڭ مۇداپىئە تاكتىكىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان
ئۇسۇل بولۇپ، ھەر تەرەپتىن قوغدىنىش ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمدا
رەھبەرنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-
لىشقا ئەپلىك. تېمۇچىنىنىڭ 13 تۈتۈنى ئۆزىگە قانداش ياكى بې-
قىندۇرۇلغان قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانىدى.

تايچىئۇتلار ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدى-
نى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىن قول سېلىشنى پىلانلىدى. ئۇلارنىڭ
رەھبىرى تورغۇتاي 30 تۈتۈن، يەنى 30 مىڭ چەۋەندازنى تەش-
كىللەپ، تېمۇچىن قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تايچىئۇت قو-
شۇنىدا تېمۇچىنىنىڭ بۇرۇنقى دوستى، ھازىرقى ئەشەددىي دۈش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ـمنى جامۇقامۇ بار ئىدى.

تېمۇچىن قوشۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ قالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قاراۋۇللىرى ئۇيۇقتا پەيدا بولغان دۈشمەننى دەل ۋاقتىدا بايقىدى. تېمۇچىن قوشۇنلىرى بىلەن تايچىئۇتلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ شۇ دەۋردىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ۋە تېمۇچىننىڭ جەڭ قىلىش سەنئىتىگە باھا بېرىش جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق. شۇڭا، بۇ جەڭ خ.لېمنىڭ كىتابىدا تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

تېمۇچىن قوشۇنلىرىنىڭ ئوڭ قانىتى ئاتلىقلار ئاسان ئۆتەلمەيدىغان ئورمانغا يېقىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سول قانىتى ھارۋىلار بىلەن قورشالغان چەمبەرسىمان كەڭ دائىرە ھاسىل قىلدى. بۇ چەمبەرسىمان دائىرىنىڭ مۇداپىئەسى لەشكەرلەرگە ئەمەس، بەلكى ئوقيا بىلەن قوراللانغان باللار ۋە ئاياللارغا تاپشۇرۇلدى. چەمبەرسىمان دائىرىگە جەڭدە ئىشلىتىلمەيدىغان نەرسىلەر، يەنى مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋا ماللار جۇغلانغانىدى. سان جەھەتتە تېمۇچىن قوشۇنىدىن تەخمىنەن ئىككى يېرىم ھەسسە ئارتۇق بولغان تايچىئۇتلار بىرنەچچە لىنىيەگە بۆلۈنۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالدىنقى ئىككى لىنىيەدىكى ئادەملەر ۋە ئاتلار ئېغىر مۇداپىئە قوراللىرى بىلەن قوراللاندى. ئۇلار تېمۇچىن قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يېقىن كېلىپ، ئۇچار نەيزە ۋە ئوقيا ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر قوراللانغان قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىگە يول ئاچقۇچى بولۇشتى.

تېمۇچىننىڭ لەشكەرلىرىمۇ قارشى تەرەپتىكىلەرگە ئوخشاش قوراللانغانىدى. ئۇلار ھۇجۇم قىلغۇچىلارغا ئوق يامغۇرى ياغدۇردى. تايچىئۇت چەۋەندازلىرى چېكىنىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئېغىر قوراللانغان قىسىملىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ چاغدا تېمۇچىنمۇ

ئۆزىنىڭ ئېغىر قوراللانغان قىسىملىرىنى تايچىئۇتلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. بۇ قىسىملارنىڭ ھەربىرى بىر تۇتۇندىن ئىبارەت بولۇپ (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر تۇتۇن مىڭ چەۋەنداز)، ئون قاتارغا تىزىلغانىدى. گەرچە تېمۇچىننىڭ ئاران 13 تۇتۇنى بولسىمۇ، تايچىئۇتلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى تارمار قىلدى. شۇندىن كېيىن تېمۇچىن دۈشمەن سەپلىرىنى بۆسۈپ ئۆتكەن قىسىملىرىنى يېنىك قوراللانغان تايچىئۇت چەۋەندازلىرىغا قارشى ئاتلاندۇردى. تېمۇچىننىڭ لەشكەرلىرى ئۆز داھىيسىنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايرىقىنىڭ كەينىدىن ئىلگىرىلەپ، كۆچمەنلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئەڭ دەھشەتلىك جەڭلەرنىڭ بىرىنى باشلىۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، قۇچاقلاشما جەڭگە چۈشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئوق ئېتىشتى، ئاندىن قىسقا ئەگرى قىلىچلىرىنى ئىشقا سېلىشتى، بىر ـ بىرلىرىنى سالما ۋە ئىلمەكلىك نەيزىلەر بىلەن تارتىپ ئات ئۈستىدىن يىقىتىشتى.

جەڭ كەچ كىرگۈچە داۋاملىشىپ، تېمۇچىننىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. دۈشمەننىڭ بەش ـ ئالتە مىڭ جەسىتى دالىدا قالدى، ئەسىرگە چۈشكەن سەركەردىلىرىلا 78 ئادەم بولدى، غالىب تېمۇچىن كەلگۈسىدىكى دۈشمەنلىرىگە ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن شۇ يەردىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭگىزخاننىڭ بوينى يارىلانغانىدى. ئۇ قان كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكتىن يېرىم كېچىگىچە ھوشسىز ياتقاندا، جەلمە يارا ئېغىزىدىكى قېتىپ قالغان قاننى شوراپ، دۈشمەن تۇرالغۇسىدىن تاپقان قېتىقنى ئىچكۈزۈپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. كېيىن خان ئۇنى تارتۇقلاپ قەدىرلىدى.

تايچىئۇتلار مەغلۇپ قىلىنىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، جاموقانىڭ قول ئاستىدىكى ئىسۇت ئۇرۇقىدىن بولغان جىرغۇتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئىسمىلىك بىر يىگىت تېمۇچىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى جەڭدە تېمۇچىننىڭ ئېتىنى ئېتىپ يىقىتقانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئاخىردا ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىڭىز ئالىقانچىلىك يەر قانغا بويىلار. شەپقەت قىلسىڭىز چوڭقۇر ئېقىن سۇلارنى توسۇپ قالىمەن، ئۇيۇل تاشلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىمەن». تېمۇچىن ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «دۈشمەنلەشكەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرگىنىنى يوشۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ. سەن قىلغان ـ ئەتكىنىڭنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېيتتىڭ. مېنىڭ سەپدىشىم بولغىن». تېمۇچىن يەنە ئۇنىڭ قىلمىشىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ئۇنى «جەبە» (ئوق) دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاشنى بۇيرۇدى. بۇ يىگىت كېيىن جەبە نويان دەپ ئاتىلىپ، ئون بېشىلىقتىن ئۆسۈپ، چىڭگىزخاننىڭ تالانتلىق سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى ۋە ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش جەڭلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. ئۇ موڭغۇللارنى باشلاپ، سەمەرقەنتتىن جەنۇبىي رۇس داللىرىغا يۈرۈش قىلغان ۋە 1223 ـ يىلى كالكا دەرياسى بويىدا رۇس كىنەزلىرىنى مەغلۇپ قىلغان داڭلىق ئىككى سانغۇننىڭ بىرى ئىدى.

بۇ ئىككى سانغۇننىڭ يەنە بىرى ئاتاقلىق سۇبۇتاي باتۇر ئىدى. ئۇمۇ تەخمىنەن جەبە نويان بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭگىزخانغا قوشۇلغان. سۇبۇتاي شىمالدىكى ئۇرانغاي قەبىلىسىدىن بولۇپ، جەبە نوياندەك قېنى قىزىق تەۋەككۈلچى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، تايچىئۇتلار ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەشتى. تېمۇچىننىڭ ۋاڭ خان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتەك دانا تەدبىرى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىغا زېمىن ھازىرلىدى.

ئەمدى ئۇ ئۆز كۈچىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك نىشانلارغا قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. تېمۇچىن ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە ئەنە شۇ نىشانلارنىڭ بىرى ئەمەلىيلەشتى. بۇ نىشان موڭغۇل تۈزلەڭلىكىدە ماكانلاشقان بارلىق قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك بىر پۈتۈنلۈكنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۆتىنچى باب

# تېمۇچىن بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن «چىڭگىزخان» دەپ ئېلان قىلىندى

تېمۇچىننىڭ ئۇرۇشلاردىكى غەلىبىلىرى ۋە كۆڭۈلدىكىدەك يايلاق ھۆكۈمدارى بولۇپ تونۇلغان شۆھرىتى نەتىجىسىدە ئۇنىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق بايرىقى ئاستىغا «ئەمدى كىشىلەر ئايرىم ئائىلىلەر بويىچە ئونلاپ ئەمەس، بەلكى يۈزلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆز ئوردىسىنى تەشكىل قىلدى. گەرچە ئۇنىڭ ئوردىسىدا مەھرەم ۋە مەسلىھەتچىلەر بولمىسىمۇ، جەڭگىۋارلىق روھىغا ئىگە ۋە ھەقىقىي سادىق ئادەملەر جەم بولغانىدى».[1]

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن تېمۇچىننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بولغاچقا، ھەممەيلەن كېڭىشىپ، ئۇنى «خان» دەپ ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاتاقلىقلىرىدىن بولغان ئالتان، قۇچار ۋە ساچا تېمۇچىنگە كېڭەشنىڭ قارارىنى تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن يەتكۈزدى:

«سېنى خان قىلىپ سايلايلى. سەن بىزگە خان بولغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر بېسىپ كەلسە بىز ئالدىنقى قىسىم بولۇپ ئاتلىنىپ، قولغا چۈشۈرگەن گۈزەل چوكان، قىزلارنى ساڭا سوۋغا قىلىمىز. ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا چىققاندا بىز ئالدىنغا چىقىپ قورشايمىز، تۇتۇلغان ھايۋانلارنى ساڭا سوۋغا

① لېم، 46 ـ بەت.

قىلمىز. ئۇرۇش ـ جەڭلەردە پەرمانىڭغا خىلاپلىق قىلساق ياكى
تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا سېنىڭ ئىشلىرىڭغا زىيان يەتكۈزسەك،
خوتۇنلىرىمىزنى ۋە مال ـ مۈلكىمىزنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىمىزنى
ئادەمزاتسىز چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋەت!»

«شۇنداق دەپ ئۇلار قەسەم بەردى، — دېيىلىدۇ موڭغۇللار-
نىڭ مەخپىي تارىخىدا، — ۋە تېمۇچىننى ‹خان› دەپ ئېلان قىد-
لىپ، ‹چىڭگىزخان› دەپ ئاتىدى».

يۇقىرىدىكى بېقىنىش سۆزلىرىدىن سايلىغۇچىلارنىڭ چۈ-
شەنچىسىدىكى ئىمپېراتور ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇ-
رىيەتنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەت ئۇلارنى غەلىبىلەر-
گە يېتەكلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، يايلاق كۆچمەنلىرى بۇ غەلىد-
بىلەردىن ھاياتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىگە، يەنى قارا كۆزلۈك سا-
ھىبجاماللارغا، يۈگۈرۈك ئارغىماقلارغا، چارۋا ماللارنى بېقىشقا
لايىق بولۇق ئوتلاقلارغا، ئوۋ قىلىشقا كېرەكلىك كەڭرى زېمىن-
لەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇنداق ھالاۋەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارغا
تېگىشلىك قىسمى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سەپداشلىرى-
غىمۇ يېتەرلىك ئۇلۇش قېلىشى كېرەك.

بىز «چىڭگىز» دېگەن نامنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك
چۈشەندۈرۈلۈشىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. غەربىي موڭغۇللار-
نىڭ، يەنى ئويرات ـ قالماقلارنىڭ تىلىدا بۇ سۆز «چىڭ»، «كۈچ-
لۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن بۇنداق چۈشەندۈرۈش پە-
قەت جىسمانىي كۈچنىلا ئىپادىلەپ، مەنىۋى كۈچ، ئەقىل ـ
پاراسەت، خاراكتېر قاتارلىقلارنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، بىر
قىسىم يازغۇچىلار «چىڭگىز» سۆزىنى «باش ئەگمەس» دېگەن
چۈشەنچىگە تەڭلەشتۈرىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە چىڭگىزخاننىڭ خاراك-
تېرىگە ماس كېلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق دېيىلسە بىر تەرەپلى-
مىلىك بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، چۈنكى بۇنداق دېيىش پە-

قەت مەنىۋىلىك جەھەتتىكى مۇستەھكەملىك مەنىسىنىلا بىلدۈ-
رۈپ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جىسمانىي كۈچى جەھەت-
تىكى مەنىلەرنى ئۇقتۇرمايدۇ. ئەينى دەۋردىكى موڭغۇل ئاقسۆ-
ڭەكلىرى ئىچىدە «باغاتۇر» (باتۇر ـــ جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ-
لۈك)، سەچەن (دانىشمەن) دېگەن ئۇنۋانلار بولغان. شۇ بويىچە
چۈشەنگەندە، «باتۇر، دانىشمەن» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى تې-
مۇچىنگە بېرىلگەن «چىڭگىز» ئاتىقىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ،
چۈنكى تېمۇچىن جىسمانىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشتىن
سىرت، يەنە ئالاھىدە ئەقىللىق، ئىرادىلىك، جەڭ قىلىش ۋە
تەشكىللەش ئىشلىرىدا قابىلىيەتلىك، ناتىق شەخس ئىدى. بۇ
سۈپەتلەرنىڭ بىر ئادەمگە مەركەزلەشكەنلىكىنى «چىڭگىز» دېگەن
بىر سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن.

چىڭگىزخان ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك بولغانلىقى بىلەن
تارىخىي شەخسلەردىن يۇلىي سېزارغا ھەممىدىن يېقىن تۇرىدۇ.
لېكىن ئۇنىڭ لەشكىرىي ئىشلاردىكى قابىللىقى باشقا ھەممە قا-
بىلىيەتلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئون يېشىدىن تارتىپ 72
يېشىغىچە بولغان ئۆمرىنى ئات ئۈستىدە ئۆتكۈزدى ۋە ھەربىي
يۈرۈشتە ئۆلدى.

بەشىنچى باب

# ئايرىم قەبىلىلەرنىڭ بىر پۈتۈن موڭغۇل خەلقى بولۇپ ئۇيۇشۇشى

موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ۋەكىللىرى تېمۇچىننى «چىڭگىزخان» دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن يەنە بىرنەچچە ئۇرۇق ئاقسۆڭەكلىرى جامۇقاغا قوشۇلغانىدى. چىڭگىزخانغا قوشۇلغانلاردىن يەنە ۋاڭ خان باشچىلىقىدىكى قۇدرەتلىك كېرەيت قەبىلىسى ۋە نايمانلار بىلەن ئاق تاتارلارنىڭ دۆلىتىمۇ بار ئىدى.

شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بىرىنچى مەقسىتى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى قوبۇل قىلغان قەبىلىلەر ئادەم سانى ۋە ئىگىلىگەن زېمىنلىرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغاچقا، بارلىق قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنىدى. بۇ جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى دائىملىق ئالاقە تورىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى. موڭغۇل دۆلىتى ئەمدىلا قۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھەمىشە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاش ئېھتىياجى ھۆكۈمدارنىڭ تۇرالغۇسىنى ۋە ئۇنى قوغداش ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. مۇشۇ خىلدىكى مەمۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا چىڭگىزخان باشتىن تارتىپلا غايەت زور تەشكىلاتچىلىق تالانتىنى نامايان قىلدى.

ئۇنىڭ تورالغۇسى بىخلىنىۋاتقان ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى-نىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. ئالاقە ئىشلىرىدا، ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى خەلق ئىچىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇ مەخسۇس چەۋەندازلار ئەترە-تىنى قۇردى، يەنى بىز دەۋاتقان چاپارمەنلەرنى ئىشقا سالدى. بۇ چاپارمەنلەر خۇددى «ئېتىلغان ئوقتەك» تېزلىكتە جاي ـ جايلار-غا «ئۇچۇپ» كېتەتتى. ھازىرقى زاماندىكى پوچتا ـ تېلېگراف، تۆمۈريوللار بولمىغان شارائىتتا يايلاق دۆلىتىدە بۇنداق مەخسۇس ئاتلىق چاپارمەنلەرنىڭ تەشكىل قىلىنىشى پەۋقۇلئاددە ئاقىلانە يېڭىلىق بولغانىدى. چىڭگىزخاندىن بۇرۇن چاپارمەنلەر ھېچ-قانداق يەردە بۇ قەدەر كەڭ كۆلەمدە مەخسۇسلاشمىغانىدى. كېيىن پۈتۈن موڭغۇل دۆلىتى دائىرىسىدە ئالاقە بېكەتلىرى قۇرۇلدى. بۇ بېكەتلەر بىر پۈتۈن ئالاقە تورىنى ھاسىل قىلىپ، بىر تەرەپ-تىن، خەۋەر يەتكۈزۈلىدىغان باسقۇچلۇق نۇقتىلارغا ئايلاندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتقان مەنسەپدارلار ياكى چاپارمەنلەر قونۇپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ بولدى. چىڭگىزخان خاندانلىقى رۇسىيە ۋە جۇڭگوغىچە كېڭەيگەن دۇنياۋى ئىمپېرى-يەگە ئايلانغاندا، ئالاقە تورى دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ مەھكىمە بولۇپ قالدى. بۇ مەھكىمە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىش بى-لەنلا قالماي، شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا، يىراق ياۋروپادىن چىققان پىلانو كارپىنى، رۇبرۇك ۋە ماركو پولو قاتارلىق ساياھەتچىلەرمۇ موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزىگە-چە يېتىپ بارالىغان. چىڭگىزخان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، سودىگەرلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، كىشىلەر ئال-

تۆنلارنى خۇددى ئادەتتىكى چىنە ـ قاچىدەك بىشىغا ئېلىپ كۆ ـ تۈرۈپ يۈرسىمۇ، بۇلاڭچىغا ئۇچرىماسلىقنى ياكى بوزەك قىلىن ـ ماسلىقنى خالايتتى.

پۈتۈن ئىمپېرىيە ئالاقە تورى بىلەن قاپلانغانىدى. ئالاقە بې ـ كەتلىرىگە مەخسۇس باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا يېتەرلىك قوراللىق قوشۇنى بار ئىدى. بۇنداق قوشۇنلار ھازىرقى قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ـ نىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئالاقە بېكەتلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىننىڭ تەرتىپى ۋە بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل بولاتتى. ئۇنىڭ مەخسۇس تەيىنلەنگەن خادىملىرى ئۆت ـ كەن ئادەم ۋە ماللارنى تىزىملايتتى. ئالاقە يوللىرى ئەنە شۇنداق قاتتىق باشقۇرۇلغاچقا، ئەينى دەۋرلەردىكى چوڭ يوللاردا ئادەتكە ئايلانغان بۇلاڭچىلىقلار موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە پۈتۈنلەي تۈگە ـ تىلگەن. مەسىلەن، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە خىۋە بىلەن قىرىم ئارىلىقىدىكى يوللار شۇ قەدەر ياخ ـ شى باشقۇرۇلغانكى، خىۋەدىن قىرىمغىچە تەخمىنەن ئۈچ ئاي داۋاملىشىدىغان سەپەردە يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ غېمىنى قىلىش ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى قونالغۇلاردا ھەممە نەرسە تەييار ئىدى.

خاننىڭ يارلىق، پەرمانلىرىنى ئېلىپ ماڭغان چاپارمەنلەرگە ئالاقە بېكەتلىرىدە ئات ـ ئۇلاغلار ئالماشتۇرۇلۇپ بېرىلەتتى. بېكەتلەردىكى ئەڭ ياخشى ئاتلارنى ئالماشتۇرۇپ مىنگەن چاپار ـ مەنلەر كۈنىگە 250 چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتەتتى. ئەگەر ئىك ـ كى بېكەت ئارىلىقىدا ئات ئۆلۈپ قالسا، چاپارمەن يولدا ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئېتىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. موڭ ـ غۇل چاپارمەنلىرىگە شۇڭقارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن مەخسۇس تۆمۈر تاختا بېرىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

يۇقىرىقىدەك تەپسىلاتلارنى ماركو پولو خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە (13 ـ ئەسىردە) ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن ئايرىلغان ئاتلارنىڭ سانى 300 مىڭغا يەتكەن. ئالاقە ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە زىننەتلەپ ياسالغان ئىمارەتلەر 10 مىڭدىن ئاشقان. ئادەم كۆپ كېلىدىغان بەزى بېكەتلەردە 400 چە ئات بولاتتى. ئادەتتىكى بېكەتلەردە ئاتلارنىڭ سانى 50 تىن 200 گىچە بولاتتى. ئاتلىقلاردىن باشقا ھارۋىدا قاتنايدىغان ئالاقىچىلارمۇ بولاتتى. بۇنداق ھارۋىلارغا قوڭغۇراق بېكىتىلگەن بولۇپ، بېكەت خادىملىرى ئالدىنئالا ئۇلاردىن خەۋەر تېپىپ، يېڭى ئات تەييارلاپ تۇراتتى.

بىز دەۋاتقان شۇ دەۋردىكى ئالاقە تۈزۈلمىسى ئەلۋەتتە خېلى ئاددىي بولۇپ، پەقەت لەشكىرىي ئىشلار ۋە ئەڭ جىددىي مەمۇرىي ۋەزىپىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەينى دەۋردە چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىنىڭ تۈزۈلمىسى توغرىسىدىمۇ كۆپ باش قاتۇرغان. ئۆز تۇرالغۇسى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەممە جايلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشەنچلىك ئىككى ئادىمىنى ئالاقە ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇرۇشقا قويدى. بۇنداق مۇھىم ۋەزىپىگە ئادەم تاللاشتا ئۇ نامزاتلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ (نەسەبىنىڭ) يۇقىرىلىقىنى ئەمەس، بەلكى شۇ خىزمەتكە مۇۋاپىق بولۇشىنى ۋە ئۆزىگە سادىقلىقىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ياش ۋە تونۇلمىغان چاغلىرىدا ئۆزىگە قوشۇلغان بوغۇرچى بىلەن جەلمەنى شۇ خىزمەتكە تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى بىرقەدەر ھاللىق يۇقرانىڭ ئوغلى، ئىككىنچىسى بولسا بىر تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئىدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پائال ھەرىكەتلىنىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ دۈش-

مەنلىرىمۇ بىكار ياتمىغانىدى. جامۇقا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئىچىدە شۇ قەدەر يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشتىكى، بۇ ئاقساقاللار بىر كۈنى (تەخمىنەن 1201 ـ يىلى) ئارغۇنى دەرياسىنىڭ بويىدا باش قوشۇپ، ئۇنى «گۆر خان» (بارچە ئەلنىڭ خانى) دەپ ئېلان قىلىشتى. بۇ توغرىدىن ـ توغرا چىڭگىزخانغا ئۆكتە قوپقانلىق ئىدى. يەنە كېلىپ، چىڭگىزخان بىلەن قارشىلاشقان بۇ گورۇھتا ئۇنىڭ ئۆز تاغىلىرى (ئانا تەرەپتىن) ۋە مەركىتلەرنىڭ يولباشچىسى توقتابېك بار ئىدى، شۇنداقلا قېرى ۋاڭ خاننىڭ ئوغلىمۇ شۇ گورۇھتا بولۇپ، ئۇ ئۆز ئاتىسىدىن باشقىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى.

چىڭگىزخان ئۆزىگە خاس ئېھتىياتچانلىقى بىلەن ئىتتىپاقدىشى ۋاڭ خاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يۈرۈشكە ئاتلىنىپ، 1202 ـ يىلى ئۆزىنىڭ سابىق ئاتاق قېرىندىشى ۋە ئىتتىپاقدىشى مەركىتلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. جامۇقا قاچتى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇقلار غالىبقا باش ئەگدى.

بۇ غەلىبىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدە مۇنداق بىر ئامىل مۇھىم رول ئوينىدى، چىڭگىزخان قوشۇنىدا قاتتىق ئىنتىزام ئورناتقان بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ پۇرسەت بولسىلا ئولجا ئېلىش ئۈچۈن بۇلاڭچىلىق قىلىش ئادىتىنى تۈپتىن يوقاتقانىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە يولغا قويغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى شۇ ئىدىكى، غەلىبە قازىنىلغاندىن كېيىن ئولجا جەڭگە قاتناشقان بارلىق لەشكەرلەرگە ئادىل تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. يەنە بىر ئۇسۇل شۇ بولدىكى، ئىنتىزامغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتتىق جازالىناتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ قوماندانلىق ئىقتىدارى يېتىلىپ بۇ چاغقا كەلگەندە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، كۆزلەنگەن مەقسەتكە يېتىشتە ھەرقانداق ئوچۇشسىزلىقلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارىماي داۋاملىق ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغاندىلا كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازانغىلى بولاتتى. شۇڭا، ئۇ جامۇقا بىلەن بولىدىغان جەڭنىڭ ئالدىدا ئۆز قوشۇنىغا تۆۋەندىكىدەك بۇيرۇق چۈشۈرگەن:

«دۈشمەننى يەڭگەندە ئولجىغا ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئولجا بەرىبىر بىزگە قالىدۇ. ئالدىرىمىساڭلارمۇ تەڭ بۆلۈشىمىز. ئەگەر دۈشمەنلەر كۈچلۈك كېلىپ، ئەسلىدىكى ئورنۇڭلارغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلسا، لەشكەرلەر قايتا ـ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈشى كېرەك. ئەگەر كىمدىكىم قايتا ھۇجۇمغا ئۆتمەي چېكىنسە، شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن!»

جامۇقانىڭ قوشۇنىدا چىڭگىزخان قوشۇنىدىكىگە ئوخشاش پولاتتەك ئىنتىزام بولمىغاچقا، ئۇلار جەڭدە تېزلا چېچىلىپ، قالايمىقانلىشىپ كەتتى. چىڭگىزخاننىڭ شان ـ شۆھرىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئۆستى. يېڭى ـ يېڭى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرۇن ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئالتان، قاچۇر قاتارلىق داڭلىق ئۇرۇقلار ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئەسلىي تېمۇچىننى ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى قورالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما، ئەھۋال ئۇلار ئويلىغاندەك بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ۋاڭ خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن چىڭگىزخاننى ئاغدۇرۇشنى قەستلىدى. شۇنداق قىلىپ، جامۇقا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن چىڭگىزخانغا قارشى گۇرۇھ يىمىرىلمەستىن، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ قېتىم ئۆكتىچىلەر ئىككىلىنىپ تۇرغان ۋاڭ خاننىمۇ ئۆزىگە تارتىپ كەتتى. ۋاڭ خان چىڭگىزخاندىن ئىبارەت ئىتتىپاقدىشى ھەم رىقابەتچىسىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىپ بېرىۋاتقىنىغا قاراپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قال-

غانىدى. چىڭگىزخان شۇ چاغقىچە ئۆزىنىڭ بۇ ئاتاق ئاتىسى بىلەن بولغان ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋاڭ خاننىڭ دىققىتىنى چەتنەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى غەربتىكى قوشنىلار بىلەن توقۇنۇشقا كۈشكۈرتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۇستاتلىقى ئۇنۇم بەرمىدى.

كۈتۈلمىگەندە ۋاڭ خان ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپ كەلدى. چىڭگىزخان بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ئاران قۇتۇلۇپ قالدى. ۋاڭ خان قوشۇنىنىڭ يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇ ئىككى پادىچىدىن ئاڭلىدى ھەمدە دەرھال قوشۇنىنى سەپكە تۇرغۇزدى، لېكىن قارشى تەرەپ سان جەھەتتە ئۇستۇنلۈككە ئىگە ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ سەپكە تۇرغۇزۇلغان قوشۇنىدا ئاران 4600 لەشكەر بار ئىدى.

چىڭگىزخان گەرچە ھۇجۇمنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، ۋاڭ خانغا ئەجەللىك زەربە بېرىشكە قۇربى يەتمەيتتى. شۇ جەڭدە چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ۋاڭ خاننىڭ ئوغلى سەنگۈن ئوق تېگىپ يارىلاندى. موڭغۇللار تەرەپتە چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتاي ۋە ئۇنىڭ سادىق سەپداشلىرىدىن بورۇ قۇلا بىلەن بوغۇرچى يارىلاندى.

چىڭگىزخان ۋاڭ خاننى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن يەنە كۈچ توپلاش لازىملىقىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئۇ جەڭدىن كېيىن چېكىنىپ، ئاتلىرىنى ئوتلىتىپ، جەڭچىلىرىنى ئارام ئالدۇردى. شۇ قېتىمقى چېكىنىشتە ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئادەم سانىنى تولۇقلىدى. ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئۇ ۋاڭ خان بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئۇرۇندى، ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا پەرزەنتلەرچە باش ئېگىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

چىڭگىزخاننىڭ ۋاڭ خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئالتان بىلەن قۇچارغا ئەۋەتكەن يوللانمىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«مەن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ (قۇرۇلتايدا)، سىلەر خان بولۇڭلار، دېدىم. سىلەر ئۇنىمىدىڭلار. مەن ئامال قىلالمىدىم. قۇچار، مەن ساڭا: ‹سەن قۇتۇلا قاغاننىڭ ئوغلى› دېدىم. سەنمۇ خان بولۇشقا ئۇنىمىدىڭ. سىلەر ئارتۇق سۆزلىمەي ‹سەن خان بول› دېدىڭلار. سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار بويىچە مەن خان بولدۇم. مەن خان بولسام، مۇخلىسلىرىم بىلەن نۇرغۇن ئەللەرگە قوماندان بولىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن جەڭ قىلىپ نۇرغۇن يىلقا، قوي ـ كالا، ھارۋا ۋە ئادەملەرنى قولغا چۈشۈردۈم ۋە ئۇلارنى سىلەرگە بەردىم، سىلەرنى دەپ مەن داللاردا ئوۋ قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى سىلەر تەرەپكە قوغلاپ بەردىم».

چىڭگىزخاننىڭ ۋاڭ خان ۋە ئالتان، قۇچارلارغا يوللىغان بۇ مۇراجىئەتلىرىگە ئۇلارنىڭ نامىدىن سەنگۇن جاۋاب قايتۇردى: «جەڭ قىلايلى، كىم ئۇتۇپ چىقسا شۇ خان بولسۇن». شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈپ، دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، ئارغىماقلارنى ئېگەرلەپ، چىڭگىزخانغا قارشى ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى».[1]

چىڭگىزخان بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغىن ئاچتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ۋاڭ خان بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش پىكرىنى بەردى. بۇ چاغقىچە چىڭگىزخان بىرنەچچە يېڭى ئىتتىپاقداشلارنى تېپىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇش بولىدىغانلىقى مۇقىملاشتى. چىڭگىزخان ئۇرۇشتا ئۆزىگە ئەپلىك شارائىت يارىتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتتى. ئۇ قوشۇننى باشلاپ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن

① بېرېزىننىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىل.

ئورمانلارغا يوشۇرۇندىكى، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئىزىنى تاپالماي قالدى. ۋاڭ خان چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنىنى ئىزلەپ تېپىش ۋە زېپىسىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ئىنىسى قاسارغا تاپشۇردى. ئۇ قاسارنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىلىرىنى گۆرۈگە تۇتۇپ قېلىپ، ئۆزىنى يولغا سالدى. دەرۋەقە، قاسار ئاكىسىنى ئىزلەپ تاپتى، چىڭگىزخاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قاسار ئۆزى قايتماستىن، ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ۋاڭ خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تېپىلغانلىقىنى يەتكۈزدى ھەمدە بۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئەۋەتىشنى ئۆتۈندى.

بۇ ھىيلە ئوڭۇشلۇق بولدى. ۋاڭ خاننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى كەلدى. چىڭگىزخان ئۇلارنى تۇتتى. ئېھتىمال، شۇ زاماندا ئادەتكە ئايلانغان قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا بولسا كېرەك، ئۇلار كېرەيىت قوشۇنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ھەممە تەپسىلاتلارنى چالا قويماي سۆزلەپ بەردى. مەلۇم بولدىكى، كېرەيىت قوشۇنى ھوشيارلىقنى پۈتۈنلەي بوشاشتۇرغاندى، ۋاڭ خاننىڭ تۇرالغۇسىدا ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئويۇن ـ بەزمىلەر داۋاملاشماقتا ئىدى.

چىڭگىزخان بۇ مەلۇماتلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، قوشۇننى يوشۇرۇنغان جايدىن تېزلىكتە باشلاپ چىقتى ۋە توختىماي ئىلگىرىلەپ، يېرىم كېچىدە دۈشمەن قوشۇنىنى ھەم ئۇلارنىڭ رەھبىرىنىڭ تۇرالغۇسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. كېرەيىتلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. ۋاڭ خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھەر ئىككىسى يارىدار بولغان ھالەتتە ئاز بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى، ئۇنىڭ تىرىك قالغان باشقا ئادەملىرى چىڭگىزخانغا ئەل بولدى. ۋاڭ خان نايمان ئېلىگە قېچىپ باردى، لېكىن ئۇزاق

ئۆتمەي شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن ئۇنىڭ تىنىم تاپمايدىغان ئوغلى سەنگۇنمۇ شۇ خىل تەقدىرگە دۇچار بولدى.
ئاشۇ غەلىبىدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ تەسلىم بولغان دۈشمەنلەرگە قارىتىلغان مۇئامىلىسى ۋە يايلاق خەلقىنىڭ تەبىئىتىنى نامايان قىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئىلگىرىكى ۋاڭ خاننىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى چىڭگىزخانغا مۇنداق دېدى: «قاراپ تۇرۇپ ئۆز خانىمنى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەنمۇ؟ ھەرگىز تاشلاپ قويمايمەن. شۇڭا، قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تىركىشىپ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولى ئېچىپ بەردىم. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇساڭ ئۆلىمەن، ئۆلتۈرمىسەڭ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن». چىڭگىزخان ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئۆز خانىنى تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، ئۇنىڭغا ھاياتلىق يولى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن باتۇرانە ئېلىشىش يىگىتلىك ئەمەسمۇ! ئەمدى ماڭا دوست بول!»
چىڭگىزخان ئەنە شۇ تەرىقىدە ھەمىشە ۋە ھەممە يەردە ئاقسۆڭەكلەر قائىدىسىگە ئەمەل قىلاتتى: فېئوداللار پۇقرالارنى، خوجايىنلار قۇللارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن سادىق خىزمەتكارلارنى تەقدىرلەيتتى، ئۆز خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرەتتى، ھەتتا ئۆز دۈشمىنىگە ئاسىيلىق قىلغان چاكارلارمۇ جازالىناتتى. موڭغۇل ھۆكۈمدارلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۈپكى ئارزۇ ۋە تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيتتى. شۇڭا، ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنى ھىمايە قىلاتتى ۋە ئۇلارغا قارىغۇلارچە سادىق بولاتتى.
كېرەيىتلەر ئۈستىدىن قازىنىلغان غەلىبە بىر چاغلاردا كۈچلۈك بولغان بۇ قەبىلىنى چىڭگىزخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدـ

دىكى بارلىق خەلقلەر ئىچىدە چىڭگىزخاننىڭ نام ـ شۆھرىتى يەنىمۇ ئۇلغايدى. ئەمدى بۇ يايلاق ھۆكۈمدارى شۇنىڭغا قانائەت قىلسىمۇ بولاتتى. لېكىن چىڭگىزخاننىڭ خۇرۇچى باشقا ئىدى، ئۇ غەلىبىدىن كېيىن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بىكار ياتىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مەركىزىي ئاسىيادىكى قېرىنداش موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، بويسۇندۇرۇلغان كېرەيىت قەبىلىسى بىلەن باشقا قەبىلىلەرنىڭ بىرلىكتە تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ئائىت زۆرۈر مەمۇرىي چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەربتىكى نايمانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىمۇ قورال كۈچى بىلەن ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن پائال ھەرىكەتلەندى. ئۇ ئوغۇللىرىغا مۇنداق دەيتتى: «ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ».

ۋاڭ خان مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭلەردە تاۋلانغان لەشكەرلىرى بىلەن نايمانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ ئىككى خەلق موڭغۇللارغا نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. بولۇپمۇ، نايمانلار 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەڭ زور دەرىجىدە قۇدرەت تاپقانىدى.

چىڭگىزخان نايمانلارغا قارشى ئاتلىنىشقا باھانە تاپالماي يۈرگەندە، نايمان ھۆكۈمدارى تايانخان ئۆزى باھانە تېپىپ بەردى. تايانخان موڭغۇل ھۆكۈمدارىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەمسىزلىنىپ، 1204 ـ يىلى ئەتىيازدا سەددىچىن سېپىلىغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان ئونغۇت قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى بولدى. پارس يىلنامىسىدە يېزىلىشىچە، ئىتتىپاق تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەتراپتىكى جايلاردا چىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com

گىزخان ئىسىملىك يېڭى پادىشاھ پەيدا بولۇپتۇ. بىزگە ئايانكى، پەلەكتە پەقەت قۇياش بىلەن ئايلا بار. لېكىن بۇ جاھاندا قانداقمۇ ئىككى پادىشاھ ھۆكۈم سۈرسۇن؟ سىز مېنىڭ ئوڭ قولۇم بولۇپ قوشۇن تارتىڭ، بىز بىرلىكتە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋالايلى».

ھالبۇكى، ئونغۇت ھۆكۈمدارى ئالاقۇش تايانخاننىڭ سىناقتىن ئۆتمىگەن سەلتەنەتىدىن كۆرە چىڭگىزخاننىڭ ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يۇلتۇزىغا بەكرەك ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە سۇنۇلغان بۇ تەكلىپنى چىڭگىزخانغا يەتكۈزدى. چىڭگىزخان يېقىنلىرىنى قۇرۇلتايغا چاقىردى. قۇرۇلتايدا تايانخانغا ئالدىن قول سېلىش قارار قىلىندى. يۈرۈش تەييارلىقى تاماملىنىپ، چىڭگىزخان قوشۇنى ئالتاي تاغلىق رايونىدىكى نايمان ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. 1204 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇن كۈنى چوڭ ئۇرۇش باشلاندى. چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى. نايمان قوشۇنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى. تايانخان جەڭدە قازا قىلدى.

شۇ قېتىمقى جەڭگە تېنىم تاپمايدىغان جاموقامۇ قاتناشقاندى. ئۇ ۋاڭ خان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن نايمان ئېلىگە كېلىپ پاناھلانغان ھەمدە تايانخاننى چىڭگىزخانغا قارشى قۇتراتقانىدى. موڭغۇللار بىلەن نايمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرى بېرىلگەن «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا بايان قىلىنىشىچە، جەڭ داۋامىدا تايانخان ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان جاموقادىن مۇنداق دەپ سورىغان: «قويلارنى قوتانغىچە سۈرۈپ بۆرىدەك كېلىۋاتقانلار كىم ئۆزى؟» جاموقا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئۇلار تېمۇچىنىنىڭ زەنجىر بىلەن باغلاپ، ئادەم گۆشى بىلەن باققان تۆت ئىتى. ئۇلارنىڭ ماڭلايلىرى مىستەك، چىشلىرى نەشتەردەك، تىللىرى بىگىزدەك، يۈرەكلىرى تۆمۈردەك.

ئۇلار قامچا تۇتماي، ئەگرى قىلىچلارنى تۇتمدۇ. ئۇلار شەبنەمنى ئوزۇق قىلىپ، شامالنى ئات ئېتەر، جەڭلەردە ئادەم گۆشىنى يەم قىلار. ئۇلار ئەمدى زەنجىرلىرىدىن بوشىنىپ، شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ شادلانماقتا. بۇ تۆت ئىت: جەبە، قۇبلاي، جەلمە، سۇبۇ-تاي». ئاندىن تايانخان جامۇقادىن يەنە سورىدى: «ئۇلارنىڭ كەينى-دىن ئاچ بۆركۈتتەك كېلىۋاتقان كىم؟» جامۇقا جاۋاب بەردى: «ئۇ تېمۇچىن ئاندام، پۈتۈن بويى تۆمۈر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ ئاچ بۆركۈتتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ سىلەر ئىلگىرى موڭغۇل كېلىدىغان بولسا، خۇددى تالانغان پاقلاندەك ئۇنىڭ تۇ-ياقلىرى بىلەن تېرىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمايدۇ، دېگەنى-دىڭلار. ئەمدى كۆرۈپ باققىنا!»

چىڭگىزخان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، شىمال ۋە غەربتىكى ئۇششاق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن كىچىك قوشۇنلارنى ئەۋەتتى. 1205 ـ يىلى چىڭگىزخان سۇبۇتاي باشچى-لىقىدىكى بىر قوشۇننى غەربكە ئاتلاندۇردى. ئۇ ئۇششاق قەبىلى-لەرنى بويسۇندۇرۇشتىن سىرت، توقتابېكىنىڭ قېچىپ كەتكەن ئوغۇللىرىنى تۇتۇپ كېلىشى كېرەك ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا مۇنداق پەرمان قىلدى: «ئۇلار بىز بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خۇددى باغلاقتىن قاچقان قۇلاندەك، ئوق تەگ-كەن مارالدەك قولىمىزدىن قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئاسماندا قۇش-تەك ئۇچسا، سەن شۇڭقار بولۇپ ئۇلارنى تۇتقىن. ئۇلار سۇغۇر-دەك يەرگە كىرىۋالسا، سەن تۆمۈر گۈرجەك بولۇپ، ئۇلارنى قې-زىپ چىقار. ئۇلار بېلىقتەك دېڭىزغا چۈشۈۋالسا، سەن تور بولۇپ ئۇلارنى سۈزۈپ چىقارغىن.» بۇنىڭدىن چىڭگىزخاننىڭ مەقسەتكە يېتىشتىكى پولاتتەك ئىرادىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش يېتەرلىك ئەمەس. چىڭگىزخانغا نىسبەتەن ئېيت-قاندا، غەلىبە مېۋىسى دۈشمەننى تولۇق بويسۇندۇرۇش ياكى ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

يوقىتىشتىن ئىبارەت. مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەتكەن دۈشمەن تېخى يېڭىلگەن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا، چىڭگىزخان ئۆز ھاياتىدا قاچقانلارنى توختىماي قوغلىغان. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار ئېقىمىدىكى شاگىرتلىرىمۇ شۇ تاكتىكىغا ۋارىسلىق قىلغان.

جامۇقانىڭ قاچمىغان يېرى قالمىدى. شۇڭا، بۇ خەلق رەھبىرى ھەممىدىن ئايرىلىپ، بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئۇنى چىڭگىزخانغا تۇتۇپ بەردى. چىڭگىزخان بولسا، ئۆزىنىڭ بۇرۇندىن تۇتقان يولى بويىچە خائىنلارنى ئۆلتۈردى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بۇ سادىق دوستىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەكچى بولغان، لېكىن جامۇقا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. «تېمۇچىن مېنى قان چىقارماي ئۆلتۈرسۇن» دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇندالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تېمۇچىن رەقىبىنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزدى.

غەربتىكى قەبىلىلەر بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئالتايدىن سەددىچىن سېپىلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەممە يەرلەرنىڭ دەخلىسىز ھۆكۈمدارى بولۇپ قالدى. بۇ جايلاردا بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى، شۈبھىسىزكى، 11 ــ ئەسىردە قەدىمكى موڭغۇل ــ تۈرك ئىمپېرىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

شۇ ۋاقىتلارغىچە ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياشاپ كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى بىر دۆلەتكە مەركەزلەشتۈرۈش ئىشى چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى مەقسىتى ئىدى. لېكىن، بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۆپلىگەن سۈركىلىش ــ توقۇنۇشلارنى باشتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. شۇنى ئېيتىش ئۇتۇش لازىمكى، يايلاقتىكى قەبىلىلەر بىر بولسا باشقا ھۆكۈمدارنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى، يەنە بىر بولسا بۆلۈنۈپ چە-

قىپ مۇستەقىل بولۇۋالاتتى. جامۇقا بىرنەچچە قېتىم ئەنە شۇنداق قىلدى، 13 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاتىسىغا قارام بولغان تايچىئۇت قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ شۇنداق قىلىشتى. ھەتتا، چىڭ-گىزخاننىڭ ئىنىسى قاسارمۇ بىر قېتىم بىر سانغۇن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ» كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشىدىكى سەۋەبىنى شۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، چىڭگىزخاننىڭ «ھاكىمۇتلەقلىقى» كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى، ئۇ مۇكەممەل تۈزۈلمە ئورنىتىپ، مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزىۋالدى، ئۇ ھەممە يەر ۋە ھەممە ئىشتا تولۇق ھوقۇقلۇق بولدى. بۇ ھال قا-سارنىڭ شەخسىيىتىگە قاتتىق تەگدى.

ھالبۇكى، ئەمدى ھوقۇق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلى-دى. بويسۇنماي كېتىپ قالغانلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە بولمايتتى. سۇبۇتاي باتۇر باشچىلىقىدىكى جازا ئەترىتى قاچ-قانلارنى قوغلاپ تۇتۇپ، قايتىدىن باش ئەگدۈرەتتى.

شۇنداقتىمۇ ئىچكى نىزالار بېسىقىپ قالمىدى. سانان سە-چەننىڭ ئېپىك داستانىدا شۇ خىل نىزالار جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ ئىككى ئىنىسى قاسار بىلەن بەل-گۇتاي مۇنداق دېيىشكەن: «چىڭگىزخان ھوقۇققا بەك بېرىلىپ، ئادالەتسىز بولۇپ كەتتى. قاسار، سېنىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتىڭ بىلەن، بەلگۇتاي، سېنىڭ كۈچۈڭ بىلەن ئىتائەتسىزلەرنى باش كۆتۈرگۈزمەي كېلىۋاتىمىزغۇ». خان بۇ سۆزلەردىن خەۋەر تاپتى ۋە بىر بوۋايغا ئايلىنىۋېلىپ، دەل ئۇدىسسىيغا ئوخشاش ئىش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى ئۇيالدۇردى. يەنە سانان سەچەننىڭ ھېكايىتىگە ئاساسلانغاندا، چىڭگىزخان 1190 - يىلى غەلىيان كۆ-تۈرگەن 31 - قەبىلىنى مەغلۇپ قىلىپ تىنچلاندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭگىزخان بۇريات قەبىلىسى تەقدىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان بۆركۈت بىلەن ئوۋ قىلىپ يۈرگەندە ئۆزگە قارشى كۆتۈرۈلگەن يەنە بىر قېتىملىق غەلياندىن خەۋەر تاپتى. جۇرجىت قەبىلىسىدىن ۋانچىك قاغان بۆلۈنۈپ كېتىپ قالدى. چىڭگىزخان ئۆزى قوشۇن تارتىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى ۋە ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈپ، ھارۋىلىرى بىلەن مال - مۈلكىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

1192 - يىلى چىڭگىزخان سولون قەبىلىسىگە (كورىيەلىكلەرگە) قارشى ئاتلاندى ۋە ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا بويسۇندۇرۇلۇپ، ھوقۇقىنىڭ كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان قەبىلىلەر يەنىلا تىنجىپ قالمىدى. چىڭگىزخان ئىنىلىرى بىلەن شۇ سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كۈنى تايچىئۇت قەبىلىسىنىڭ بېگى بۈركە چىلگىر ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ بەگ ئەسلىدە چىڭگىزخان بىلەن ئىنىلىرى تەكلىپ قىلىنىدىغان تۆردىكى ئورۇنغا ئورا كولاپ، گىلەم بىلەن يېپىپ قويغانىدى. چىڭگىزخان بۇ ھەقتە ئانىسى تەرىپىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدىنئالا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى: «قاسار، ئوقيانى تەييارلا! بەلگۈتاي، سەن ئۆيىنىڭ سىرتىدا كۈتۈپ تۇر! خاچىكىن، سەن ئاتلارغا قارا! يۈتسەكەن، سەن مېنىڭ يېنىمدا بول! سىلەر، توققۇز پالۋان، مەن بىلەن كىرىسىلەر! قالغان ئۈچ يۈز نۆكەر، ئەتراپتا قورشاپ تۇرىسىلەر!»

ئاقىۋەت شۇنداق بولدىكى، داڭلىق مەرگەن قاسار ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، بارلىق سۈيىقەستلەرنى ئېچىپ تاشلىدى.

چىڭگىزخان غەرب ۋە جەنۇبتىكى يۈرۈشلەرنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇردى. 1195 - يىلى سارتاغول قەبىلىسى (سارتلار) بويسۇندۇرۇلدى. 1196 - يىلى تىبەت باش ئەگدى. ئاندىن قارا تىبەتنىڭ ئۈچ ئۆلكىسى ئىشغال قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىپ، سانغۇنلىرىغا مۇكاپات تارقاتتى، ئاۋام خەلققە ئىئانە بەردى. سانان سەچەننىڭ بايان قى-

لىشچە، شۇ چاغدا ئاۋامغا مۇنداق ئۇقتۇرۇش قىلغان:

«بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن يەر يۈزىدىكى ئون ئىككى ئەلنى بويسۇندۇردۇم، قوتراپ كەتكەن ئۇششاق بەگلەرنى تىنجىتتىم، موھتاجلىق ۋە خار - زارلىقتا سەرسان بولغان شۇنچە كۆپ كىشىلەرنى يىغىپ بىرلىككە كەلتۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزۈم قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ كۆپ قىسمىنى قىلىپ بولدۇم. ئەمدى تېنىم ۋە روھىمغا ئارام بېرەي دەيمەن».

ھالبۇكى، پەۋقۇلئاددە قابىلىيەت ئىگىسى بولغان كىشىلا بۇنداق زور ئىمپېرىيەنى تىكلەش ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايتتى. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، چىڭگىزخان تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قەبىلىلەر يۈز چاقىرىملارچە سوزۇلغان ئۇنۇمسىز ۋە سۇسىز چۆللەر ئارقىلىق بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى، ئۇلار كۆچمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەركىنلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلەتتى. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز ئىدى. ئىۋانىن مۇنداق دەيدۇ: «بىر شەخس بۇ خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرۇش، شۇ خەلقلەردىن چوڭ - چوڭ قوشۇنلارنى تەشكىللەش ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئىنتىزامغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن نەقەدەر زور ئىرادە كۈچى، لەشكىرىي، مەمۇرىي ۋە سىياسىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك!»[①]

ماركو پولو چىڭگىزخاننىڭ شۇ دەۋردىكى ھاياتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: »ئۇ مەلۇم بىر زېمىننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئاھالىگە ئازار بەرمەيتتى، ئۇلارنىڭ شەخسىي مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ئادىمىنى قالدۇرۇپ قويۇپلا يۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەۋېرەتتى. ئىشغال قىلىنغان ئەللەرنىڭ پۇقرالىرى ئۇنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) ئۆزلىرىنى بارلىق قوشنىلاردىن قوغدايدىغان-

① ئىۋانىن، 6 - بەت.

لىقىغا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق يامانلىق كۆرمەيدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ھۆكۈمدار ئىكەن- لىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تېنى ۋە جېنى بىلەن سادىق بولاتتى ۋە ئىلگىرىكى دۈشمەنلىك ئەمدى ساداقەتمەنلىككە ئۆز- گىرەتتى. ئۇنىڭغا سادىق ئادەملەر شۇ قەدەر كۆپەيدىكى، يەر يۈ- زىنى قاپلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەنە شۇندىن كېيىن ئۇ (چىڭگىزخان) دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىق ئۈستىدە ئويلاشقا باشلى- دى».

ئالتىنچى باب

# چىڭگىزخاننىڭ تەنتەنىلىك ھالدا ئىمپېراتور بولۇپ سايلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈزۈلۈشى

شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان 52 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن غايىسى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ھازىرغىچە ئالتايدىن ئەرگىنە قۇنغىچە ۋە سىبىرىيە ئورمانلىرىدىن سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەردە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇ ئىمپېراتور چىڭگىزخاننىڭ نامىنى تەنتەنە بىلەن قوبۇل قىلىشقا تامامەن ھەقلىق ئىدى. دەرۋەقە، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە ئىدى. بىر چاغلاردا بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا مۇشۇ ئاتاقنى بەرگەنىدى. لېكىن، بۇ ئاتاق تېخى تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن ئەلگە رەسمىي ئېلان قىلىنمىغانىدى.

چىڭگىزخان قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولغاچقا، 1206 ـ يىلى (يولۋاس يىلى) ئەتىيازدا ئونون دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قۇرۇلتاي ئېچىشنى قارار قىلدى. قۇرۇلتايغا ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، سەپداشلىرى، سانغۇنلىرى ۋە نويانلار (بەگلەر)، ئىشقىلىپ، بارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى قاتناشتى. قۇرۇلتاي ئېچىلىدىغان كۈنى ئېگىز يەرگە توققۇز تى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

رەككە بېكىتىلگەن توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراق ئورنىتىلدى. شامان كۆكچۇنىڭ جاكارلىشى ۋە بارلىق ئىشتىراكچىلارنىڭ بىر ئېغىزدىن ماقۇللىشى بىلەن، تېمۇچىن «ئىلاھىي چىڭگىزخان» دەپ ئېلان قىلىندى. راشىددىننىڭ موڭغۇل يىلنامىسىدە بۇ ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

«ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك ئىشلىرى بىلەن موڭغۇل ئېلىدە ئابرۇي تاپقان ئاتاقلىق ئەۋلىيا كۆكچۇ تەب تەڭرى مۇنلىك ئوغلى قۇرۇلتايدا مۇنداق دېدى: ھەممىگە قادىر تەڭرى يەر يۈزىنىڭ پادىشاھلىقىنى ساڭا ئاتا قىلدى. شۇ زېمىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنى گۇرخان دەپ ئاتىۋالغان خوجىلىرى سېنىڭ قولۇڭ بىلەن بىتچىت قىلىندى، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتتى. ئەمدى سېنىڭ ئاتىقىڭ ‹چىڭگىزخان› بولسۇن. سەن شاھلارنىڭ شاھى بولدۇڭ. ھەممىگە قادىر ئىگىمىز سېنىڭ نامىڭنى چىڭگىزخان، شاھلار شاھى، ھۆكۈمدارلار ھۆكۈمدارى بولسۇن دەپ ئەمر قىلدى». ھەممەيلەن بۇ ئىسىمنى خوپ كۆردى ۋە ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا ئەڭ مۇكەممەل كۈچ ـ قۇدرەت نېسىپ بولدى ۋە ئۇ دۇنيانىڭ خوجىسى بولدى.

«چىڭگىز» سۆزىنىڭ مەنىسىنى تۆتىنچى بابتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەندۇق. بۇ سۆز تەخمىنەن قىتانچە ئۇنۋان «گۇرخان»غا توغرا كېلىدۇ. قارا قىتان ھۆكۈمدارى قوللانغان «گۇرخان» دېگەن ئاتاق «پۈتۈن ئەلنىڭ بۈيۈك ئىمپېراتورى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېرەيت ھۆكۈمدارى بولسا، كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەنزۇچە «ۋاڭ خان» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. قۇرۇلتايدا چەت ئەلچە نامنىڭ ئورنىغا، خاس موڭغۇلچە ئاتاقنىڭ بېرىلگەنلىكىدىن مەلۇم دەرىجىدىكى مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنداق خاھىش «موڭغۇل» دېگەن مىللەت نامىنىڭ ئۆزلىشىپ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چىڭگىزخان قۇرۇلتايدىكى سايلامنىڭ قارارىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە بېرىلگەن ئاتاقنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇ ئاتاق كېيىنچە دۆلەت تامغىسىغا ئويۇلغان تۆۋەندىكى ئىبارە بىلەن تولۇقلاندى:

«تەڭرى ئاسماندا، خان ــ تەڭرىنىڭ زېمىندىكى قۇدرىتى، ئىنسانىيەت خوجىسىنىڭ تامغىسى.»

يۇقىرىدىكى باياندىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تېمۇچىننىڭ ئادەتتىكى بىر قەبىلە رەھبىرىدىن، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن موڭغۇل خەلقىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ كۆتۈرۈلۈشىدە كۆكچۇنىڭ: «بۇنداق تاللاشنى ئىلاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان» دەپ كۆرسەتكەنلىكى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇ ئىشنىڭ ئىلاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغانلىقىغا چىڭگىزخان ئۆزىمۇ ئىشەنەتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلتايدا «چىڭگىزخان» دېگەن نامنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس ناتىقلىق تالانتى بىلەن سۆزلىگەن ھاياجانلىق نۇتقىدىن ئاشۇنداق ئىشەنچ ۋە ئېتىقادى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا، ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزى: «مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى مېنىڭ پۈتۈن ئۇلۇسقا باش بولۇشۇمنى ئەمر قىلدى. تەڭرىنىڭ مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن مەن كېرەيىت ئۇرۇقىنى بىتچىت قىلىپ، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشتىم. مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى مېنىڭ ئېغىزىم ئارقىلىق سۆزلەيدۇ. توققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق بايراقتا چىڭگىز ئۇرۇقىنىڭ ئىلاھىي قوغدىغۇچىسى ئورۇنلاشقان. بۇ تۇغ ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغداپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە باشلايدۇ، بارلىق ئەللەرنى بويسۇندۇرىدۇ، چۈنكى مەڭگۈلۈك تەڭرى چىڭگىزخانغا ھەممە ئەللەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەرگەن. چىڭگىز مەڭگۈلۈك تەڭرىنىڭ كۈچى بىلەن ھۆكۈم سۈرىدۇ.»

دېمەك، چىڭگىزخان ئەۋلىيا كۆكچۇنىڭ موڭغۇل خەلقى ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدىكى تەسىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلان-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غان. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلىيالىققا ۋە ئومۇمەن بۇ ئاتالمىش ئەل-چىنىڭ ئىلاھىي ئىقتىدارلىرىغا ئىشەنگەن بولۇشى ناتايىن (كۆكچۇنىڭ ئىناۋىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ، شەخسەن خاننىڭ ئى-ناۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇش خەۋپى تۇغۇلغاندا چىڭگىزخان ئۇنى ئۆزىنىڭ يولىدىكى توسالغۇ دەپ بىلىپ كۆزدىن يوقاتتى.) شۇنداقتىمۇ، كۆكچۇ چىڭگىزنىڭ كۆزلىگەن مۇددىئالىرى ئۈچۈن ۋاقتىنچە پايدىلىق دەپ قارالدى. شۇڭا، چىڭگىزخان بۇ شامانىنى قەدىرلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ تۇل ئانىسىنى كۆكچۇنىڭ ئاتىسى مۇنلىك بىلەن نىكاھلاندۇردى.

چىڭگىزخان شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىلا موڭغۇل خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچ چىقارغان سەپداشلىرىغا مۇكاپات تارقاتتى ۋە ئۇلارنى مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى، 95 سانغۇنغا مىڭبېشىلىق مەر-تىۋىسىنى بەردى. پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى بوغۇرچى نويانغىلا ئۇنداق يارلىق بەرمىدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ دەرد-جىسى خاندىن تۆۋەن، مىڭبېشىلاردىن يۇقىرى، ئۇنىڭغا يارلىق-نىڭ نېمە كېرىكى؟»

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئىلاھ تەرىپىدىن زېمىنگە ئەۋەتىلگەن-لىكىگە ئىشىنىش بىلەن بىللە، ئۆزىنى خانلىق يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرگەن موڭغۇل خەلقىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغىمۇ ئىشىنەت-تى. موڭغۇل تارىخچىسى سانان سەچەننىڭ ئەسىرىدە 1206 ـ يىلىدىكى شۇ قۇرۇلتايدا ئېيتىلغان چىڭگىزخاننىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى خاتىرىلەنگەن: «بۇ خەلق مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرگە قارىماي، باتۇرلۇق، پىدا-كارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن ماڭا قوشۇلدى، خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتتىمۇ مەن بىلەن بىللە بولۇپ، كۈچۈمگە كۈچ قوشتى. تاكى مېنىڭ غايەم ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر ھەرقانداق خە-تەرلىك پەيتلەردىمۇ ماڭا چەكسىز سادىق بولغان، گوياكى تاغ

خىرۇستالىدەك بۇ ئېسىل خەلق بۇنىڭدىن كېيىن ‹كەكە[1] موڭغۇل› دەپ ئاتالسۇن ۋە يەر يۈزىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرسۇن!» سانان سەچەن يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلىدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خەلق (چىڭگىزخان دەۋرىدە 400 مىڭ جان ئىدى) كەكە موڭغۇل دەپ ئاتىلىدىغان بولدى».

دەسلەپكى موڭغۇل تارىخچىلىرىدىن بىرى بولغان سانان سەچەن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخان ئۆز خەلقى ئۈچۈن تەرتىپ ۋە قانۇن ئورنىتىشقا كىرىشتى، خانلىق ۋە دۆلەتنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلدى، ‹قۇللارنىڭمۇ، پۇتلارنىڭمۇ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىغا شارائىت ياراتتى›، خەلقنىڭ بەختى ۋە ئاسايىشلىقى ئۇلغايدى ۋە شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، قاغاننىڭ پۇقرالىرى ھېچقاچان بۇنداق بەخت ۋە ئاسايىشلىقنى كۆرمىگەنىدى».

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان كىگىز ئۆيلەردە ياشىغۇچى بارلىق ئەۋلادلارنى ‹موڭغۇل› دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. بۇ نام شۇنداق ئېسىل ئىدىكى، ھەممەيلەن ئويغانغان مىللىي ھېسسىياتى بىلەن بۇ نامدىن پەخىرلەندى. ھەممە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرى موڭغۇل خانىغا قارام بولدى ۋە موڭغۇل دەپ ئاتالدى». باشقىچە ئېيتقاندا، چىڭگىزخاننىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن بارلىق قېرىنداش قەبىلىلەر شۇ نام بىلەن ئاتالدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ موڭغۇل قەبىلىسىنى ئادەملەرنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى دەپ قارايتتى. بۇنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ: «بۇرغۇجى تۇقۇم، ئونون ۋە قۇرۇلۇندا تۇغۇلىدىغان ھەرقانداق ئوغۇل بالا باشقۇرۇلمىسىمۇ، ئۆگىتىل-

① كوروستوۋېسنىڭ ئەسىرىدە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، «كەكە» دېگەن سۆز «ئاسماندەك كۆك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مىسىمۇ ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلمىسىمۇ ئەقىللىق، باتۇر ۋە پالۋان بولىدۇ، ھەممىنى بىلىدىغان، چېچەن بولىدۇ. شۇ يەردە تۇغۇلىدىغان ھەرقانداق قىز تارانمىسىمۇ، پەرداز قىلمىسىمۇ يېقىملىق ۋە چىرايلىق بولىدۇ».①

بۇ ئەلۋەتتە ئەمەلىي مەزمۇنغا ئىگە بولمىغان لىرىكا. چىڭگىزخان ئەمەل قىلغان ياساقتىكى بىر ماددىدا كۆرسىتىلگەن مۇنۇ ئىمتىياز ئەينى دەۋردىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان: «ئىمپېرىيە پۇقرالىرىدىن ھېچكىم موڭغۇلنى مالاي ياكى قۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس».

چىڭگىزخاندەك ئۇلۇغ تارىخىي شەخسلەرنى گوياكى مۇئەييەن دەۋرنىڭ تەلەپلىرى، مۇئەييەن خەلقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېتىقادى ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالاھىدە يارالغان نامايەندىلەرگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. خەلق گوياكى بىر جەملىگۈچى. ئۇنىڭ جەملىگۈچى تەپەككۇرى ۋە ئىرادىسى ئۆزىنى تونۇش ئۈچۈن ئالاھىدە سەزگۈر مەنىۋى كۈچكە، ئالاھىدە ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولغان بىر شەخسنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئىرادىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. بۇنداق شەخسلەر خەلقنىڭ قەلبىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى جانلىق تىلغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ۋەتەنداشلار ياكى زامانداشلارنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىلىشلىرىنى رېئال ھەرىكەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلۇغ زاتلارنىڭ زەنجىرسىمان ھادىسىلەر ئىچىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ نىشانى بىزگە ھەممىشە ئېنىق بولىۋەرمەيدۇ. ئەسىرلەر ئۆتىدۇ، ئاشۇ ئۇلۇغ شەخس يەنىلا قانلىق ۋە ھەسرەتلىك تېپىشماق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ ۋە بىز ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن خەلقلەرنى غەزەپكە سالغانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇنداق زاتلار توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر شۇ

① بېرېزىننىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىل.

قەدەر زىددىيەتلىك بولماقتىكى، ئۇلارنىڭ كىشىلەردە قالدۇرغان تەسىرىنىڭ زادى قانداقلىقىنى ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ. ھال-بۇكى، بىزگە بۇگۇن چۈشىنىكسىز بولغان نەرسە ئەتىمۇ يەنە چۈشىنىكسىز بولۇپ قېلىۋېرىشى كېرەكمۇ؟

ھەربىر يېڭى ۋەقە ئاللىقاچان بولۇپ ئۆتكەن ۋە تاماملانغان كونا ۋەقەلەرنى يورۇتۇپ بېرەلەمدۇ؟ بىر قىسىم ھادىسىلەرنىڭ مەنىسى پەقەت ئەسىرلەر ۋە مىڭ يىللار ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاي-دىن ئايدىڭلىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىلىم - پەن تۇرمۇشنى ئې-نىقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ ھەمدە مەلۇم بولغان تە-رەققىيات دائىرىسىنى ئېنىقلاشقا ياردىمى تېگىدىغان يېڭى پا-كىتلارنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

سوقرات 19 - ئەسىرگە كەلگەندە، يەنى بۇ دانىشمەن ئۆلتۈ-رۈلۈپ 22 ئەسىر ئۆتكەندە ئادىل باھاغا ئېرىشكەن.

بىر ئادەمنى، بولۇپمۇ ئۇلۇغ شەخسنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇ-نىڭ شەخسىيىتىگە، ئۇنى يېتىلدۈرگەن ماكانغا ۋە ئۇ پائالىيەت قىلغان زامانغا دىققىتىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. چىڭگىزخاننىڭ تۇرمۇشى ۋە پائالىيەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئۈچ خىل ئامىلدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئاشۇ ئۈچ ئامىلنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇلۇغ شەخسلەرنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە پۈتۈن بىر خەلق، پۈتۈن بىر دەۋر ھەققىدىكى بايقاشقا ئىگە بولىمىز. شۇڭا چىڭگىزخان، تۆمۈرلەڭ، ئالېكساندىر ماكېدونسكىي قاتارلىق بۈيۈك جاھان-گىرلار «قانداق ئېھتىياجلارنى قاندۇردى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن يەر - جاھاننى خارابىلىككە تولدۇردى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ خان-لىقلارنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن شۇنچە كۆپ گۈزەل شەكىللەرنى يەر يۈزىدىن يوقاتتى؟» دېگەندەك قېلىپلاشقان سوئاللارنى ئوتتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

رىغا قويۇش ئورۇنسىز. بىز مۇنداق جاۋاب بېرىشكە ھەقلىقمىز: شۇ چاغقىچە كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنىڭ ئاياغلاشماس ۋە زېرىكىشلىك خىلۋەتلىكىدە مۈگدەپ ياتقان ۋە كېيىن چىڭگىزخان ياكى تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلغان ئاشۇ خەلقلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى ئويغىنىش ۋە كۈرەشچان تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھالاۋەتلىرى ۋە تەشۋىشلىرىنى تېتىپ كۆرۈش ئېھتىياجى يوقمىدى؟

چىڭگىزخاننىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى موڭغۇللارنىڭ ئەنە شۇنداق ئويغىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. خەلق قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان دېرەكسىز ئارزۇ - ئارمانلار ئۆزىنىڭ داھىيانە ئىپادىلىگۈچىسىنى، ئۆز ئىچىدىن چىققان غوللۇق شەخس ۋە قەھرىمانىنى تاپقاندا شۇ خەلقنىڭ تارىخى باشلىنىدۇ. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار خەلق بولالايدۇ، پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئاشۇ قەھرىمان ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر خەلقنىڭ تەپەككۇرىدا ماكان ۋە زامان كەڭلىكىدىكى بىرلىك ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. ئەنە شۇ ئەسلىمىلەر تارىخنى شەكىللەندۈرىدۇ. چىڭگىزخان موڭغۇل خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق قەھرىمانى ئىدى. ئۇ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى دۇنيا تارىخىدا مەلۇم بولغان موڭغۇل خەلقى يوق ئىدى. ئىلگىرى ئۇرۇقلار ۋە قەبىلىلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ئىپتىدائىي، يوگەنسىز ۋە خۇددى باھار كۈنلىرى موڭغۇل يايلاقلىرىنى قاپلاپ كېتىدىغان ياۋا گۈللەردەك رەڭدار ئىدى. شەخسنىڭ رولى يوق ئىدى، پۈتۈن - پۈتۈن ئۇرۇقلار ئۆز ئالدىغا ياشايتتى. چىڭگىزخان پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرى بىرلىشىپ تارىخىي خەلق بولۇپ قالدى. بۇ خەلقنىڭ قەھرىمانلىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى خەلقلەر ئىچىدە ئوخشاشمايدىغان تەسىراتلارنى قالدۇردى، بەزىلەر ئۇلارغا

ھېسداشلىق قىلىپ زوقلاندى، يەنە بەزىلەر خۇددى بۆركۈتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۈركۈپ كەتكەن قۇشلاردەك ۋەھىمە ۋە قورقۇنچقا چۆمدى.

چىڭگىزخان تەختكە ئولتۇرۇپ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە خاس شجائەت ۋە تەشكىلاتچىلىق تالانتى بىلەن ئۆزىنىڭ كەڭرى كۆچمەن ئۇلۇسىنى قۇرۇش ئىشىغا پائال كىرىشىپ كەتتى.

ئۇ دۆلەت قۇرۇشتا شۇ زاماندىكى موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ئاساسلاندى. ھەربىر ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىدىكى بىر ئاقساقال باشقۇراتتى. بىرنەچچە ئۇرۇق بىر قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. قەبىلىنى مەرتىۋىسى تېخىمۇ چوڭراق بىر شەخس باشقۇراتتى. شۇ بويىچە دەرىجىمۇدەرىجە ئۆرلەپ، ئەڭ ئاخىردا ھەممىسى خانغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئۇرۇق – جەمەتنى باشقۇرۇش ۋە شەخسكە بويسۇنۇشتىن ئىبارەت شەخسلىك ئىدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل تۈزۈم ھەربىي تەشكىلاتچىلىق پرىنسىپلىرىغا يېقىن كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق تۈزۈمدە خەلق ئاممىسىنىڭ چوڭقۇر دىنىي ئېتىقادى ئەكس ئېتىدۇ. ھازىرقى زاماندىمۇ دىنىي ئېتىقاد شەكلەن بولماستىن، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن. شۇڭا دىن تۇرمۇشقا، تۇرمۇش دىنغا ئۆزلەشكەن. ئەنە شۇنداق ئېتىقاد چىڭگىزخان دۆلىتىنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى بولغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخان خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئىچىدىن چىققان سەپداشلىرى ئارقىلىق ئىمپېرىيەدىكى ھوقۇقنى يۈرگۈزەتتى. ب.ۋلادىمىرسوفنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، چىڭگىزخان ئەسلا خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە قوشۇلغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇ جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋ.بارتولدنىڭ ئېيتقانلىرى دىققەتكە سازاۋەر: «چىڭگىزخاننىڭ سۆزلىرى بىلەن ئورخۇن پۈتۈكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. ئورخۇن پۈتۈكلىرىدە قاغانلارنىڭ[①] ئۆز خەلقىگە قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرى يېزىلغان. بۇ قاغانلار دېموكراتىك ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغانىدى. مەزكۇر پۈتۈكلەرنىڭ ئاپتورلىرى تەكرار تەكىتلەيدۇكى، قاغان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى خەلقنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى، كىيىدىغان كىيىمى يوق ئىدى، قاغاننىڭ غەمخورلۇقى ۋە قەھرىمانلىقى بىلەن نامرات خەلق باي بولدى، ئاز سانلىق خەلق كۆپ سانلىق بولدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرما ھالدا چىڭگىزخان شۇنداق دەيدۇكى، ئۇ خان بولۇشتىن ئىلگىرى يايلاقلاردا ھېچقانداق تەرتىپ يوق ئىدى؛ كىچىكلەر چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى؛ قارام خەلق باشلىقلارنى ھۆرمەتلىمەيتتى؛ باشلىقلار ئاۋام خەلق ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمايتتى. چىڭگىزخان تەختكە چىققاندىن كېيىن قاتتىق تەرتىپ ـ ئىنتىزام ئورناتتى ۋە ھەركىمگە ئۆز ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى».

شۇڭا، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرى، نۇتۇقلىرى، پەرمانلىرى، بەلگىلىمىلىرىدە تۈرك قاغانلىرىدەك خەلققە مۇراجىئەت قىلمايدۇ، پەقەت خانزادىلەر، نويانلار ۋە باتۇرلار بىلەنلا سۆزلىشىدۇ.

ۋاھالەنكى، بىز ئۇلۇغ موغۇل خاقانىغىمۇ ئادىل باھا بېرىشىمىز كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئاقسۆڭەكلەرچە نۇقتىئىنەزەرىگە قارىماي، لەشكىرىي قىسىملار ياكى مەمۇرىي ئىشلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپكە تەيىنلەشتە ھېچقاچان كىشىلەرنىڭ نەسەبىگىلا قاراپ قالمىدى، بەلكى مۇئەييەن شەخسنىڭ كەسپىتە لاياقەتلىك بولۇشىغا ۋە بەلگىلەنگەن مەنۋى تە-

① 6 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان تۈرك ئىمپېرىيەسىنىڭ قاغانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

لەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. خادىملارنى ئا-
شۇنداق تاللاشتا ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىنى چۈشىنەلەيدىغان ۋە
كىشىلەر خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دانىشمەنلەرچە ئا-
قىللىقى نامايان بولدى.

ئۇ ۋاپادار، سادىق ۋە چىداملىق ئادەملەرنى قەدىرلەيتتى ۋە
رىغبەتلەندۈرەتتى؛ ئاسىيلىق، خائىنلىق ۋە قورقۇنچاقلىقنى ئەڭ
چوڭ ئىللەت دەپ ھېسابلايتتى. چىڭگىزخان ئەنە شۇنداق ئالامەت-
لەرگە ئاساسلىنىپ كىشىلەرنى ئىككى تۈرگە ئايرىيتتى. بىر
خىل كىشىلەر باركى، ئۇلار ماددىي مەئىشەت ۋە بەختەرلىكنى
ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي شان ـ شەرىپى ۋە ۋىجدانىدىنمۇ ئۈستۈن
كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇلار قورقۇنچاقلىق ۋە خائىنلىققا مايىل كېلىدۇ.
بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ باشلىقىغا ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىدىن
قورقۇپلا ئىتائەت قىلىشىدۇ، چۈنكى باشلىق ئۇلارنى پاراۋانلىق-
تىن ۋە ھەتتا ھاياتتىن مەھرۇم قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار
باشلىقنىڭ ئالدىدا تىترەپ كۈچۈكلىنىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ما-
ھىيەتتە قورقۇنچنىڭ قۇلى. ئۇلار ئۆز خوجايىنلىرىغا ئاسىيلىق
ياكى خائىنلىق قىلىپ، قورقۇنچنىڭ مەنبەسىدىن قۇتۇلۇشنى
ئويلايدۇ. بۇلار پەسكەش مۇناپىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چىڭگىز-
خان ئۆزىنىڭ ئىشغالىيەتچىلىك يولىدا ئۇلارنى شەپقەتسىزلىك
بىلەن يوقىتىپ ماڭدى. مەسىلەن، شۇنداق ئادەملەر چىڭگىزخا-
نىڭ دۈشمىنى بولغان خوجايىنىغا خائىنلىق قىلىپ، تەقدىرلى-
نىش تاماسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چىڭگىزخان ئۇلارنى
ئۆلتۈرگەن. ئەكسىچە، ئۇ غەلبىدىن كېيىن دۈشمەن تەرەپتىكى
خوجايىنىغا سادىق بولغانلارنى مۇكاپاتلاپ، ئۆز يېنىغا تارتقان،
گەرچە بۇنداق ساداقەتمەنلىك چىڭگىزخانغا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا
خەۋپلىك بولسىمۇ.

چىڭگىزخان قەدىرلىگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ غۇرۇرى ۋە

ۋىجدانىنى بىخەتەرلىك ۋە ماددىي پاراۋانلىقتىن ئۈستۈن قويغان. ئۇلار ئۆز هاياتىنى ۋە هايات مەئىشەتلىرىنى نابۇت قىلىدىغان ئادەمدىن قورقمايدۇ، ئۆزلىرىنى شەرمەندە قىلىدىغان ۋە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان قىلمىشتىن قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا مەنىۋى ئۆلچەم هەمىشە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار مەنىۋىلىكنى قەدىرلەيدۇ. بۇنداق روھ ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇستەهكەملىكىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇ دۇنيا ئىلاھ ئورناتقان تەرتىپ - تۈزۈم بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ، هەربىر ئادەم ئۆز ۋەزىپىسى ۋە بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۆزىگە بەلگىلەنگەن ئورۇندا بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنداق پىسخىكا تۈرىگە ياتىدىغان ئادەملەر باشلىقنى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىلاھ تەرىپىدىن ئورنىتىلغان ئىجتىمائىي پەلەمپەينىڭ بىر باسقۇچى، تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇندىكى چوڭ باشلىقنىڭ ۋەكىلى دەپ قارايدۇ، هەممە باشلىقلار ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇندىكىسىگە باغلىنىپ، هەممىسى چىڭگىزخانغا بويسۇنىدۇ. چىڭگىزخان بولسا، مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنى باشقۇرىدۇ.

چىڭگىزخان ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي پەلەمپەيدە تۇرۇپ، شۇ خىل پىسخىكىدىكى ئادەملەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىمۇ تېپىك موڭغۇل ۋە شۇ خىل پىسخىكىدىكى ئادەم بولغاچقا، كۆچمەن خەلقلەر ئىچىدىن شۇ خىلدىكى ئادەملەرنى ئىزدەيتتى. كۆچمەن خەلقلەر ئىچىدىن ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەر كۆپ چىقاتتى، چۈنكى ئۇلار ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ خوراپىي ئىدى. كۆچمەنلىك تۇرمۇش شارائىتىدا ئۇلار كۆچمەس مۈلۈك يىغمايتتى. شۇڭا، مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسىدە ساختىپەزلىك، ئاسىيلىق قىلىشمايتتى. كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان

نەرسە ئۇلارنىڭ دىلىدا ساقلىناتتى، شەھەرلىكلەر بولسا، ماددىي
مەئىشەتنى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەپ ھېسابلايتتى.

چىڭگىزخان شەھەرلىكلەرنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى
خىل پىسخىكا تۈرىنىڭ بىرىنچىسىگە مەنسۇپ قىلاتتى. ئۇ،
گەرچە جۇڭگو ۋە پېرسىيە (ئىران)دەك يۈكسەك مەدەنىيەتلىك
ئەللەرنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، شۇلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك
مەنسەپلەرگە ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىلا قويغان. شۇ
سەۋەبتىن چىڭگىزخان ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنى مەنسىتمەيت-
تى. ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرىغا ۋە پۈتۈن موڭغۇل خەلقىگە كۆچمەنلىك
تۇرمۇش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ساقلاش، ئولتۇراقلىشىپ قېلىش-
تىن ساقلىنىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلغان. ھازىرقى موڭ-
غۇللارمۇ ئۇنىڭ شۇ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلماقتا.

ئولتۇراق خەلقلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ناتوغرا يوللار بىلەن
تېپىلغان ماددىي بايلىققا بولغان ئاچ كۆزلۈكى، تۆۋەن دەرىجە-
لىكلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن ھاقارەتلىك مۇئامىلە قىلىدىغانلى-
قى، يۇقىرى دەرىجىلىكلەرگە خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنى پەسلەش-
تۈرۈشى چىڭگىزخاننى نەپرەتلەندۈرەتتى. ئۇ شەھەرلىكلەرنىڭ
سىياسىي ھاياتىنى مەنسەپپەرەسلىك، ساختىپەزلىك ۋە خائىن-
لىق، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ شۇ زاماندىكى مەدەنىيەتلىك ئەللەردە ئېلىپ بارغان
ۋەيرانچىلىقلىرى ۋە قىرغىنچىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇنى مەدەنىيەت-
كە ئۆچمەنلىك قىلاتتى، دېسەك توغرا بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلۇغ
موڭغۇل ئىشغالىيەتچى ئۆز ئالدىغا قويغان مۇھىم سىياسىي ۋە-
زىپىلەردىن بىرى ـــ ئاسىيا مەملىكىتىنى شەرق ۋە غەرب مەدە-
نىيەتلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاستىچى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش-
تىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭغا قارام خەلقلەر ھەر
ئىككى خىل ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولالايتتى. ھالبۇكى، چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ تېخنىكىسىدىن باشقا ھېچنېمىسىگە يۇقىرى باھا بەرمەيتتى. يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئۇ شەخسلەرنى ئىككى خىل پىسخىك تۈرگە ئايرىغاندەك، پۈتكۈل خەلقلەرنىمۇ مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار ۋە تىنچ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان يىرتقۇچلاردىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىيتتى. ئۇ بۇنداق قاراقچى تەبىئەتلىك خەلقلەرنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايتتى. بىرىنچى تۈردىكى خەلقلەرنى بولسا، ئۇ پولكوۋنىك رىنىك ئېيتقاندەك ئالىيجانابلىق روھى بىلەن قەدىرلەيتتى. «بۇ دانىشمەن، ياۋايى تەبىئىي ئۇلۇغۋارلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە پەزىلەتلىك ۋە مەرد ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق خىسلەتلىرىگە قاراپ جۇڭگولۇقلارمۇ ھەيران بولاتتى. ئۇ ھەقىقىي ئاقسۆڭەك ۋە پادىشاھ ئىدى».①

ئۇ گەرچە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە موڭغۇل تىلىدىن باشقا بىرمۇ تىلنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋارىسلىرىنىڭ چەت ئەللىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ئوغۇللىرى ۋە ئومۇمەن موڭغۇل ئېسىلزادىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەرىپەت يولىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ غېمىنى قىلدى.

ۋەيرانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقتا كەلسەك، بۇ پەقەت ئۇرۇش مەزگىلىدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال بولۇپ، شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە «ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى» دەپ قارىلاتتى. بۇ ھەقتە بىز توققۇزىنچى بابتا يەنە توختىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل دۆلىتى ئاساسىي جەھەتتىن كۆچمەنلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىن چىڭگىزخان پەقەت كېرەكلىك قەلەمدارلارنىلا ئالاتتى. شۇنىڭ

① رىنىكنىڭ ئەسىرى، 40 ـ بەت.

بىلەن بىللە، باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويۇلغان شەخسلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەردىن تاللىناتتى. چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىدە بىرمۇ «سايلام» ئورگىنى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەرگىزمۇ سايلانغان ئىمپېراتور ۋە بولۇپمۇ خەلق سايلىغان ئىمپېراتور، دەپ ھېسابلىمايتتى. بىلىشىمىزچە، 1206 ـ يىلىدىكى قۇرۇلتايدا ھېچقانداق ئاۋاز بېرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلمىغان. دېمەك، چىن مەنىدىكى سايلامىمۇ ئەسلا مەۋـ جۇت بولمىغان. چىڭگىزخان سەركەردىلەر، باتۇرلار ۋە بەگلەر تەرىپىدىن، يەنى ئاشۇ تاللانغان ھوقۇقدارلار تەرىپىدىن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ سەردارى، دەپ ئېلان قىلىنغان. موڭغۇل ئىمپېرىـ يەسىدە «خەلق ھوقۇقى» دېگەن گەپ يوق ئىدى، ھوقۇقدارلار قاتلىمىنىڭ «خەلقنى باشقۇرۇشى»لا بار ئىدى. شۇنداقلا دىنمۇ دۆلەت ئاساسى قىلىنغانىدى. چىڭگىزخان ئۆزىمۇ ھەم ئۇنىڭ سەپداشلىرىمۇ دىندار كىشىلەر ئىدى، لېكىن دىنغا ئېتىقاد قىـ لىش مەجبۇرىيىتى رەسمىي يوسۇندا ئېلان قىلىنمىغانىدى. خىزمەتچىلەر ئىچىدە ھەممە دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىـ لەر بار ئىدى: شامانىلار، بۇتپەرەسلەر، مۇسۇلمانلار ۋە خىرىسـ تىيانلار (نېستورىيانلار) چىڭگىزخان ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قايسى دىنغا بولمىسۇن ئىشقىلىپ بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىشىنى دۆلەت ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارايتتى. چىڭگىزخاننىڭ ياساقتىن ئىبارەت قانۇنلار توپلىمىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەممە ئادەمنىڭ بىر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىشىنى بۇيرۇيمىز. تەڭرى ــ ئاسمان ۋە يەرنى ياراتقۇچىدۇر، بايلىق ۋە نامراتلىقنى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنى بەرگۈچىدۇر. ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىرادىـ سى بىلەن بولىدۇ».

بۇ نەقىل لېمىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىندى. ۋاھالەنكى، ياساقـ نىڭ مەزكۇر ماددىسىدا ئېيتىلغان سۆزلەر ئومۇمىي خەلققە ئۇقـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇش قىلىنمىغان. ئېھتىمال، ئىمپېراتور ئۆز پۇقرالىرى ئىد-چىدە دىنىي تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېھتىيات قىلغان بولسا كېرەك. بۇنى دانا قارار دېمەي بولمايدۇ.

13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخانىنىڭ خاندانلىقىدا ئەنە شۇنداق كەڭرى دىنىي ئەركىنلىك يولغا قويۇلغانىدى. ياۋروپادا بولسا «دىنسىزلار ۋە غەيرىي دىندىكىلەر»نى كەڭ كۆلەمدە قىرغىن قى-لىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىدىن كې-يىنكى دىنىي ئۆچمەنلىك ئوتلىرى يالقۇنلاپ كۆيگەن بىرنەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن بۇنداق دىنىي ئەركىنلىككە يول ئېچىلدى.

موڭغۇل قەبىلىلىرى قۇدرەتلىك بىر ئۇلۇس بولۇپ بىر-لەشكەندىن كېيىن، قوراللىق قىسىملارنى قۇرۇش ئىشى چىڭ-گىزخانىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نىشانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. يې-تەرلىك لەشكىرىي قىسىملار بولغاندىلا ئىمپېرىيەنىڭ بىرلىكى-نى قوغداشقا ۋە بۇ موڭغۇل خاقانىنىڭ ئەمدى كۆزلىگەن كەڭ دائىرىلىك سىياسىي مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. بۇ جەھەتتە قوللىنىلغان تەدبىرلەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ كېيىنكى بابىدا ئايرىم سۆزلىنىدۇ. قوشۇن تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى مۇھىم ۋەزىپە، پۇقرالارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بەلكىم تې-خىمۇ قىيىنراق بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى موڭغۇللار تې-خى مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا ئىدى. چىڭگىزخان بولسا ئانا تىلىدىن باشقا ھېچقانداق تىلنى بىلمەيتتى. ئۇ دەۋر-لەردە موڭغۇللارنىڭ يېزىقىمۇ يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە موڭغۇللار-نىڭ تۇنجى ئۇستازى ئۇيغۇر تاتا تۇڭا ئىدى. ئۇ ئەسلىي نايمان دۆلىتىنىڭ چىڭگىزخان بىلەن بولغان جەڭدە قازا تاپقان ھۆ-كۈمدارى تايانخانىنىڭ مۆھۈردارى ئىدى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ داھىيانە پاراستى بىلەن يېزىقنىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندى ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ۋە ئۆزىگە قارام بولغان كۆچمەن خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشكەن بۇ ئەمەلدارنىڭ بىلىمىدىن پايدىلاندى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ قولى يېتىدىغان جۇڭگو مەدەنىيىتىدىن پايدىلانسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تاللىۋالدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار مەنىۋىلىك جەھەتتە كۆچمەنلەرگە يېقىنراق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدە كۆچمەنلەر ۋە يايلاق تۇرمۇشىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ساقلانغان ئىدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بۇ مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن يەنىلا ئۆز خەلقىدىن ۋە يايلاق تۇرمۇشىدىن ئايرىلمىدى.

چىڭگىزخاننىڭ ئاسراندى ئىنىسى شىگى قۇتۇق ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە ئىلىم - مەرىپىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن موڭغۇللارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا چىڭگىزخان ئۇنى باش قازى قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق يوليورۇق بەرگەن:

«مەن ھەممە خەلقلەرنى قول ئاستىمغا يىغدىم، ئەمدى سەن مېنىڭ قۇلىقىم ۋە كۆزۈم بول. سېنىڭ گېپىڭگە ھېچكىم قارشى تۇرالمايدۇ. ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلغانلارنى سوتلاش ۋە جازالاش ئىشىنى ساڭا تاپشۇردۇم؛ كىم ئۆلۈمگە لايىق بولسا شۇنى ئۆلتۈر، كىم جازاغا لايىق بولسا شۇنى جازاغا تارت؛ ئەل ئىچىدىكى يەر - مۈلۈك بۆلۈشىدىغان دەۋا ئىشلىرىنىمۇ سەن بىر تەرەپ قىل؛ بىر تەرەپ قىلىنغان ئىشلارنى يېزىپ خاتىرە قالدۇر، كېيىن باشقىلار ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدىغان بولسۇن».

چىڭگىزخاننىڭ تاللىشى ناھايىتى توغرا بولغانىدى. شىگى قۇتۇق قازىلىقنى نەمۇنىلىك ئىشلىدى، ھەتتا بەزى جەھەتلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى؛ مەسىلەن، ئۇ قىيىن - قىستاق ئاستىدىكى ئىقرارغا ئىشەنمەيتتى.

يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان يېزىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈل- گەن مۇھىم ئۇتۇقلارنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، موڭغۇللارنىڭ تۇر- مۇشتىكى قائىدە - يوسۇنلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دۇنيا قاراشلىرى قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، يېزىق بىلەن خاتىرىلەندى. بۇ قا- نۇنلار ئەلۋەتتە شەخسەن چىڭگىزخاننىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا رەتلەندى. بۇ قانۇنلار «چوڭ ياساق» دەپ ئاتىلىپ، ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلدى:

1) بىلىك ــ چىڭگىزخاننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ توپ- لىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، قانۇن چىقارغۇچىنىڭ نەزەرىيەۋى تۈس ئالغان ئوي - پىكىرلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە قارارلىرىدىن تەر- كىب تاپقان. بۇنىڭدا يەنە كونكرېت مەسىلىلەرگە ئائىت قارال- مىلارمۇ سۆزلىنىدۇ.

2) «ياساق»نىڭ نەق ئۆزى ــ نوقۇل لەشكىري ۋە پۇقراۋىي قانۇنلارنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن قانۇننى بۇز- غانلارغا بېرىلىدىغان جازالار خاتىرىلەنگەن.

«ياساق چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى ئى- دى، ئۇلار بۇ قانۇندىن ھەرگىز چەتنىمەيتتى».①

چىندامانىن ئەرىفەنىڭ موڭغۇل يىلنامىسىدە مۇنداق دېيىل- گەن:

«ئالتۇن خان (جىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىنى دېمەكچى ــ تەرجىماندىن) قاچقاندىن كېيىن ۋە جۇڭگولۇقلار، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ- گىزخان دىلى يورۇغاندەك بولۇپ شۇنداق ئويلىدى: جۇڭگولۇقلار- نىڭ قانۇنلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى پۇختا، ئىنچىكە ۋە ئۆزگەر-

① بېرىيوزىن: «جوچى ئۇلۇسىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»، 1868 - يىل.

مەس ئىكەن. چىڭگىزخان شۇنداق ئويلاپ، شەھەرلىكلەر مەملى-
كىتىدىن يېزىق ئۆگىنىدىغان ئۇلۇغ ئۇستازنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىل-
لىق 18 شاگىرتىنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇلارغا
خەلقنى خاتىرجەملىك ۋە ئاسايىشلىقتا ئىگە قىلىدىغان قانۇن
(يوسۇن) تۈزۈشنى ۋە يەنە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھ-
كەملەيدىغان قانۇنلار كىتابى (خۇلى يوسۇنى بىلىك)نى يېزىپ
چىقىشنى تاپشۇردى. قانۇنلار تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن چىڭ-
گىزخان ئۇلارغا قاراپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىغا ماس
كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە تۈزگۈچىلەرنى ئۇنۋانلار بىلەن تار-
تۇقلاپ، تەقدىرلىدى.»

موڭغۇلشۇناس ئاپتورلارنىڭ تولىسى 1206 - يىلىدىكى قۇ-
رۇلتايدا ئېلان قىلىنغان «بۈيۈك ياساق»نىڭ غايەت زور ئەھمىي-
ىتىنى قەيت قىلىشىدۇ. مەزكۇر ياساق دۆلەت ئىچىدە قانۇن -
تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشى، كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئا-
دەتلىرىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش ۋە كېيىنكى خانلىقلاردا
قانۇنچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا (مەسىلەن، جۇڭگودىكى يۈەن
سۇلالىسىدە نىزامنامىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە) مۇھىم رول ئوينىدى.

ئى.كوروستوۋېتس چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلار توپلىمى توغرى-
سىدا تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىرىدۇ: «ياساق — دىن مەسىلى-
رىدە كەڭ قورساق بولۇشنى، ئىبادەتخانىلار، دىنىي زاتلار ۋە يا-
شانغانلارنى ھۆرمەتلەشكە دەۋەت قىلىدۇ؛ شۇنداقلا نامراتلارغا قا-
رىتا رەھىمدىل بولۇشنى ئۆگىتىدۇ؛ ياساق — موڭغۇللارنىڭ ئا-
ئىلىۋى تۇرمۇشىنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ؛ ياساقنىڭ خاس
تەلىماتىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان جىنايەتلەر تەپسىلىي تو-
نۇشتۇرۇلىدۇ؛ مەسىلەن، بۇ خىلدىكى جىنايەتلەر تۆۋەندىكىلەر-
دىن ئىبارەت: بەگلەرنىڭ خاندىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ئۈچىن-
چى شەخس بىلەن ئالاقە باغلىشى؛ جەڭدە ياردەم بەرمەسلىك، باش-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىقنىڭ رۇخسىتىسىز خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ كېتىش؛ لەشكەرلەر ۋە پىدائىيلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى؛ ئەسىرلەرنىڭ كىم تەرىپىدىن تۇتۇلغانلىقىنى سوروشتۇرمەي تۇرۇپ ئۇلارغا رەھىمدىللىك قىلىش؛ قاچقۇن قۇللار ۋە تۇتقۇنلارنى ئۆز خوجايىنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك، قاتىللىق، ئوغرىلىق، ساختا گۇۋاھلىق بېرىش؛ خائىنلىق، بۇزۇقچىلىق، ئېنىق يالغانچىلىق، جادۇگەرلىك، ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشاش؛ ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە يان بېسىش ۋە باشقىلار.»

چەت ئەللىك كۆزەتكۈچىلەرمۇ (مەسىلەن، پىلانو كارپىنى بىلەن ۋىلگېلىم رۇبرۇك) مەزكۇر قانۇنچىلىقنىڭ خەلققە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى تەكىتلەيدۇ. پلانو كارپىنى مۇنداق دەپ يازىدۇ (1246 ـ يىلى): «ئۇلارنىڭ (موڭغۇللارنىڭ) ئارىسىدا جېدەل ـ ماجىرا، ئۇرۇش ـ تالاش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزئارا دوستانە مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەۋا ئىشلىرى كەم كۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىپپەتلىك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلمىشلىرى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.»

موڭغۇلىيەگە بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشكەن جۇڭگولۇق سانغۇن مىڭ خۇڭمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش تەسىراتتا بولغان. ئەرەب يازغۇچىسى ئىبن باتۇتامۇ ئوغرىلىققا قارشى قانۇنلارنىڭ قاتتىق بولغانلىقىدىن موڭغۇللاردىن ئات ئوغرىسى چىقمايدىغانلىقىنى يازىدۇ.[1]

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلىرى پەقەت نەزەرىيە بىلەنلا چەكلىنىپ

① بۇ بىر ئابزاس گرۇم-گرژىمايلونىڭ «غەربىي موڭغۇلىيە ۋە ئۇرانخاي دىيارى» (لېنىنگراد، 1927 ـ يىل) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قالمىغان. ئۇ قانۇننى مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە قىلالىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ تەلەپچانلىقى ۋە خادىملارنى تاللاشنى بىلگەنلىكى بىلەن ئەنە شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلىگەن. قانۇن پەقەت «پۇقرالار (بويسۇندۇرۇلغان)»غىلا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمدارلارغىمۇ ئۆز كۈچىنى ئۆتكۈزەلىگەندىلا، ئاندىن خەلق ئىچىدە يىلتىز تارتالايدۇ. بۇ جەھەتتە ئالىي ھۆكۈمدار ئۆزىمۇ قانۇنغا بويسۇنۇشنىڭ جانلىق ئۈلگىسى بولغانىدى.

پولكوۋنىك رىنىك مۇنداق دەيدۇ: «ئوقۇشنىمۇ، يېزىشنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ مۇستەبىت يېزىلغان قانۇنغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۆزى بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامغا ئۇنىڭدەك ئەستايىدىل رىئايە قىلىدىغان يەنە بىر ھۆكۈمدارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ قوللانغان ئەڭ دەھشەتلىك جازا تەرتىپلىرىدە ھەتتا ئۇنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭغا گۇناھ ئارتقۇدەك ئازراقمۇ يوچۇق تاپالمايتتى».

شۈبھىسىزكى، شەخسەن خاننىڭ مۇشۇنداق ئۈلگە كۆرسىتىشى پۈتۈن موڭغۇل مەمۇرىيىتى ۋە قازىلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنى قاتتىق قانۇنچىلىق روھىدا تەربىيەلىگەن.

چىڭگىزخان ئۆزى ياساقنىڭ تۈرغۇزۇلۇشى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق سۆز ـ ئۇزۇندىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

«ئەگەر ئۇنىڭدىن (چىڭگىزخاندىن) كېيىن چىقىدىغان ھۆكۈمدارلار، مۆتىۋەرلەر، باتۇرلار ۋە نويانلار ياساققا قاتتىق رىئايە قىلمىسا دۆلەتنىڭ ئىشلىرى تەۋرەپ قالىدۇ ۋە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر يەنە چىڭگىزخاننى ئىزدەشكە كىرىشىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دۇ، لېكىن ئۇنى تاپالمايدۇ... بەش يۈز يىل، مىڭ يىل، تۈمەن يىل ئۆتكەندىن كېيىن تۇغۇلۇپ، مېنىڭ ئورنۇمنى ئالىدىغان ئەۋلادلىرىم مۇشۇ قانۇننى، چىڭگىزخاننىڭ ياساقلىرىنى ئۆز-گەرتمەي ساقلاپ قالسا، تەڭرىدىن ئۇلارغا شاپائەت ياغىدۇ.»

— لېكىن، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدۇ — دەيدۇ پىروفېسسور ۋلادىمىرسوف. چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلار توپلىمى ھازىر دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس، ھازىرقى موڭ-غۇللار ئۇنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ھازىرغىچە ياساقنىڭ پە-قەت ئايرىم قالدۇقلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇلارنى بىز تەستە چۈشىنىمىز. «شۈبھىسىزكى، ياساق چىڭگىزخاننىڭ ئىمپېرىيە-سىدە غايەت زور رول ئوينىغان ھەمدە موڭغۇللار ۋە ئۇلارغا قارام بولغان خەلقلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تەسىر كۆرسى-تىپ، ئۇزاققىچە ئاساسلىق قانۇنلار توپلىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان.»①

چىڭگىزخان تۇرغۇزغان بىلىك بولسا، تېخى يېزىق قوبۇل قىلىنمىغان دەۋردىن باشلاپ، ئاستا - ئاستا جۇغلىنىپ شەكىل-لەنگەن. چىڭگىزخان باشقا نۇرغۇن كۆچمەنلەرگە ئوخشاش ئالا-ھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرى ۋە باياناتلى-رىنى يېنىك قوشاق شەكلىگە سالغانلىقى ئۈچۈن بىلىك ئاغزاكى شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان. كېيىنچە، خەت ساۋاتى بار كىشى-لەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈر-گەن شۇ باياناتلار، شۇنداقلا، يېڭى پەند - نەسىھەتلەر توپلامغا كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىر «بىلىك» دېگەن نام بىلەن ئا-تالدى. بۇ توپلامغا، ئەلۋەتتە چىڭگىزخانغا يارىغان باياناتلار كىر-گۈزۈلگەن. بىلىكنىڭ ھەرخىل ئاپتورلار يازغان نۇسخىلىرى-نىڭ پارچىلىرىلا بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. بۇ پارچىلارنىڭ

① دېمەك، ياساق موسكۋا رۇسىيەسىدىمۇ ئاساسلىق قانۇن بولغان.

كۆپ قىسمى رەشىددىنگە تەئەللۇق بولۇپ، بىلىكنىڭ ماددىلارغا
بۆلۈنگەن بىرقەدەر تولۇقراق تېكىستى خاتىرىلەنگەن. بۇ تېكىست
ۋە ياساقتىن ساقلىنىپ قالغان ئۇزۇندىلەر مەزكۇر ئەسەرگە قو-
شۇمچە قىلىپ بېرىلدى.

تارىختىن قارايدىغان بولساق، شەرق ئەللىرىدە ئالىي ھۆ-
كۈمدار ۋە ئۇلارنىڭ نائىبلىرىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ئەڭ چوڭ
قانۇن ھېسابلىناتتى، لېكىن موڭغۇل دۆلىتى بۇلارغا تۈپتىن
ئوخشاشمايتتى. چىڭگىزخاننىڭ ئىمپېرىيەسى قاتتىق قانۇن ئا-
ساسىدا باشقۇرۇلاتتى، دۆلەت رەھبىرىدىن تارتىپ پۇقراغىچە
ھەممە ئادەم شۇ قانۇنغا ئەمەل قىلاتتى. بۇ ئىمپېرىيە ئۆزىگە
قوشنا بولغان مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى ئۆز تەركىبىگە قوشۇپ،
كۆچمەنلىك خاراكتېرىنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ قانۇن ئارقىلىق
باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۆزگەرمىدى. موڭغۇل ئەمەلدارلارنىڭ بوي-
سۇندۇرۇلغان ئەللەردىكى ھوقۇقى چەكلىك ئىدى. ئۇلارغا تەييار-
لىق سوتى ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى
بېرىلمىگەنىدى. باج ـ سېلىق ئىشلىرى قاتتىق بەلگىلىمە بويى-
چە ئېلىپ بېرىلاتتى. دۆلەت خىزمىتىنى ئىشلەش مەجبۇرىيە-
تىمۇ ئالاھىدە بەلگىلىمە بويىچە تىزىملىناتتى. دۆلەت پوچتىسى
ۋە مەمۇرىي ئىسلاھات دائىملىق ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەنى-
دى. دۆلەتنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى باشقۇرۇشقا شۇ يەرنىڭ ئەس-
لىدىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلىرى قويۇلاتتى. مەسىلەن، شىمالىي
جۇڭگو بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇن ئۆلكىگە ئايرىلىپ، ھەر-
بىرىگە جۇڭگولۇق ئەمەلدارلار باشقۇرۇشقا قويۇلغان.[1]

① گىرۇم-گىرژىمايلونىڭ ئەسىرىدە شۇنداق دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ لەشكىري تۈزۈلمىسى

چىڭگىزخان ئىمپېراتورلۇق تەختىگە چىققان ۋاقتىدىلا ئۆز قوشۇنىنىڭ تەشكىلىي ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇپ بولغانىدى. بۇ خىل تەشكىلىي قۇرۇلما توختاۋسىز ئۇرۇشلار بىلەن ئۆتكەن ئالدىنقى ئون يىل جەريانىدا جۇغلانغان كەڭ دائىرىلىك جەڭ تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەنە شۇنداق ئۇرۇش – جەڭلەر داۋامىدا ئۇلۇغ موڭغۇل ئىستېلاچىسىنىڭ قوماندانلىق ۋە تەشكىلاتچىلىق قابىلىيەتلىرى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈم سۈرگەن كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋاملىق راۋاجلاندى، بولۇپمۇ مەدەنىيەتلىك دۈشمەنلەردىن قوبۇل قىلىنغان تېخنىكا ھەربىي ئىشلار تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قوبۇل قىلىشلار لەشكىري قۇرۇلمىنىڭ تەپسىلاتلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، موڭغۇل قوراللىق قىسىملىرىنىڭ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى قۇرۇپ چىققان قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قالغان.

موڭغۇل خاقان ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ خىللانغان قىسمىنى قۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلدى. بۇ ھەقتە ب.ۋلادىمىرسوف مۇنداق دەيدۇ:

«چىڭگىزخاننىڭ شەخسەن ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆچمە

تۇرالغۇلىرىنى قوغدايدىغان خىل قوشۇنى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە شەخسەن ئۆزى باشقۇرىدىغان بىر مەشىقلەندۇرۇش ئورگىنى بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭغا سادىق سەپداشلار يېتىشتۈرۈلەتتى. چىڭگىزخان ئۇلارنى ھەربىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ھەرخىل ۋەزىپە ۋە مەنسەپلەرگە قوياتتى».

چىڭگىزخان مۇنداق پەرمان چۈشۈرگەن: «خىللانغان قىسىملاردىكى بارلىق لەشكەرلەر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن ئېلىنسۇن. تەڭرى مېنى ھەممە خەلقلەرنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئەمدى مېنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىم، خىللانغان لەشكەرلىرىم، ئوقياچىلىرىم ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئون مىڭ ئادەم تاللانسۇن ۋە مىڭلارغا، يۈزلەرگە بۆلۈنسۇن. شەخسەن مېنىڭ باشقۇرۇشۇمدا بولىدىغان بۇ ئادەملەر ئەمەلدارلار ۋە ھۆر شەخسلەرنىڭ ئىچىدىن ئېلىنسۇن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چەبدەس، كېلىشكەن ۋە كۈچلۈكلىرى تاللاپ ئېلىنسۇن... مىڭبېشىلار، يۈزبېشىلار، ئونبېشىلار ۋە ھۆر ئادەملەر ئىچىدە كىمدىكىم بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتسا، شۇ گۇناھكار سۈرگۈندە جازاغا تارتىلسۇن». بۇ ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنى تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى. چىڭگىزخان يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مۇھاپىزەت قوشۇنۇمنىڭ لەشكەرلىرى تاشقى (ئادەتتىكى قوشۇن قىسىملىرىدىكى) مىڭبېشىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تاشقى يۈزبېشى ۋە ئونبېشىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر تاشقى مىڭبېشى ئۆزىنى مۇھاپىزەتچىگە تەڭ ھېسابلاپ ئۈستۈنلۈك تالاشسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشسا جازاغا تارتىلسۇن». موڭغۇل ئىمپېراتورى خىللانغان قىسىمنى شەخسەن ئۆزى باشقۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلغان. «مۇھاپىزەتچىلەر قىسىمىنىڭ باشلىقلىرى مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئالماي تۇرۇپ قول ئاستىدىكىلەرنى جازالاش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىن كىمدىكىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ماڭا يەتكۈزۈلۈ-شى كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ كاللىسى ئېلىنىشقا تې-گىشلىك بولسا، شۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، كىم ئۇرۇشقا تې-گىشلىك بولسا، شۇ ئۇرۇلىدۇ».

خىللانغان قوشۇن ئىچىدە يەنە ئالاھىدە تاللانغان بىر قىسىم بولۇپ، ئۇلار «مىڭ باتۇر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قىسىم جەڭلەردىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئىشقا سېلىناتتى، تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا خاننى مۇھاپىزەت قىلىپ، قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

ئىلگىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرى ـــ تەشكىلسىز ۋە كۆپ ھاللاردا تاسادىپىي يىغىلىپ قالغان قورالىق توپلارنىڭ ئىنتىزامىنى بىلمەيدىغان رەھبەرلىرى ئىدى. چىڭگىزخان يايلاق ئاقسۆڭەكلىرىنى خىللانغان قىسىملار ۋە قوشۇندىكى قوماندانلىق ئورۇنلىرىغا جەلپ قىلىپ، مۇستەھكەم تەشكىلىي تۈزۈمنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن لەشكىرىي قىسىملاردىكى خىزمەت ۋە باشلىقلارنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتتىق ھەربىي قانۇن ئاساسىدا ئىش-لىنىدىغان بولدى. قوشۇنلاردا ئەڭ قاتتىق ئىنتىزام ئورنىتىلدى.

پۈتۈن موڭغۇل قوشۇنى ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كې-لىۋاتقان ئونلۇق سىستېما ئاساسىدا تەشكىللەندى، يەنى مىڭ كىشىلىك، يۈز كىشىلىك ۋە ئون كىشىلىك قىسىملارغا ئايرىل-دى. ھەربىر قىسىملارنىڭ قوماندانلىقىغا تەجرىبىلىك ۋە ئالىي داھىيغا شەخسەن تونۇشلۇق بولغان سەركەردىلەر قويۇلدى.

موڭغۇل سەركەردىلىرىنىڭ ھوقۇقلىرى قايسى دائىرىدە بول-غانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. گې-نېرال ئىۋانىن ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرى چەكلىك بولغان، دەپ ھې-سابلايدۇ. مەسىلەن، ئورخۇنلار (يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردى-لەر) ئۆز قەبىلىسىنىڭ قوشۇنى ئىچىدە مىڭبېشىدىن يۇقىرى مەنسەپنى بېرەلمەيتتى. موڭغۇل قوشۇنىدا بىزدىكى باش ئىشتاب-

قا ئوخشاش بىر ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەنسەپدارلار «يۇرت-چى» دەپ ئاتىلاتتى، باش سەركەردە بولسا، ھازىرقى ئارقا سەپ گېنېرالىغا توغرا كېلەتتى. باش سەركەردىلەر تىنچلىق ۋە ئۇ-رۇش ۋاقىتلىرىدا دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. يۇرتچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى: يازلىق ۋە قىشلىق تۇرال-غۇلارنى تەقسىملەش، يۈرۈشلەردە قوشۇنلارغا يول باشلاش؛ خان، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار ۋە قوشۇنلار تۇرىدىغان جايلارنى تاللاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئولتۇراق رايونلارغا كەلگەندە ئۇلار زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىق ئۈچۈن قارارگاھلارنى ئېتىزلار-دىن يىراق جايلارغا ئورۇنلاشتۇراتتى.

ئارقا سەپتە تەرتىپ - ئىنتىزامنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغان مەخسۇس قاراۋۇللار بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى دالا ژاندارمىلىرىغا يېقىن كېلەتتى.[1]

قوشۇنلاردا خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى «چەربى» دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپ بار ئىدى.

قوشۇننىڭ تۈزۈلۈشى دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ئورگانىك قو-رۇلمىسىغا باغلىق بولۇپ، تېررىتورىيە ۋە ئۇرۇقداشلىق تەۋەلى-كى ئاساسىدا تەشكىللىنەتتى.

ھەربىر قەبىلىنىڭ كۆچۈشى ئۈچۈن ئايرىم زېمىن بۆلۈپ بېرىلەتتى. بۇنداق قەبىلىلەرنىڭ ھەربىرىدە ئوتاقلار ئوندىن، يۈزدىن، نوپۇسى كۆپرەك قەبىلىلەردە بولسا، يەنە مىڭدىن قىلىپ بىرلەشتۈرۈلەتتى. بۇلارنى مەخسۇس يەرلىك لەشكىرىي ئە-مەلدارلار باشقۇراتتى. قوشۇن تەشكىللەشكە توغرا كەلگەندە ھەر ئون ئوتاق ئىچىدىن بىر - ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئەسكەرلىككە ئېلىناتتى. ھەر ئون ئوتاق ئۆز ئىچىدىن قوشۇنغا ئېلىنغان لەشكەرلەرنى يېمەك - ئىچمەك ۋە يۈرۈش لازىمەتلىك-

[1] بۇ ۋە ئالدىنقى ئابزاس ئىۋاننىڭ ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك ئىدى. يەرلىك لەشكىرىي ئە-مەلدارلار قوشۇن تەشكىللىگەندە ئۆز ئورنىنى مۇئاۋىنىغا قالدۇ-رۇپ، ئۆزى ئالدىنقى سەپ قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولاتتى.

ئۇرۇقلار ۋە قەبىلىلەر نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىغا ئون، يۈز ياكى مىڭ چە-ۋەندازنى چىقىرىپ بېرەتتى. پۈتۈن بىرلىككە توشقۇدەك ئادەم چىقىرىپ بېرەلمەيدىغان ئۇششاق ئۇرۇقلارنىڭ بىرنەچچىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇرۇق تۈركۈملىرى ھاسىل قىلىناتتى. تۈمەن كىشىلىك لەشكىرىي قىسىملارنىڭ بىر قەبىلىدىن تۈزۈلۈشى ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال ئىدى. تۈمەنلەر ئادەتتە ھەرخىل قەبىلە تۈركۈملىرىدىن تۈزۈلەتتى. ھەربىر قەبىلە بىرنەچچە مىڭدىن چىقىرىپ، تۈمەننى تولدۇراتتى. بەزى ھاللاردا قەبىلىۋازلىق خا-ھىشلىرىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدىمۇ ھەرخىل قەبىلە-لەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىنى تۈزۈش ئۇسۇ-لى قوللىنىلغان. چىڭگىزخان توختاۋسىز دېگۈدەك ئۇرۇش قىل-غان، يەنە كېلىپ غەلىبىلىك ئۇرۇشقان. بۇنداق ئۇرۇشلاردا قو-شۇنلار شەرەپ قازىناتتى ۋە كۆپ ئولجىغا ئىگە بولاتتى. تەبىئىي-كى، يۈزلەر ياكى مىڭلار تەركىبىدىكى ھەرخىل قەبىلىلەر ئورتاق خەۋپ - خەتەر، ئورتاق جاپا - مۇشەققەت ۋە ئورتاق شەرەپ ئى-چىدە جەڭگىۋار قېرىنداشلىق روھىنى يېتىلدۈرەتتى. بۇنداق جەڭگىۋارلىق روھى ئاستا - ئاستا قەبىلىۋى زىددىيەتلەرنى بو-شاشتۇراتتى. ئەنە شۇ سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە چىڭگىزخان دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان بىر مۇنچە يىرىك (چوڭ) قەبىلىلەر ئو-مۇمىي خەلق ئاممىسىغا سىڭىپ كەتتى ۋە ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نام - ئاتاقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، دائىم ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى تاشقى دۈشمەنلەر

ئۈستىدىن ئۇدا جەڭ غەلىبىلىرى قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتقان شارا-ئىتتا بىر مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا باشلىدى.

لەشكىري قىسىملارنىڭ قوماندانلىرى مۇئەييەن بىرلىكنى تەشكىل قىلغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئۇرۇش سىناق-لىرىدىن ئۆتكەن شەخسلەردىن تاللىناتتى.

موڭغۇل قوشۇنىنىڭ بۇنداق تۈزۈلۈش تەرتىپىدە ئۇرۇقداش-لىق تۈزۈمى ۋە قەبىلە تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولمايتتى. شۇڭا، لەشكىري قىسىملارنىڭ تاشقى مېخانىك باغلىنىشىدىن سىرت، يەنە مۇستەھكەم ئىچكى باغلىنىشى بولاتتى. قوماندانلار ئادەتتە-كى تۇرمۇش شارائىتىدا ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان ئۆز ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولاتتى. مۇئەييەن بىرلىكتىكى لەشكەرلەر تاسادىپىي يىغىلىپ قالغان يات كىشىلەر ئەمەس، بەلكى تۇغقاندارچىلىق، تونۇشلۇق، تىل ئورتاقلىقى ئاساسىدا ئۆزئارا باغلانغان كىشىلەر توپىدىن ئىبارەت ئىدى.

ھەرقانداق ئونبېشى ياكى باشقا بىرلىكلەرنىڭ باشلىقى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك باش-لىق ئۇنى ئالماشتۇراتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ياكى ئالماشتۇرۇش ئىشىنى چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى بېجىرەتتى.

بىزنىڭ نەزەرىمىزدە گۆدەك دەۋردىكى لەشكەرنىڭ مۇتلەق ئىندىۋىدۇئال جەڭگىۋارلىق سۈپىتىلا يەنى قەھرىمانلىق، باتۇر-لۇق، چەبدەسلىك، چىداشلىق، جىسمانىي كۈچىلا ھېسابقا ئېلىنا-تتى. شۇنداق دەۋردە تۇرغان چىڭگىزخاننىڭ تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ئېيتقانلىقى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ:

«يەسۇكەي بايغا يېتىدىغان قەھرىمان يوق، ئىش قىلىشتا ئۇنىڭدەك ماھىر ئادەم يوق. ئۇ ھارغىنلىقنىمۇ، يول ئازابىنىمۇ بىلمەيدۇ، تەشنالىقنىمۇ، ئاچلىقنىمۇ سەزمەيدۇ. ئۇ ئۆزى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىللە بولىدىغان نۆكەرلەرنىمۇ، لەشكەرلەرنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش چىداملىق، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلسا بولمايدۇ. تەشنالىق ۋە ئاچلىقنى سېزىدىغان، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان، يول ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەيدىغان، قوشۇنىنىڭ ئوزۇقسىز، سۇسىز قېلىشىنىڭ، تۆت پۇتلۇقلارنىڭ (ئاتلارنىڭ) ئورۇقلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان كىشىلا قوماندان بولۇشقا لايىق. يول يۈرگەندە ۋە ئىش قىلغاندا ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئاجىزلارنى كۆزدە تۇتۇشۇڭلار كېرەك.»①

چىڭگىزخان گەرچە تارىخىي ئەنئەنىگە باغلانماستىن، پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكى ۋە تەجرىبىسىگىلا تايانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەنئەنىدىن قول ئۈزمىگەن. شۈبھىسىزكى، ئۇ قوراللىق كۈچلەرنى تەشكىللەشتە كونىچە ئادەتلەرگە ئاساسلانغان. شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن بىر قىتئەنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتكەن تۇراقلىق ئاتلىق قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىشى تامامەن ئۇنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىجادىي نەتىجە ئىدى. ھەقىقەتەن قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسى بۇيۇك ياساقتىكى لەشكىرىي ئىشلارغا دائىر ماددىلارغا ئاساسلانغان. ئالىي داھىينىڭ دەخلىسىز نوپۇزى — قوشۇن قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەنمەس مۇستەھكەملىككە ئىگە قىلغان. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى ياكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەشھۇر ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ بىرسىمۇ (پارفىيان، پېرسىيە، ياۋروپا قوشۇنلىرى) جەڭگىۋارلىق سۈپىتى جەھەتتىمۇ، قازانغان نەتىجىلىرى جەھەتتىمۇ چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. ئوق دورىسى كەشىپ قىلىنىشىنىڭ ئالدىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىنى ئاتلىق قوشۇنلار گۈللەنگەن ۋە جەڭ

① بېرىيوزىن، بىلىك، 17 ـ بەت.

مەيدانلىرىدا ئۈستۈنلۈكتە تۇرغان دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. شۇ دەۋردىكى ياۋروپادا ئېغىر قوراللانغان ئەھلىسەلىپ چەۋەندازلىرى «جەڭگاھتىكى خاقان» بولغانىدى، لېكىن موڭغۇللار كېلىشى بىلەن ئۇلار 1241 ـ يىلى لىگنىتسا دالالىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بۇ ئاسىيالىق كۆچمەن خەلقىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا تارتقۇزۇپ قويدى. ئادىللىق بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، شۇ دەۋردىكى موڭغۇللارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ قوشۇنلار موڭغۇل ئىستېلاچىسىنىڭ قولىدىكى پۈتۈن دۇنياغا ئۆز ئىرادىسىنى ئۇقتۇرىدىغان قۇدرەتلىك قورال ئىدى.

تۆۋەندە بىلىكتىن ئېلىنغان بىرىنچە باياننى كەلتۈرىمىز. بۇلاردا چىڭگىزخاننىڭ قوماندانلارغا ئېيتقان نەسىھەتلىرى خاتىرىلەنگەن.3 ـ ماددا يىلنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا بىزنىڭ ئوي ـ پىكرىمىزنى ئاڭلاشقا كېلىدىغان تۈمەن، مىڭ ۋە يۈزلەرنىڭ بەگلىرى قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلسا بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى ئاڭلىمايدىغانلار بولسا، چوڭقۇر سۇغا چۈشكەن تاشقا ياكى قومۇشلۇققا ئېتىلغان ئوققا ئوخشايدۇ، ئۇلار غايىب. بۇنداق كىشىلەر قوماندانلىق قىلسا بولمايدۇ.

(بۇ ماددىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىرىنچىدىن، چىڭگىزخان قوشۇنىدا دائىملىق لەشكىري ـ ئىلمىي تەربىيەلىنىش يولغا قويۇلغان؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ (چىڭگىزخان) بۇنداق تەربىيەلىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.)

4 ـ ماددا ئۆز ئۆيىنى باشقۇرۇشنى بىلگەن ئادەم ئېگىلىكىنىمۇ باشقۇرالايدۇ. ئون ئادەمنى تەشكىللەشنى بىلگەن ئادەم مىڭنىمۇ، تۈمەننىمۇ ئوبدان تەشكىللىيەلەيدۇ.

(بۇ ماددىدا تۆۋەن دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ يۇقىرىغا ئۆر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىشى مۆمكىنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتتە تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىشىگە ئىلھام بەرگەن.)
6 ـ مادىدا ئون ئادەمنى تەشكىللىيەلمىگەن ھەرقانداق بەگنى
خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قوشۇپ گۇناھكار قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ ئون ئادىمىدىن بىرىنى بەگ قىلىپ تاللايمىز. يۇزبې-
شى، مىڭبېشى ۋە تۈمەنبېشىنىمۇ شۇنداق قىلىمىز.
9 ـ مادىدا سىمىز ۋاقتىدا ياخشى يۈگۈرىدىغان ئات ئورۇقلاپ
قالغاندىمۇ شۇنداق يۈگۈرەلىسە، ئۇنداق ئاتنى ياخشى ئات دېيىش-
كە بولىدۇ.
10 ـ مادىدا قوماندانلىق قىلىدىغان چوڭ بەگلەر ۋە لەشكەر-
لەر جەڭگە چىققاندا خۇددى ئوۋغا چىققاندىكىگە ئوخشاش ئۆزلى-
رىنىڭ نام ـ شەرىپىنى چىقىرىشى كېرەك، دائىما چىن دىلىدىن
تەڭرىگە سېغىنىپ، ئۆز نامىنىڭ سەككىز تەرەپتىن زىننەتلىنىد-
شىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن تىلىشى كېرەك، چۈنكى تەڭرى ئە-
زەلدىن بىر ئورۇندا بولسىمۇ، ئۆز قۇدرىتى بىلەن تۆت تەرەپنى
تۇتۇپ تۇرىدۇ.
(شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن دىنىي ئېتىقاد جەڭگىۋارلىق سۇ-
پىتىنىڭ ئىككى قوزغاتقۇچىسى، دەپ قارىلىپ رىغبەتلەندۈرۈل-
دۇ.)
11 ـ مادىدا ئەل ئىچىدە موزايىدەك كىچىك ۋە ياۋاش بولۇش،
ئۇرۇش ۋاقتىدا خۇددى ئوۋغا سېلىنغان ئاچ قارچىغىدەك ئۇن
سېلىپ ئېتىلىش كېرەك.
(بۇ ماددىدا ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن قايتماس ئىرادە ۋە باتۇرا-
نە ھۇجۇم قىلىش روھى بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ.)
15 ـ مادىدا تىنچسىز ۋاقىتلاردا دارگاي ئۇخادەك بولۇش
كېرەك. تىنچسىز مەزگىلدە ئۇ خاتاكىن قەبىلىسىنىڭ يىپىدىن
كېلىۋاتقانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى نۆكىرى بار ئىدى. يىراق-

تىن ئىككى چەۋەنداز كۆرۈندى. نۆكەرلەر دېدى: «بىز ئۈچ ئادەم، ئۇلار ئىككى ئىكەن، ئۇلارنى قوغلايلى». ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇلارنى كۆرگەندەك، ئۇلارمۇ بىزنى كۆردى. ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدۇ». ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ چېپىپ كەتتى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى تاتار قەبىلىسىدىن تىمۇك ئۇخا ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بەش يۈزدەك ئادىمىنى بۆكتۈرمىگە قويۇپ، ئۆزى كۆرۈنۈش قىلىپ چىققانىكەن. ئەگەر ئۈچ چەۋەنداز ھۇجۇم قىلغان بولسا، ئۇ قېچىپ، ئۇلارنى بۆكتۈرمىگە ئالداپ كىرگەن بولاتتى ۋە ئۆز نۆكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى تۇتۇۋالاتتى. دارگاي بۇنى چۈشەنگەچكە قېچىپ، شۇ ئەتراپتىكى ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرىگە قوشۇلدى. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەر ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

(ئۇرۇش قىلىشتا قوماندانمۇ، لەشكەرلەرمۇ باتۇرلۇق ۋە دادىللىقنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.)

18 ـ ماددا بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز پايدا ئېلىش ئىستىكىدە يىپەك كىيىم ۋە ياخشى نەرسىلەرنى ئەكىلىپ، مال ۋە رەخت سودىسىدا تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، قوشۇنلاردىكى بەگلەرمۇ ئوغۇل بالىلارنى ئوق ئېتىشقا ۋە ئات مىنىشكە ئۆگىتىشى، ئۇلارنى مەشىقلەندۈرۈشى كېرەك، خۇددى تەجرىبىلىك سودىگەرلەر ئۆز ئىشلىرىغا ماھىر بولغاندەك، ئۇ بالىلارنى قورقماس، باتۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈشى كېرەك.

(بۇنىڭدا، قانۇن چىقارغۇچى لەشكىرىي ئىشلاردىكى تەجرىبىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، ياش ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ئۆگىنىشنى باشلاش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماددىنىڭ مەزمۇنىدىن ئايانكى، قوماندانلارغا تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا ئەسكەرلىك يېشىغا توشمىغان ياشلارنى تەربىيەلەش ۋەزىپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارتىلغاندى.)

20 ـ مادداـ مەي ـ شارابقا بېرىلگەن بەگ مىڭ، يۈز، ئونلار ـ نىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالالمايدۇ، باشلىغان ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. مەي ـ شارابقا بېرىلگەن ئادەتتىكى لەشكەر چوڭ بالا ـ قازاغا يولۇقىدۇ...

(هاراقكەشلىك باشلىقنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلەـ تىدۇ، ئەسكەرنىڭ ئىنتىزامسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.)

24 ـ مادداـ مىڭبېشىلار ۋە يۈزبېشىلار ئۆز قوشۇنلىرىنى ھەر دائىم تەييار ھالەتتە تۇتۇشى، بۇيرۇق چۈشكەن ھامان دەرھال ئاتلىنىشى كېرەك.

(قوشۇنلاردىكى باشلىقلارنىڭ ھەر دائىم تەييار ھالەتتە تۇـ رۇشىغا قويۇلغان تەلەپ.)

ياساقنىڭ تۆۋەندىكى ماددىلىرى بىلىكنىڭ يۇقىرىدىكى مادـ دىلىرىغا تولۇقلىما بولالايدۇ.

6 ـ مادداـ قوشۇنلارنىڭ ئون، يۈز، مىڭ ۋە تۈمەنلەرگە بۆلۈـ نۈش قائىدىسى ئۆزگەرتىلمىسۇن. بۇ تۈزۈم لەشكەرلەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سەپەرۋەر قىلىش ۋە قىسىم بىرلىكلىرىنى تەشـ كىللەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

(بۇ ماددىنىڭ مەنىسى ئېھتىمال لەشكەرلەر ئائىلىلەرگە تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ، بەلكى تېزـ لىكتە قايتا سەپەرۋەر قىلىنىشقا تەييار ھالەتتە تۇرىدۇ، دېگەننى بىلدۈرسە كېرەك.)

7 ـ مادداـ ئۇرۇش باشلانغاندا ھەربىر لەشكەرلەر ئۆزىنىڭ سەركەردىسىدىن قورال ئالىدۇ. ئۇ ئالغان قورالنى ئوبدان ئاسـ رىشى ۋە جەڭدىن بۇرۇن ئۆز سەركەردىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

(بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئېغىر قورallar ۋە مۇداپىئە ئەسلىـ

ھەلىرى بولسا كېرەك، چۈنكى باشقا قوراللارنى موڭغۇللار خۇددى كازاكلارغا ئوخشاش ئۆزلىرى ساقلايتتى. تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا ئېغىر قورالار خانلىق قورالخانىلىرىدا ساقلىناتتى.)

9 ـ ماددا ئەگەر كىمدىكىم جەڭ مەزگىلىدە ھۇجۇم قىلىۋې-تىپ ياكى چېكىنىۋېتىپ، غانجۇغىلانغان يۈكىنى، ئوقياسىنى ياكى باشقا نەرسىسىنى چۈشۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ كەينىدىن كې-لىۋاتقان كىشى ئاتتىن چۈشۈپ، ئاشۇ چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ئەگەر ئۇ ئاتتىن چۈشمىسە ۋە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بەرمىسە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

20 ـ ماددا ئۇ قوشۇنلار يۈرۈشتىن(جەڭدىن) قايتىپ كەل-گەندىن كېيىن سۇلتانغا(خانغا) بىر قىسىم باج ـ سېلىقلارنى تاپشۇرۇشنى بېكىتتى.

(ھەربىر لەشكەر ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن ئولجىسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى خاننىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.)

22 ـ ماددا ئۇ ئەمىرلەرنى (بەگلەرنى) قوشۇنلارغا باش قى-لىپ قويدى ھەمدە مىڭلار، يۈزلەر، ئونلارنىڭ ئەمىرلىكىنى تە-سىس قىلدى.

24 ـ ماددا ئۇ ئەمىرلەرنىڭ (قوماندانلارنىڭ) ھۆكۈمداردىن باشقا بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلىشىنى چەكلىدى. كىمدىكىم ھۆكۈمداردىن باشقا بىر كىشىگە مۇراجىئەت قىلسا، شۇنى ئۆ-لۈمگە ھۆكۈم قىلاتتى، كىمدىكىم رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ خىز-مەت ئورنىنى ئالماشتۇرسا، شۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلاتتى.

27 ـ ماددا ئۇ شۇنداق پەرمايىش قىلدۇكى، مەسئۇلىيەت-سىزلىك قىلغان ئەسكەرلەر، قورشاپ تۇتۇشتا ھايۋانلارنى قاچۇ-رۇپ قويغان ئوۋچىلار تاياق بىلەن جازالىنىدۇ، بەزىدە ئۆلۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جازاسى بېرىلىسمۇ بولىدۇ.

18 ـ ماددا بارلىق سەركەردىلەر يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن بۇ- رۇن قوشۇننى ۋە قورال ـ ياراغلارنى شەخسەن ئۆزى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشى كېرەك، لەشكەرلەرگە سەپەردە لازىم بولىدىغان ھەممە نەرسىنى تەل قىلىپ بېرىشى ۋە يىپىدىن يىڭنىسىگىچە تەكشۈرۈپ چىقىشى كېرەك. قايسى لەشكەرنىڭ كېرەكلىك نەر- سىسى كەم بولسا، باشلىق شۇنى جازالىشى كېرەك. قورال ـ ياراغ (يېنىك قوراللار) ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى لەشكەرلەر ئۆز- لىرى تەييارلىشى كېرەك.

(كۆرگىنىمىزدەك، بۇنداق تۈزۈمدە كازاكلارنىڭ ۋەزىپە ئۆ- تەش تەرتىپى بىلەن ئوخشاشلىقلار كۆپ. ئېھتىمال، بۇنداق تەر- تىپنى كازاكلار ئالتۇن ئوردىدىن ئۆزلەشتۈرگەن بولسا كېرەك.)

ياساقنىڭ لېمىنىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن تۆۋەندىكى ماددى- لىرىمۇ قىزىقارلىق:

8 ـ ماددا قوماندانىنىڭ ئىجازىتى چۈشمەي تۇرۇپ دۈشمەننى بۇلاش مەنئى قىلىنىدۇ، لېكىن ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ئەسكەرلەرگە باراۋەرلىك ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك، ئۇلار ئىم- پېراتورغا تېگىشلىك ئۈلۈشنى تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كېتەلىگۈدەكنى ئالسا بولىدۇ.

15 ـ ماددا ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەربىر ئەركەك قوشۇندا ۋەزىپە ئۆتىشى شەرت.

17 ـ ماددا شەخسەن ئۆزى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان ھەرقانداق ئادەم دۆلەتكە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشى كېرەك.

(بۇ ماددىدا ئۇرۇش ۋاقتىدا قوشۇنغا قاتناشمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ «ئەمگەك مەجبۇرىيىتى» بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ياۋروپادا بۇنداق پرىنسىپ پەقەت ئۇلۇغ ئۇرۇش ۋاقتىدىلا «بى- رىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـــ تەرجىماندىن» يولغا قو-

يۇلۇپ، قانۇنى ئاساسقا ئىگە بولغان.)

22 ـ ماددا خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچى ياكى خاننىڭ تەلىپىنى ئورۇندىمىغان ئەمەلدارلار ۋە باشلىقلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

بىلىك ۋە ياساقنىڭ مىساللىرىدا كۆرسىتىلگەن ماددىلىردىن باشقا يەنە لەشكىرىي مەجبۇرىيەتلەر توغرىسىدىكى بىرگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن ھۆججەتلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مىسالغا كەلتۈرۈلگەنلىرىمۇ پىلانو كارپىنىنىڭ ئېيتقانلىرىنى دەلىللەشكە يېتەرلىك. پىلانو كارپىنى چىڭگىزخاننىڭ قانۇنچىلىقى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئەڭ قاتتىق ئىنتىزامىنى بېكىتكەن، دەپ قارايدۇ. بۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قوماندانىنىڭ تۇغى كۆتۈرۈلمىگۈچە موڭغۇل لەشكەرلىرى جەڭ مەيدانىدىن ھەرگىز قايتمايتتى. ئەنە شۇنداق پولاتتەك چىڭ ئىنتىزام بولغاچقا، بەزى جەڭلەردە موڭغۇللار ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچىمۇ چېكىنمىگەن. چىڭگىزخان ئۆزى قول سالغان نۇرغۇن ئىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئىنتىزامنى تۇرغۇزالىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قۇدرىتىم گوياكى ھىلال ئايدەك كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغايماقتا، مەن تەڭرىنىڭ شاپائىتىگە، يەر ـ جاھاننىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىتائىتىگە نائىل بولدۇم. شۇڭا، تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئورنىتالىدىم.»

دېمەك، 13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل قوشۇنىدا «قوراللىق خەلق» پىرىنسىپى ۋە قوشۇننىڭ «تېررىتورىيەلىك» تۈزۈلۈشى يولغا قويۇلغانىدى. ۋاھالەنكى، ياۋروپادا بۇنداق پىرىنسىپلار 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئومۇملىشىشقا باشلىغان. يەنە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، كونىچە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ياشىغان چىڭگىزخاننىڭ كۆچمەنلەر دۆلىتىدىن باشقا ھېچقانداق يەردە بۇ ئىككى خىل باشلىنىش بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيلەشمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

گەن بولسا كېرەك. كېيىنچە، باشقا مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ پىرىنسىپلار ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشتىن قالدى. چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە موڭغۇل قوشۇنىدا ياردەمچى قوشۇن بارلىققا كەلدى. بۇنداق قوشۇنلار باشقىچە پىرىنسىپلار ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر ئىچىدىن جىسمانىي جەھەتتە يارامىلىق بولغانلىرى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. بۇنداق قىلىشتا، ئەلۋەتتە تېررىتورىيەلىك ياكى ئۇرۇقداشلىق پىرىنسىپلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. لېكىن، قوشۇننىڭ كۆچمەنلەردىن تەشكىللەنگەن يادروسىدا يەنە بۇرۇنقى پىرىنسىپلار داۋاملاشتى.

قوشۇنمۇ، خەلقمۇ تېررىتورىيە سىستېمىسى بويىچە ئايرىلغان بولغاچقا، پۈتۈن ئەل كونا موڭغۇل ئادىتى بويىچە چوڭ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلغانىدى1 : ـ مەركەز. چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا بۇ مەركىزىي قىسىمنىڭ قوماندانلىقىغا قايانى قويغان؛ 2 ـ سول قانات ياكى سول قول(شەرق تەرەپ) مۇقالىنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان؛ 3 ـ ئوڭ قانات ياكى ئوڭ قول(غەرب تەرەپ) بوغۇرچىنىڭ قوماندانلىقىدا بولغان. چىڭگىزخان ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندە مۇنداق دېگەن: «سېنى توققۇز گۇناھىنىڭ جازاسىدىن خالاس قىلىمەن. تۈمەنبېشى بول، ئالتۇن تاغلارغىچە[1] بولغان ئارىلىقتىكى غەربىي دىيارنى باشقۇر. ـــ سول قول تۈمەنبېشى بول، ـــ دېدى ئۇ يەنە مۇقالىغا، قارائۇن تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرقىي دىيارنى باشقۇر». بۇ يەردىكى «تۈمەنبېشى»دېگەن سۆزنى ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ قوماندانى دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھەربىر قاناتتا بىرنەچچە تۈمەن

① ئالتۇن تاغ ـــ ئالتاي.

بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە «تۈمەنبېشى» دېيىلىۋاتقىنى خۇددى ھازىرقى ئارمىيەلەردىكى «دىۋىزىيون گېنېرال» دېگەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل مەنسەپ بولغاندەك قىلىدۇ. دىۋىزىيون گې-نېرال بىر دىۋىزىيەگىلا ئەمەس، بىرنەچچە دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان بىر كورپۇسقا ۋە ھەتتا پۈتۈن بىر ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىشى مۇمكىن.

بۇ تۈمەنبېشىلار تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا خۇددى ياۋروپادىكى «ھەربىي گېنېرال — گۇبېرناتورلار»غا ئوخشاش، سول، ئوڭ قا-ناتلار ۋە مەركەزدىكى ئاھالىلەرنىمۇ باشقۇرۇپ، مەمۇرىي ۋەزىپە-لەرنىمۇ ئۆتىگەن. ئۇرۇش بولغاندا ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىغا مۇئا-ۋىنلىرىنى قويۇپ، ئۆزلىرى قوشۇننى باشلاپ، يۈرۈشكە ئاتلانغان.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، موڭغۇل قوشۇنىدا تۈمەنلەر تۇراقلىق قىسىملارنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىكى بولغان. يىلنامىلەردە «تۇغ»دەپ ئاتىلىدىغان بىرلىكنىڭ بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بىر تۇغ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باراۋەر بولۇپ، ھازىرقى ئا-تالغۇ بويىچە ئېيتقاندا «خۇسۇسىي ئارمىيە»گە ئوخشايدۇ. لې-كىن، موڭغۇللارنىڭ خۇسۇسىي قوشۇنلىرىدا تۈمەنلەرنىڭ سانى ھەرخىل بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار تۇراقلىق بىرلىك بولالمايتتى. بۇنداق قوشۇنلارنىڭ سەردارلىرى «ئورخۇن» دەپ ئاتىلاتتى. چىڭگىزخان دەۋرىدە ئون بىر ئورخۇن بار ئىدى.

موڭغۇل قوشۇنى بىلەن ھازىرقى ئارمىيەلەرنى سېلىشتۇ-رۇشقا توغرا كەلسە، موڭغۇللاردىكى يۈز تەخمىنەن بىزدىكى ئىسكادرونلارغا (كازاكلاردىكى يۈزلەرگە)، مىڭ دېگىنى — ئون ئىسكادرون پولكىغا (رۇسىيەدىكى نىكولاي I نىڭ دەۋرىدە ئا-شۇنداق پولكلار بار ئىدى)، تۈمەن دېگىنى — ئاتلىق كورپۇسلار-غا توغرا كېلىدۇ. مەركەز ۋە قانات دەپ ئاتالغان قوشۇنلار بولسا، ھازىرقى ئاتلىق ئارمىيەلەرگە ئوخشايدۇ (مەسىلەن، شىمالىي ئا-

مېرىكا ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاتلىق قىسىملار، 1920 ـ يىلىدىكى بۇدىيونىي ئاتلىق ئارمىيەسى[1] ۋە باشقىلار.) موڭغۇل قوشۇنىدا هازىرقى ئېپشىلون (دىۋىزىيە)گە توغرا كېلىدىغان بىرلىك يوق ئىدى. ۋ.ۋلادىمىرسوف ئىككى مىڭ، ئۈچ مىڭ ياكى بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان ۋە بىرنەچچىسى بىرلىشىپ بىر تۈمەننى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن بولغان قەبىلە بىرلىكلىرىنى دىۋىزىيە دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، تۇرلۇك قەبىلىلەردىن تۈزۈلگەن شۇنداق بىرلىكلەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار پەقەت مەمۇرىي ـ تېررىتورىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى موڭغۇل قوشۇنىدا ئونلۇق سىستېمىغا قاتتىق ئەمەل قىلىناتتى.

ھالبۇكى، موڭغۇل قوشۇنى بىلەن ھازىرقى ياكى يېقىنقى زاماندىكى ئاتلىق ئارمىيە تۈرلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى نوقۇل تاشقى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىزاھلىنىشقا تېگىشلىك بۇ ئىككى سېلىشتۇرما ئوبيېكتىنىڭ تۈزۈلمىسىدە قىسمەن ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ناپولېئون دەۋرىدىكى ئاتلىق قىسىملارنى ئىشقا سېلىشتا شۇ چاغلاردا خېلى راۋاجلانغان ئوت كۈچىنى، بولۇپمۇ توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىنى ھېسابقا ئالماي بولمايتتى. چىڭگىزخان دەۋرىدىكى ئاتقۇچى قوراللار بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئەينى دەۋردىكى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئايرىم بىر تەركىبىي قىسمىنى، يەنە كېلىپ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرد-

[1] 1918 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان رۇسىيە ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قىزىل ئارمىيەنىڭ گېنېرال (كېيىن مارشال) بودىيونىي قوماندانلىق قىلغان 1 ـ ئاتلىق ئارمىيەسى (تەرجىماندىن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىغان بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلاتتى. لېكىن موڭغۇل قوشۇنى پۈتۈنلەي ئاتلىق قىسىملاردىنلا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەممە لەشكەرىي تۈرلەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. شارائىتتا ئەنە شۇنداق پەرق بولغاچقا، موڭغۇللار ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە كۈچنى ئەڭ زور دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىچكىرىلەپ كىرىش» ئۇسۇلىنى كۆپ قوللانغان، مەسىلەن: دۈشمەننىڭ مەركىزىي قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتۈش، ئۇنىڭ بىر قانىتىنى ۋەيران قىلىش قاتارلىق.

بۇنداق «ئۇدۇلدىن سوقۇش» ۋەزىپىسى ئېغىر قوراللانغان موڭغۇل چەۋەندازلىرىغا يۈكلىنەتتى. بەزى يازغۇچىلار موڭغۇللارنىڭ مۇشۇنداق جەڭ تەرتىپىنى ئالېكساندىرنىڭ ماكېدونىيەچە زىچ سەپ تۈزۈش تەرتىپىگە ئوخشاتقان. گېنېرال ئىۋانىن بۇنداق ئوخشىتىشنىڭ ئاساسى يوق، دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە، گەرچە بۇ خىلدىكى ھەر ئىككى تەرتىپ «ئىچكىرىلەپ كىرىش» قائىدىسىگە ئاساسلانغان بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق پەقەت دۈشمەننىڭ جەڭگىۋار سەپلىرىگە زەربە بېرىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى جەڭ ھەرىكىتىدىلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. پەرق شۇكى، ماكېدونىيەچە زىچ سەپ ئۈچ سارجىن[1] ئۇزۇنلۇقتىكى نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەردىن تۈزۈلەتتى. بۇنداق نەيزىلەر بەك ئېغىر، كېلەڭسىز بولغاچقا، جەڭ مەيدانىدا تېز ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئەپسىز ئىدى. شۇڭا، بۇنداق نەيزىلەر ئالدىنئالا دۈشمەن تەرەپتىكى نىشانغا توغرىلىنىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. ئالېكساندىر قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغان دۈشمەنلەر ھامان سان جەھەتتە ئۈستۈن بولغاچقا، ئۇلارنى ياندىن قورشاش ئەسلا مۇمكىن بولمايتتى. ئەكسىچە، جەڭدە ئۆزىنىڭ يان تەرەپلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەسىلىسى ماكېدونىيەلىك

① بىر سارجىن 2.13 مېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەركەردىنىڭ دائىملىق غېمى ئىدى. يان تەرەپلەرنىڭ مۇداپىئە ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن يېنىك قوراللانغان پىيادە قىسىملارغا يۈكلىنەتتى. بۇنداق يېنىك قوراللانغان پىيادىلەر يەنە زىچ تۈزۈلگەن سەپنى دۈشمەننىڭ ئاتقۇچى قوراللىرى ۋە جەڭ هارۋىلىرىدىن قوغدىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، زىچ تۈزۈلگەن سەپلەر هۇجۇمغا ئۆتكەندە يېنىك قوراللانغان پىيادىلەر كۆپىنچە پاسسىپ هالەتتە بولاتتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، موڭغۇللارنىڭ ئېغىر قوراللانغان ئاتلىق قوشۇنلىرى يۇقىرى دەرىجىدە هەرىكەتچانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلىرى بولسا، جەڭدە ناهايىتى ئاكتىپ بولۇپ، هەرگىزمۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىمايتتى. ئالدىنقىلىرى دۈشمەن سەپلىرىنىڭ ئۇ ياكى بۇ قىسمىغا شىددەتلىك زەربە بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنى بىر چەتكە سۈرۈۋېتەلەيتتى ۋە هەتتا ئۇلارنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتەلەيتتى. ئەنە شۇنداق هەرىكەتچانلىق ئىقتىدارى بولغاچقا، زەربە بېرىش نىشانىنى ئالدىنئالا تاللاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. زەربە بېرىش نىشانى جەڭ داۋامىدا ئەهۋالغا قاراپ بەلگىلىنەتتى. يېنىك قوراللانغان ئاتلىقلار بولسا، رازۋېدكا قىلىش ۋە قوغداش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، هەل قىلغۇچ زەربىنىڭ ئۈنۈملۈك تەييارلىق هەرىكىتىنى ئورۇندايتتى. داڭقى چىققان «موڭغۇل هۇجۇمى» دېگىنىمىز ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ هەردىكىتى كازاكلارنىڭ هۇجۇمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ هۇجۇمى كازاكلارنىڭكىدەك بىر دولقۇن تەرىقىسىدە بولماستىن، بىرنەچچە پاراللېل دولقۇنلارنى هاسىل قىلاتتى، بىرىنچى قاتاردىكى چەۋەندازلار ئوقلىرىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى قاتاردىكى چەۋەندازلار ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆتەتتى. ئۇلار دۈشمەن سەپلىرىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ چاققانلىق

بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، يان تەرەپلەرگە ۋە ئېچى كەلگەندە ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى. ئاتقۇچى قوراللار بىلەن قوراللانغان بۇ چەبدەس چەۋەندازلار ئۆزلىرىنىڭ خۇددى ئىتقا ئوخشاش ئۆگىتىلگەن ئاتلىرىنى ئوينىتىپ، ھېلى تارقىلىپ، ھېلى يەنە بىر يەرگە توپلىشىپ، دۈشمەن سەپلىرىگە ئوق ۋە نەيزىلەرنى ئاتاتتى، ھېلى ئۇ يەردىن، ھېلى بۇ يەردىن ھۇجۇم قىلاتتى، ئادەتتە دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يالغاندىن قاچاتتى ۋە ئۇلارنى بۆكتۈرمە ئىچىگە ئالداپ ئېلىپ كىرەتتى.

ئۇلار ئاشۇنداق ھەرىكەتلىرى بىلەن دۈشمەننى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن شۇ قەدەر پاراكەندە قىلىپ، ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتىكى، بەزىدە موڭغۇللارنىڭ ئېغىر قوراللانغان ئاتلىقلىرى تېخى ئىشنى باشلىماي تۇرۇپلا، دۈشمەن ئۆز ئارقا سېپىنى قولدىن بېرىپ قوياتتى. مۇبادا دۈشمەن بوش كەلمەي قالسا، يېنىك قوراللانغان ئاتلىقلار ھەرھالدا ئۇنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى، ئاجىز ھالقىلىرىنى ياكى ئاساسلىق زەربە بېرىشكە ئەپلىك ئورۇنلىرىنى ئېنىقلايتتى. ئەنە شۇنداق جايلارغا ئېغىر قوراللانغان ئاتلىق قوشۇنلار يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ تېز ۋە خۇپىيانە يېتىپ كېلەتتى. موڭغۇللارنىڭ بۇنداق قوشۇنلىرى بۈيۈك فرىدرىخ① ۋە ناپولېئوننىڭ بىرنەچچە لىنىيە قىلىپ تىزىلىدىغان ئاتلىق قىسىملىرىغا ئوخشايدۇ. موڭغۇللارنىڭ بۇ قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەرىكەتچانلىقى بىلەن ھەتتا ياۋروپادىكى شۆھرەتلىك ئەھلىسەلىپ قوشۇنلىرىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەھلىسەلىپ ئاتلىقلىرى زەربە بېرىش كۈچىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ۋە يەككە ئېلىشىشتىكى ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان بولسىمۇ، ھەرىكىتى بەك ئېغىر ئىدى.

---

① فرېدرىخ II (1712 — 1786) — پرۇسسىيە پادىشاھى، مەشھۇر قوماندان (تەرجىماندىن).

www.uyghurkitap.com

خۇلاسىلەپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، موڭغۇللارنىڭ يې-
نىك قوراللانغان ئاتلىقلىرى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرى مۇنداق
ئىدى: سەپەر ۋە جەڭلەردە مۇھاپىزەتچىلىك ۋە رازۋېدكىچىلىق
قىلىش، جەڭنى باشلاش، كۆزلەنگەن جەڭ ئۇسۇلى ۋە ئاساسلىق
زەربىنىڭ تەييارلىقىنى يوشۇرۇش، مەغلۇپ بولغان دۈشمەننى
قوغلاش. ئېغىر قوراللانغان ئاتلىقلار بولسا، «ھەرىكەتچان زاپاس
قىسىم» بولۇپ، دۈشمەنگە ھەل قىلغۇچ زەربە بېرىشكە ئىشلىتى-
لەتتى.

موڭغۇللارنىڭ تاكتىكا ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە يەنە شۇنى
كۆرسىتىشكە بولىدۇكى، ئاتلىقلار جەڭ مەيدانىدا «تىلسىز» ھە-
رىكەت قىلاتتى، يەنى ئاغزاكى بۇيرۇق بىلەن ئەمەس، قوماندانىنىڭ
تۇغى ئارقىلىق بېرىلگەن شەرتلىك بەلگىلەرگە قاراپ ھەرىكەت-
لىنەتتى. كېچىدىكى جەڭلەردە رەڭلىك پانۇسلار ئىشلىتىلەتتى
(دۇمباقلار پەقەت بارگاھ قورۇلغاندىلا ئىشلىتىلەتتى.) موڭغۇل
لەشكەرلەر قولاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ۋارقىراپ ھۇجۇمغا ئۆ-
تەتتى.

بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارى-
غاندا، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تاكتىكا ئۇسۇللىرى ئومۇمەن يۇقى-
رىقىدەك بولغان. چىڭگىزخان ئۆز ئەۋلادلىرىغا قانداق جەڭ قى-
لىش، قانداق مۇھاسىرىگە ئېلىش ۋە ئىشغال قىلىش، بويسۇندۇ-
رۇلغان خەلقلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر-
گە ئائىت ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەپسۇس-
كى، ئەۋلادلار شۇنچە ھۆرمەت بىلەن ئەمەل قىلغان بۇ قائىدىلەر
بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. بۇ قائىدىلەرنى بىز پەقەت چىڭ-
گىزخاننىڭ يۈرۈشلىرى تەسۋىرلەنگەن خاتىرىلەردىن ۋە يەنە بىر
ئۇلۇغ ئىستېلاچى ــ تېمۇرلەڭنىڭ تەلىماتلىرى ۋە قائىدىلىرى-
دىن تەسەۋۋۇر قىلىمىز. تېمۇرلەڭ چىڭگىزخاننىڭ ئايال تەرەپ

ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەسلىي موڭغۇللارنىڭ بېـ
ـرۇلاس(بارلاس — تەرجىماندىن) قەبىلىسىدىن ئىدى (قوشتا تۇ-
غۇلغان.) ئۇ چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن بىر يۈز نەچچە يىل كېيىنكى
دەۋردە ياشىغان (1336 — 1405 ـ يىللىرى.) ئۇنىڭ قوشۇنىنى
تەشكىل قىلغۇچىلار چىڭگىزخان قوشۇنىدىكىلەرگە يېقىن ئىـ
ـدى. شۇڭا، تېمۇرلەڭ قوشۇنى چىڭگىزخانىنىڭ ئۇرۇش قىلىش
ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولغان.
گېنېرال ئىۋانىننىڭ قارىشىچە، تېمۇرلەڭنىڭ بەلگىلىمىلىرى
ۋە قائىدىلىرى چىڭگىزخان قائىدىلىرىنىڭ قايتىلىنىشىدىن ئىـ
ـبارەت بولۇپ، قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن.
تېمۇرلەڭنىڭ لەشكىرىي تۈزۈلمىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى
ئەنە شۇنداق مەزمۇنغا ئىگە بولغاچقا، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى
ھەربىي ئىشلارنى يەنىمۇ تولۇقراق چۈشىنىش ئۈچۈن تېمۇرلەڭـ
ـنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە تەلىماتلىرىغا دائىر بىزگىچە يېتىپ
كەلگەن بەزى مەلۇماتلارنى مەزكۇر ئەسەرگە قوشۇمچە قىلىپ
بەردۇق.

موڭغۇل قوشۇنى قوراللىنىش جەھەتتە تاكتىكا ئۇسۇللىرىـ
ـغا ماس ھالدا يېنىك ۋە ئېغىر قوراللانغان ئاتلىقلاردىن ئىبارەت
ئاساسلىق ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى. بۇ ئىككى تۈر — ئوقياچىلار
ۋە قىلىچۋازلار دەپ ئاتىلاتتى. ئاتلىقىشىدىن ئايانكى، بىرىنچى
تۈردىكىلىرىنىڭ ئاساسلىق قورالى ئوقيا ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىـ
ـگىمۇ، ئاتلىرىغىمۇ مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ئانچە كۆپ
ئىشلەتمەيتتى. ئوقياچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىككىدىن يا، ۋە
ئىككىدىن ساداق ئېلىپ يۈرەتتى. ساداقلارنىڭ بىرى ئىشلىتىشـ
ـكە، يەنە بىرى زاپاسقا ساقلىناتتى. زاپاس ساداق ئوقلارنى نەمـ
ـلىكتىن ساقلاشقا لايىق قىلىپ ياسىلاتتى. ئوقلار ناھايىتى ئۆتـ
ـكۈر بولاتتى. موڭغۇللار ئوقلارنى ياساشقا ۋە ئۇچلاشقا ماھىر ئىـ

دى. ئۇلار ئۈچ يېشىدىن باشلاپلا ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنىدىغان بولغاچقا، ئۇستا مەرگەنلەردىن ئىدى. ھەتتا نۇرغۇن موڭغۇل ئاياللىرىمۇ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىنەتتى ۋە ئات مىنىشتىمۇ ئەرلەردىن قېلىشمايتتى. بىر قىسىم ئوقياچىلار ئۈچار نەيزىلەر بىلەن قوراللىناتتى. يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىچلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنىڭ نۇسخىسى بەلگىلىم قىلىچۋازلارنىڭكىدىن يېنىكرەك بولۇشى مۇمكىن.

ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلار تۆمۈر ۋە تېرە ساۋۇتلارنى كىيەتتى. ئۇلارنىڭ باش كىيىمى يېنىك تېرە دۇبۇلغىدىن ئىبارەت بولۇپ، بويۇننى قىلىچ زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن بىكتىلگەن گەردەنچىسى بار ئىدى. باتۇخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە لەشكەرلەر تۆمۈر دۇبۇلغىلارنى كىيىشكەن. ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلارنىڭ ئاتلىرىغا لاكلانغان قېلىن تېرە يوپۇقلار كىيدۈرۈلەتتى. ئەگرى قىلىچ ۋە نەيزىلەر قىلىچۋازلارنىڭ ئاساسلىق قوراللىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىرىنىڭ بەلبېغىغا ياكى ئېگەرگە ئېسىپ قويۇلىدىغان گۇرزە ياكى ئايپالتىسى بار ئىدى. قۇچاقلاشما جەڭلەردە ۋە كىچىكرەك كۆلەمدىكى توقۇنۇشلاردا موڭغۇللار دۈشمەنلەرنى ئېگەرلىرىدىن تارتىپ چۈشۈرۈشكە تىرىشاتتى. شۇ مەقسەت ئۈچۈن نەيزىلەرنىڭ ئۇچلىرىغا ئىلمەكلەر بېكىتىلەتتى، شۇنداقلا ئات قۇيرۇقىدىن ئېشىلگەن ئارقانلارمۇ ئىشلىتىلەتتى. بۇنداق سىرتماقلىق ئارقانلار مەلۇم ئارىلىقتىن دۈشمەنگە تاشلىناتتى. ھازىرقى دەۋردىمۇ كۆچمەنلەر ئۆز يىلقىلىرى ئىچىدىكى كۆندۈرۈلمىگەن ئاتلارنى شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تۇتىدۇ. ئارقان سىرتمىقى بىلەن باغلانغان ياۋ چەۋەندازلىرى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈلۈپ، يەر يۈزىدە سۆرىتىلەتتى. بۇنداق ئۇسۇل ياۋنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىگىمۇ قوللىنىلاتتى.

بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يىرىك ياكى ئوتتۇرا لەشكە-

-رىي بىرلىكلەر، مەسىلەن، مىڭلار ياكى يۈزلەر ئوخشاش رەڭلىك ئاتلارغا مىنگۈزۈلەتتى. خىللانغان «مىڭ باتۇر» قىسمىدىكى ھەممە لەشكەرلەرنىڭ قارا ئاتقا مىنگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بار، لېكىن باشقا قىسىملاردىمۇ ئات رەڭگىنىڭ ئوخشاش بولۇش قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنداق بولمىغاندا، باتۇخانىنىڭ بويسۇندۇرۇلغان رۇس كىنەزلىرىگە نېمە ئۈچۈن ئوخشاش رەڭدىكى ئاتلارنى بېرىش تەلىپىنى قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش تەس.

ھەربىر جەڭچى ئۆز يېنىدا ئوقلارنى ئۇچلايدىغان كىچىك ھەرە، بىگىز، يىڭنە، يىپ، يېمەكلىك پىشۇرۇدىغان ئىدىش(گەرچە ئامال بولمىغاندا گۆشلەر خام يېيىلگەن بولسىمۇ)، ئىككى لىتىرچە زاپاس قىمىز، سۈت ياكى سۇ سىغىدىغان چاناچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرەتتى. غانجۇغىدىكى كىچىكرەك ئىككى سومكىغا يېمەكلىكلەر ۋە زاپاس كىيىملەر سېلىناتتى. زاپاس يېمەكلىك قۇرۇتۇلغان گۆش ۋە قۇرتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەگەر يېمەكلىك يېتىشمەي قالسا، موڭغۇل لەشكەرلەر ئۆز ئاتلىرىنىڭ كۆك تومۇرىنى كېسىپ، ئېتىلىپ چىققان قاننى ئىچەتتى ۋە ئاندىن كېسىلگەن جاينى پەي يىپ بىلەن چىگىپ قوياتتى. يېرىم كىلوگىرام قان بولسا قورساق تويغۇزۇشقا يېتىدۇ، ئات ئۈچۈن بۇنچىلىك قان ھېچقانچە گەپ ئەمەس، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئورگانىزمىدا قان تولۇقلىنىپ كېتىدۇ. موڭغۇل قوشۇنىدىكىلەر نېپىز يېيىلغان خېمىرنى تۆگىنىڭ قولتۇقىغا قىسىپ پىشۇرۇپ يەيتتى. مەلۇمكى، تۆگىنىڭ قولتۇق تېمپېراتۇرىسى قىش كۈنلىرىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كاردىن چىققان ئاتلارنىڭ گۆشلىرىمۇ يېيىلەتتى. ئات گۆشى ئېسىل تائام ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موڭغۇللار زۆرۈر تېپىلغاندا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ ئۇخلاۋېرىدۇ. ئات ئۇدۇل كېتىۋېرىدۇ ياكى ئوتلاپ ماڭىدۇ. موڭغۇللارنىڭ قىشلىق كىيىملىرى مۇنداق بولىدۇ: يۇڭلۇق قولاقچا، تېرە ياكى تۈمۈر دۇبۇلغا ۋە «داخا» (بۇ سۆز رۇس تىلىغىمۇ قوبۇل قىلىنغان)، يەنى يۇڭى تېشىغا ئۆرۈلگەن ئىككى قات جۇۋا (موڭغۇللار ياۋروپانى ئىشغال قىلغاندا ‹هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى كىيەتتى› دېگەن ئەپسانىلەر شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.) بۇنداق جۇۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن تۆۋەنرەك چۈشىدىغان بولۇپ، كۈمۈش بېزەكلىك كەمەر بىلەن باغلىناتتى. پۇتلارغا كىگىز پايپاقلىق ئۆتۈكلەر كىيىلەتتى. بۇنداق كىگىز پايپاقنى كېيىن رۇسلار پىيما قىلىپ ئۆزگەرتتى، لېكىن موڭغۇلچە كىگىز پايپاق قولايلىق بولۇپ نەملەشمەيتتى، پىيمىلار نەملىشىدۇ. مۇشۇنداق كىيىنگەن موڭغۇللار قىشتىكى سوغۇقتا قىينالمايتتى. ئۇلارنىڭ قىش ۋاقىتلىرىدا پائالىيەتلىرىنى توختىتىدىغانلىقى سوغۇقتىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، ئاتلىرىغا يەم قىلىنىدىغان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوقلۇقىدىن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان مەملىكەتلەردە (مەسىلەن، جەنۇبىي جۇڭگودا) يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىدىن بەزىدە ئۇرۇشنى توختىتىشقا توغرا كېلەتتى.

يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەندەك كىيىنگەن ۋە قوراللانغان موڭغۇل قوشۇنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چىداملىق ۋە ئەڭ ئىنتىزامچان قوشۇن ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ قوشۇن ھەقىقەتەنمۇ پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋالغۇدەك ساپاغا ئىگە ئىدى. موڭغۇل چەۋەندازلار سەپەرگە ئاتلانغاندا كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى ئېلىپ يۈرەتتى.

قۇبلايخان دەۋرىدە موڭغۇلىيە ۋە جۇڭگودا كۆپ يىل تۇرغان ماركو پولو موڭغۇل قوشۇنىغا مۇنداق باھا بېرىدۇ: «موڭغۇللار ـ

نىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئىپسىل بولۇپ، ئاساسلىقى ئوقيالار، قالقانلار، قىلىچلار. ئۇلار ھەممە خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى مەرگەنلەردۇر». بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئات ئۈستىدە ئۆسكەن چەۋەندازلار جەڭلەردە ئادەم ھەيرەتتە قالغۇدەك ئىنتىزامچان ۋە چىداملىق. بەزى دەۋرلەردىكى ياۋروپانىڭ تۇراقلىق قوشۇنلىرىدا ئىنتىزام قورقۇتۇش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلاتتى. موڭغۇللاردا بولسا، ئىنتىزام دىنىنىڭ ھوقۇقدارغا ئىتائەت قىلىش ئەقىدىسى ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغانىدى. موڭغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە چىداملىق ئىدى. يۈرۈشلەردە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى غەملەنگەن زاپاس ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك بولمىغان شارائىتتا ئاي ـ ئايلاپ توختىماي ئىلگىرىلىيەلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى سۇلۇ ۋە ئاتخانا دېگەنلەرنى بىلمەيتتى، يايلاق ئوتى بولسىلا كۇپايە ئىدى. قوشۇندىن ئىككى يول ئالدىدا يۈرىدىغان ئىككى ـ ئۈچ يۈز كىشىلىك يول باشلىغۇچى قوشۇن ئومۇمىي يۈرۈشنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە دۈشمەن تەرەپنى رازۋېدكا قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئوت ـ چۆپ ۋە سۇ بار جايلارنىمۇ چارلايتتى.

كۆچمەن چارۋىچىلار تەبىئەتنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئوت ـ چۆپلەر قاچان ۋە قەيەردە بولۇق ئۆسىدۇ؟ قەيەردىكى كۆللەرنىڭ سۈيى ياخشى؟ يېمەكلىكلەرنى نەدىن ۋە قانچىلىك ۋاقىتتا يەتكۈدەك ئالسا مۇۋاپىق بولىدۇ؟... دېگەندەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۇلار پىششىق بىلىدۇ.

مۇشۇنداق ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئىشى چارلىغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئاشۇنداق مەلۇماتلارغا ئىگە بولماي تۇرۇپ ھەرىكەت قوللىنىلمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە ئەترەتلەر بولۇپ، ئۇلار ئوتلاقلارنى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان كۆچمەنلەردىن ساقلاش ئىشىغا مەسئۇل ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولمىسىلا، قو-
شۇنلار ئوت - چۆپلىرى بولۇق، سۈيى ئەلۋەك جايلاردا تۇرۇپ
قالاتتى، ئۇنداق شەرت - شارائىتى بولمىغان جايلاردا توختىماي
ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەربىر چەۋەنداز بىردىن تۆتكىچە ئاتنى زاپاس
ئېلىپ يۈرەتتى ۋە سەپەردە شۇ ئاتلارنى ئالماشتۇرۇپ مىنەتتى.
شۇنداق بولغاچقا تېز ئىلگىرىلەپ، قونالغۇلاردا توختاش ئېھتىـ
ياجى ئازىياتتى. ئۇدا ئون - ئون ئىككى كۈنلەرگىچە كۈندۈزلىـ
رى توختىماي مېڭىش ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىناتتى. موڭغۇل
قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى تەڭداشسىز ئىدى. 1241 -
يىلى سۇبۇتاي ۋېنگرىيەگە يۈرۈش قىلغاندا ئۆز قوشۇنى بىلەن
ئۈچ كۈندە 435 چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئەينى دەۋردىكى تولىمۇ قالاق ئاتقۇچى قوراللار موڭغۇل
ئارمىيەسىدىكى توپ - زەمبىرەكنىڭ رولىنى ئوينايتتى. جۇڭ-
گوغا يۈرۈشتىن ئىلگىرى موڭغۇللارنىڭ بۇنداق قوراللىرى ناھا-
يىتى ئاز ئىدى، تۈزۈلۈشىمۇ بەك ئىپتىدائىي ئىدى. بۇنداق
قوراللار سېپىللەرگە ھۇجۇم قىلىشتا تازا ئىشلەنمەيتتى. جۇڭگو
ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى ئاتقۇچى قوراللارنىڭ سۈپىتىنى زور
دەرىجىدە ياخشىلىدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىنغاندا موڭ-
غۇل قوشۇنىنىڭ تەركىبىدە جىن سۇلالىسىدىن كەلتۈرۈلگەن
بىر ياردەمچى دىۋىزىيە بار ئىدى. ئۇلار ئاساسىي جەھەتتىن قامال
قىلىش جەڭلىرىدە كېرەك قىلىنىدىغان تۈرلۈك ئاتقۇچى
قوراللارنى، جۈملىدىن ئوت چاچقۇچىلارنى ئىشلىتەتتى. ئوت
چاچقۇچىلار قامال قىلىنغان شەھەرلەرگە ھەرخىل ئوت ئالغۇچى
مايلارنى، جۈملىدىن يۇنان يالقۇنى دەپ ئاتالغان كۆيدۈرگۈچى نې-
فىتنى ئاتاتتى. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا يۈرۈشىدە ئوق دورىـ
سىنى ئىشلەتكەن دېگەن گەپلەرمۇ بار. مەلۇمكى، ئوق دورىسى
(پارتلاتقۇچ دورا) ياۋروپادا پەيدا بولۇشتىن خېلى بۇرۇن جۇڭگودا

ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار ئۇنى ئاساسەن كۆڭۈل ئېچىش تېخنىكىسى سۈپىتىدە قوللىناتتى. موڭغۇللار پارتلاتقۇچ دورىنى جۇڭگولۇقلاردىن قوبۇل قىلىپ، ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ دورا ئۇرۇشتا ئىشلىتىلمىگەن-لىكى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى جۇڭگولۇقلاردا ئوت ئاتقۇچى قوراللار يوق بولغاچقا، ئەلۋەتتە موڭغۇللاردىمۇ يوق ئىدى. پارتلاتقۇچ دورىلاردىن ئاساسەن پوجاڭزا ياسىلىپ، قامالدىكى شەھەرلەرگە ئېتىلغان. توپ ـ زەمبىرەكلەر ـــ شۇبھىسىزكى ياۋروپانىڭ ئىجادىيىتى.

موڭغۇللار شەھەرلەرنى قامال قىلغاندا شۇ دەۋردىكى ئاتقۇچى قوراللاردىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۆزلىرىمۇ ئىستىھكام قۇرغان ۋە ئىپتىدائىي شەكىلدىكى مىنا ياساش ھۈ-نىرىنىمۇ قوللانغان. ئۇلار شەھەرلەرنى سۇغا غەرق قىلىش، ئورا ۋە لەخمە كولاش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بىلەتتى.

موڭغۇل قوشۇنىنىڭ سانى چىڭگىزخان ھۆكۈم سۈرگەن ھەرقايسى مەزگىللەردە ھەرخىل بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېمەك تەس. پارسىي ۋە جۇڭگولۇق يازغۇچىلار موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەردىن بولغاچقا، موڭغۇللارنىڭ ھەربىي كۈچىنى سان جەھەتتە كۆپتۈرۈپ (ئىككى، ئۈچ، تۆت ھەسسە) مۇبالىغىلەشتۈرۈشكە مايىل ئىدى. رۇس يىلنامىچىلى-رىمۇ شۇنداق ئىدى. بۇ مەنبەلەردىكى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغماي-دىغان سانلار ۋە باھالارنى مۇنداق بىر ئاددىي تەسەۋۋۇر بىلەنلا ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ؛ ھەتتا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن موڭغۇلىيەنىڭمۇ ئاھالە نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى چىقىرالمايتتى؛ خ.لېمىنىڭ ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلىق ئىنگلىز تەتقىقاتچىسىنىڭ ھېسابلى-شىدا، چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا يۈرۈشىگە ئاتلانغاندا (خارە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىسى
www.uyghurkitap.com

زىمشاھقا قارشى) ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ تەركىبى تۆۋەندىكىچە بولغان: خىللانغان قىسىمدا 1000 ئادەم، مەركىزىي قىسىمدا 101 مىڭ، ئوڭ قاناتتا 47 مىڭ، سول قاناتتا 52 مىڭ، ياردەمچى قىسىملاردا 29 مىڭ، جەمئىي 230 مىڭ ئادەم.①

بۇ چىڭگىزخان دەۋرىدىكى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سانىدۇر. چىڭگىزخان قازا تاپقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى تەخمىنەن 130 مىڭچە ئىدى. بۇ ساننى پۈتۈن موڭغۇل خەلقى چىقىرالايدىغان ئەڭ چوڭ سان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ مۆلچەرىچە، چىڭگىزخان دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليوندىن ئاشمايتتى. ھازىر ئاسىيادىكى پۈتۈن موڭغۇللارنىڭ تەخمىنەن بەش مىليون ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، يۇقىرىقى ساننى خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى، تاكتىكا ئۇسۇللىرى، قوراللىنىشى، سانى توغرىسىدىكى قىسقىچە تەسۋىرنى تاماملىدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسى ئۈستىدە توختىلايلى.

يۇقىرىدا نەقىلگە ئېلىنغان ئىنگلىز يازغۇچىنىڭ يازغانلىرى ۋە باشقا مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، موڭغۇللار تۆۋەندىكى سىستېما بويىچە ئۇرۇش قىلغان:

1. قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، بولغۇسى ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭ پىلانى مۇھاكىمە قىلىناتتى. يەنە شۇ قۇرۇلتايدا قوشۇننى تەشكىللەشكە نېمىلەر كېرەك بولىدىغانلىقى، ھەر ئون تۈتۈندىن قانچە ئەسكەر ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەمدە قوشۇن يىغىلىدىغان ئورۇن ھەم ۋاقىت بەلگىلىنەتتى.

① خ.لېم، 218 ــ 219 ـ بەتلەر. خىللانغان قىسىم دېيىلگەندە پەقەت «مىڭ باتۇر» قىسمىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. ھەرقايسى يېرىك بىرلىكلەر تەركىبىدىمۇ خىللانغان قىسىملار بولغان.

2. دۈشمەن ئېلىگە ئايغاقچىلار ئەۋەتىلىپ، «تىل» تېپىپ كېلىنەتتى.

3. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئادەتتە باش باھاردا باشلىناتتى (يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈپ.) شۇنداقلا، ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولۇشىغىمۇ قارىلاتتى. قىسمەنلىكتە، ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ سەمرىشىنى كۈتۈپ، ئۇرۇشنى كۈزدە باشلايدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلەتتى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئاۋۋال چىڭگىزخان يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەرنى يىغىپ پەرمان چۈشۈرەتتى.

يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەرنى ئىمپېراتور ئۆزى بەل-گىلەيتتى. دۈشمەن ئېلىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشتە بىرنەچچە قو-شۇن ھەر تەرەپتىن ئاتلىناتتى. بۇنداق ئايرىم قوشۇن قوماندان-لىرىدىن چىڭگىزخان ھەرىكەت پىلانىنى تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى ۋە مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن تەستىقلايتتى، تۈزىتىش كىرگۈزىدىغان ئىشلار كەم كۆرۈلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىپە ئىجرا قىلغۇچى قوماندانغا خاننىڭ قارارگاھى بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا تولۇق ھەرىكەت ئەركىنلىكى بې-رىلەتتى. ئىمپېراتور شەخسەن ئۆزى دەسلەپكى جەڭ ھەرىكەتلى-رىگە قاتنىشاتتى. ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئۇ قايتىپ كېتىپ، جەڭگاھتىكى ۋە بويسۇن-دۇرۇلغان قەلئە، ئاستانىلەردىكى غەلىبە شەرىپىنى ياش قو-ماندانلارغا قالدۇراتتى.

4. تارماق قوشۇنلار چوڭ شەھەرلەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە بىر كۆزەتكۈچى قىسىمنى شەھەر سىرتىدا قالدۇراتتى. شەھەر ئەتراپىدا كېرەكلىك نەرسىلەر يىغىلاتتى ۋە لازىم تېپىلغاندا ۋاقىتلىق بازا قۇرۇلاتتى. ئادەتتە ئاساسلىق قىسىم ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېرەتتى، پالاقمانلار بىلەن قوراللانغان كۆ-زەتكۈچى قىسىم قامال قىلىش ئىشىنى باشلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

5. ئوچۇق دالىدا دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىش ئېھتىمالى بولغاندا، موغۇللار مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى قوللىناتتى: بىر بولسا، جەڭ مەيدانىغا تېزلىكتە بىرنەچچە قوشۇننى يىغىپ، دۈشمەنگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا تىرىشاتتى؛ يەنە بىر بولسا، دۈشمەن سەزگۈر كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا مۇمكىن بولمىغاندا، ئۇلار قوشۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈۋالاتتى. بۇنداق ھەرىكەت «تولۇغما» دەپ ئاتىلاتتى. ھالبۇكى، موغۇل يولباشچىلىرى قېلىپبازلىقتىن خالىي بولغاچقا، كۆرسىتىلگەن ئىككى خىل ئۇسۇلدىن باشقا يەنە ھەرخىل ئەمەلىي ئۇسۇللارنىمۇ قوللىناتتى. مەسىلەن، ئەسكەرلەر يالغاندىن قېچىپ، ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتاتتى ۋە دۈشمەننىڭ نەزەر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەتتى، شۇ تەرىقىدە دۈشمەننىڭ كۈچلىرى پارچىلىنىپ، قوغدىنىش چارىلىرى بوشاشقۇچە قاچاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن موغۇللار ئۆزلىرىنىڭ چارچىمىغان زاپاس ئاتلىرىغا مىنەتتى ـ دە، تېز ئىلگىرىلەپ، ھاڭ ـ تاڭ قالغان دۈشمەن ئالدىدا خۇددى يەر تېگىدىن چىققاندەك ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولاتتى. 1223 ـ يىلى كالكا دەرياسى بويىدا رۇس كېنەزلىرى ئەنە شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تارمار قىلىنغانىدى. بەزىدە موغۇل قوشۇنلىرى شۇ خىل قايمۇقتۇرغۇچى قېچىش بىلەن ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، دۈشمەننى قورشاشقا ئىنتىلەتتى. ئەگەر دۈشمەن زىچلىقىنى بۇزماستىن، قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييار ھالەتتە تۇرغان بولسا، موغۇللار ئۇلارنى قورشاۋدىن چىقىرىۋېتەتتى ـ دە، ئاندىن ئۇلارغا ياندىن تېگىش قىلاتتى. 1220 ـ يىلى خارەزمشاھ مۇھەممەدنىڭ بىر قوشۇنى ئەنە شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن يوقىتىلغان. موغۇللار ئۇلارنى مەقسەتلىك ھالدا قامالدىكى بۇخارادىن چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىغان.

پىروفېسسور كوتۋىچىنىڭ موڭغۇل تارىخىغا ئائىت لېكسىيەسىدە موڭغۇللارنىڭ يەنە مۇنداق بىر ئۇرۇش «ئەنئەنىسى» كۆرسىتىلگەن: مەغلۇپ بولغان دۈشمەننى تولۇق يوقىتىلغۇچە قوغلاش. موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىسى بولغان شۇ قائىدە هازىرقى زامان ئۇرۇش سەنئىتىدىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پىرىنسىپلاردىن بىرى هېسابلىنىدۇ. لېكىن، شۇ يىراق ئۆتمۈشتە بۇ پىرىنسىپ ياۋروپالىقلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمىگەنىدى. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى رىتسارلار[1] جەڭگاھتىن چېكىنگەن دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرۈشنى نامەردلىك دەپ هېسابلايتتى. شۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر كېيىنكى ليۇدوۋىك XVI نىڭ دەۋرىدىمۇ غالىب تەرەپ مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن «ئالتۇن كۆۋرۈك» هاسىل قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. موڭغۇللارنىڭ تاكتىكىلىق ۋە ئەمەلىي ئۇرۇش سەنئىتى ھەققىدە يۇقىرىدا سۆزلەنگەنلەردىن ئايان بولدىكى، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ غەلىبە قازىنىشتىكى مۇھىم ئارتۇقچىلىقلىرىدىن بىرى — ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھەرىكەتچانلىق ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

جەڭگاھتا مۇشۇنداق ئىقتىدارنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقى — ئايرىم موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ ۋە پۈتۈن لەشكىرىي قىسىملارنىڭ تېز ھەرىكەتلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەھەتتىكى تەربىيەلىنىشى، يەر شارائىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشى ھەمدە ئاتلارنىڭ ئوبدان كۆندۈرۈلۈشى ۋە مەشىقلەندۈرۈلۈشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى بۇنداق ئىقتىدار ئالدى بىلەن موڭغۇل قوماندانلىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە پائالىيەتچانلىقىنىڭ، ئاندىن قالسا، قوشۇننىڭ ئوبدان تەشكىللەنگەنلىكى ۋە تەربىيەلەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. قوشۇننىڭ ساپاسى ئەنە شۇنداق

---

[1] رىتسارلار — ئەھلىسەلىپ قوشۇنى (تەرجىماندىن).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈكسەلگەن بولغاچقا، ھەربكەتتە تەڭداشسىز چاققان بولۇپ، ئارقا سەپ تەمىناتىغا بېقىنماي، پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىش كۆرەتتى. موڭغۇل قوشۇنى يۈرۈشلەردە تەمىناتنى ئۆزى ئېلىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا يۈك ئارتىلغان تۆگىلەرنى ۋە بەزىدە ئۆي ھايۋانلىرىنى ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئۆزلىرى بارغان يەرلەردىن تېپىلاتتى. يەرلىك ئاھالىلەردىن يېتەرلىك يېمەكلىك يىغىلمىسا، قورشاپ ئۇۋ قىلىش ئۇسۇلى بىلەن بۇ مەسىلە ھەل قىلىناتتى. ئۇ چاغلاردىكى موڭغۇلىيە ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات، ئاھالىسى ئاز بولغاچقا، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس چوڭ ئۇرۇشلىرىدا قوشۇننى ئۆزى تەمىنلىيەلمەيتتى. موڭغۇللار ئوۋ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يېتىلدۈرگەن بولغاچقا، ئۇرۇشنىمۇ ئوۋ قاتارىدا كۆرىدۇ. موڭغۇللارنىڭ نەزەرىدە ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتقان ئوۋچىمۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆيدىن يېمەكلىك تەمە قىلىدىغان جەڭچىمۇ «خوتۇن كىشى» ھېسابلىناتتى.

جايلاردا يېتەرلىك تەمىناتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا قوشۇنلار كەڭ يېيىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. موڭغۇللارنىڭ تارماق قوشۇنلىرى ئىستراتېگىيە تەلىپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۈشمەن دىيارىغا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەس، ئايرىم ـ ئايرىم كىرەتتى. بۇنداق ئۇسۇلدا ئايرىم قىسىملارنىڭ ھەربكەتتىكى چاققانلىقى، پايدىسىز جەڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىقتىدارى ھەمدە ئايغاقچىلىق ۋە ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئوبدان تەشكىللىنىشى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كىرىپ تارمار بولۇش خەۋپىنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. شۇنداق بولغاندا، كۆپ چىقىم تارتماي ئىستراتېگىيە پرىنسىپىغىمۇ ئەمەل قىلغىلى بولاتتى. بۇ خىل ئۇسۇلنى كېيىن مولتكې قىسقىچە مۇنداق شەرھلىگەن: «ئايرىم ھەرىكەتلىنىپ، بىرلىكتە ئۇرۇشۇش».

شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن، يەنى جايلاردىن تەمىنات يىغىش ئۇسۇلى بىلەن يۇرۇشتىكى قوشۇن كىيىم ـ كېچەك ۋە قاتناش ۋاستىلىرىگە بولغان ئېهتىياجىنىمۇ قاندۇرالايتتى. ئۇ چاغلار ـ دىكى قورال ـ ياراغلارمۇ جايلاردىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلى ـ نىپ ئاسان ياسىلاتتى. ئېغىر «توپلار» (پالاقمانلارنى دېمەكچى — تەرجىماندىن) پارچىلانغان ھالەتتە قوشۇننىڭ كەينىدىن توشۇلات ـ تى. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياغاچچى ۋە تۆ ـ مۇرچىلىرى يەرلىك ماتېرىياللاردىن ياساپ چىقاتتى. ھازىرقى ئارمىيەلەردە توپ ئوقلىرىنى ياساش ۋە توشۇش قىيىن مەسىلى ـ لەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چاغلاردا جايلاردىن تەييار تاشلار ۋە تۇگمەن تاشلىرىنى يىغىپ پالاقمان «ئوقى» قىلىشقا بولاتتى. تاش تېپىلماي قالسا، دەرەخلەرنىڭ كۆتەكلىرىنى ئىشلىتىشكىمۇ بولاتتى. بۇنداق كۆتەكلەرنى ئېغىرلىتىش ئۈچۈن سۇغا چىلاپ قويۇلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىنغاندا خارەزىم شەھىرى ئەنە شۇنداق ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا «بومباردىمان» قىلىنغان.

موڭغۇل قوشۇنىدا ئادەملەرمۇ ۋە ئاتلارمۇ ئىنتايىن چىدام ـ لىق بولۇپ، ئەڭ ئېغىر موھتاجلىقلارغىمۇ كۆنۈك ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى بولمىغان شارائىتتىمۇ توختاپ قالمايدىغان ئالاھىدىلىكى يېتىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، قوشۇندا پولاتتەك ئىنتىزام ئورنىتىلغانىدى. ئاشۇنداق شەرت ـ شارا ـ ئىتلار ھازىرلانغان بولغاچقا، زور قوشۇنلار سۇسىز چۆللەردىن ۋە باشقا تائىپىلەرنىڭ نەزەرىدە ئۆتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارىلىد ـ غان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن بىمالال ئۆتۈپ كېتەتتى. موڭ ـ غۇللار چوڭ دەريا ـ ئېقىنلاردىنمۇ ماھىرلىق بىلەن ئۆتەتتى. ئۇلار چوڭ ۋە چوڭقۇر دەريالاردىن ئۈزۈپ ئۆتەتتى. نەرسە ـ كې ـ رەكلەر بېسىلغان قومۇش ساللار ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا باغلاپ قويۇلاتتى، ئادەملەر تۇلۇملاردىن پايدىلىناتتى.

رىم پاپاسىنىڭ موڭغۇل ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى پىلا-نو كارپىنى قارىغاندا لەشكىرىي ئىشلارنىمۇ چۈشىنىدىغان ئادەم بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قارىشىچە، موڭغۇللارنىڭ غەلىبىلىرى ئۇلارنىڭ جىسمانىي كۈچى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار بۇ جەھەتتە ياۋروپالىقلارغا يەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپ-لىكىدىن بولغانمۇ ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ نوپۇسى خېلىلا ئاز. ئۇلارنىڭ غەلىبىلىرى پەقەت تاكتىكا ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈل-گەن بولۇپ، شۇ خىل تاكتىكىلار ياۋروپالىقلارنىڭ ئۆلگە قىلى-شىغا ئەرزىيدۇ. «بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز، — دەپ يازىدۇ ئۇ، — تاتارلارنى (موڭغۇللارنى) ئۆلگە قىلىپ، ئاشۇنداق قاتتىق ھەربىي قانۇنلار بويىچە ئىش تۇتسا بولاتتى... قوشۇن ھەرگىزمۇ توپلاش-تۇرۇلماي، ئايرىم ئەترەتلەر بويىچە تۈزۈلۈشى كېرەك. ھەر تە-رەپلەرگە ئايغاقچىلار ئەۋەتىلىشى كېرەك. بىزنىڭ گېنېراللىرى-مىز قوشۇنلارنى كېچە-كۈندۈز تەييار ھالەتتە تۇتۇشى كېرەك، چۈنكى تاتارلار خۇددى شاياتۇنلاردەك ھەرقانداق ۋاقىتتا ھوشيار تۇرىدۇ». ئاندىن كارپىنى موڭغۇللارنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللىرى ۋە ماھارەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، كونكرېت تەكلىپ - مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ لەشكىرىي ئىشلار پرىنسىپلىرى، ياپلاقتىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاسىيادا يېڭىلىق ئىدى — دېيدۇ ھا-زىرقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلاردىن بىرى. جۇۋەينىنىڭ سۆزى بو-يىچە ئېيتقاندا، ئاسىيادىكى لەشكىرىي تۈزۈم پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، سەركەردىلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇقى ۋە ياۋۇزلۇقى ئادەتتە-كى ئىش ئىدى. ئۇ يەردە قوشۇنلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئاي ۋاقىت كېتەتتى، چۈنكى قوماندانلار ھېچقاچان تې-گىشلىك ساندىكى ئەسكەرلەرنى تەييار ھالەتتە تۇتمايتتى. چىڭ-گىزخان قوشۇنىدىكى قاتتىق تۈزۈم ۋە ھەتتا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈ-نۈشىدىكى ھەيۋەتى بىزنىڭ كۆچمەنلەر قوشۇنلىرىنى مۇنتە-

زىملاشمىغان باندىتلار دەيدىغان تەسەۋۋۇرىمىزغا زادى باغلاشماي-
دۇ. ياساقنىڭ نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماددىلىرىدىن، دائىم جەڭ-
گىۋار ھالەتتە تەييار تۇرۇش تەلىپىنىڭ نەقەدەر قاتتىق، بۇي-
رۇقلارنى ئورۇنداشنىڭ نەقەدەر پۇختا بولغانلىقىنى كۆردۇق.
ھەرقانداق ۋاقىتتا يۈرۈشكە ئاتلىنىشقا توغرا كەلسە، قوشۇن ھا-
مان تەييار ھالەتتە بولاتتى؛ ئەڭ ئۇششاق نەرسىلەرگىچە ھېچ
نەرسە ئۇنتۇلماي، ھەممىسى ئۆز جايىدا بولاتتى، قورال -
ياراغلار ۋە ئېگەر - جابدۇقلار پاكىز تازىلانغان، سۇدانلار تولدۇ-
رۇلغان، زاپاس يېمەكلىكلەر تولۇق بولاتتى؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى-
نى قوماندانلار قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزەتتى. تولۇق تەييار-
لىق قىلمىغانلار قاتتىق جازالىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش
باشلانغان ۋاقىتتىن تارتىپ قوشۇندا جۇڭگولۇق دوختۇرلار
خىزمەت قىلدى. موڭغۇللار ئۇرۇشقا ماڭغاندا يىپەكتىن ئىچ كى-
يىم كىيەتتى (جۇڭگودا ئىشلەنگەن چۇچۇنچە.) بۇ ئادەت ھازىر-
غىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. چۇچۇنچىگە ئوقيا ئوقى ئۆتمەيدۇ،
چۇچۇنچە ئوق ئۇچى بىلەن بەدەنگە كىرىپ، ئوقنىڭ يەنىمۇ ئىچ-
كىرىلەپ كىرىشىنى توسىدۇ. ئوقيا ئوقىلا ئەمەس، مىلتىق ئوقى
تەگكەندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يىپەكنىڭ شۇنداق خۇسۇسىيىتى
بولغاچقا، ئوقيا ئوقىنى ياكى مىلتىق ئوقىنى يارا ئېغىزىدىن
يىپەك رەخت بىلەن قوشۇپ ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ. موڭغۇللار ئەنە
شۇنداق ئوقنى يارا ئېغىزىدىن چىقىرىش ئوپېراتسىيەسىنى ئا-
سانلا تاماملايتتى.

يۈرۈش ئالدىدا پۈتۈن قوشۇن ياكى ئۇنىڭ ئاساسلىق قىسمى
يىغىلغاندا ئالىي رەھبەر شەخسەن ئۆزى كۆزدىن كەچۈرەتتى.
شۇنداق چاغلاردا ئۇ (چىڭگىزخان) ئۆزىگە خاس ناتىقلىق تالانتى
بىلەن قىسقا، لېكىن مەزمۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەپ قوشۇننى
روھلاندۇرۇشنى بىلەتتى. ئالايلى، ئۇ سۇبۇتاي باشچىلىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جازا ئەترىتى يولغا چىقىش ئالدىدا مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن: «ئەي سەركەردىلەر، سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلار ماڭا ئوخشاش قوشۇنغا باش بولۇشقا لايىق! سىلەر باشقا كىيىلىدىغان قىممەت باھالىق تاجغا ئوخشايسىلەر! سىلەر ــ شان ـ شەرەپنىڭ يىغىندىسى، سىلەر ــ تاشقا ئوخشاش مۇستەھكەم! ئەي مېنىڭ قوشۇنۇم، سىلەر خۇددى سېپىللاردەك، خۇددى ئېتىز قىرلىرىدەك مېنى قورشاپ تۇرىسىلەر! مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاڭلار: تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا خۇددى بىر قولنىڭ بارماقلىرىدەك ئوي ـ پىكرىڭلار بىر بولسۇن؛ ھۇجۇم ۋاقتىدا خۇددى ئوۋغا ئېتىلغان شۇڭقاردەك بولۇڭلار؛ كۆڭۈل ئاچقاندا خۇددى توپلىشىپ ئۇچقان پاشىلاردەك بىرلىشىپ ئويناڭلار، لېكىن جەڭگە كىرگەندە خۇددى بۆركۈتتەك بولۇڭلار!»①

موڭغۇللارنىڭ لەشكىرىي ئىشلار ساھەسىدە مەخپىي رازۋېدكىنىڭ كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. مەخپىي رازۋېدكا ئارقىلىق بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ يەر شارائىتى، ماددىي ئاساسى، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قورال-لىنىشى، تۈزۈلمىسى، تاكتىكىسى، كەيپىياتى قاتارلىقلار ئەڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىغىچە ئېنىقلىناتتى. بۇ خىل ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى رازۋېدكا ياۋروپادا تېخى يېقىنقى تارىخىي دەۋرلەردىلا، يەنى ئارمىيەلەردە كەسپىلەشكەن مەخسۇس باش قوماندانلىق ئىشتابى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن سىستېمىلىق قوللىنىلىشقا باشلانغان. چىڭگىزخان بولسا، بۇنداق ئالدىن رازۋېدكا قىلىش ئىشىنى خۇددى ھازىرقى ياپونىيەدىكىگە ئوخشاش، ئەڭ مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتقانىدى. ئالايلى، ئەنە شۇنداق رازۋېدكا خىزمىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، جىن دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇشتا موڭغۇل سەركەردىلىرى كۆپ ھاللاردا شۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيە-

① ۋ.ئىۋانوف: «بىز».

لىك شارائىتىنى دۈشمەنلىرىدىن، يەنى ئۆز دۆلىتىدە ئىش قىلىۋاتقان جىن سەركەردىلىرىدىن ياخشىراق بىلەتتى. موڭغۇللارنىڭ ئاشۇنداق ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرغانلىقى ئۇلارنىڭ غەلىبە قازىنىشتىكى ئەڭگۈشتىرى ئىدى. خۇددى شۇنداقلا، باتۇخان ئوتتۇرا ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان چاغدا پولەكلەر، گېرمانلار ۋە ۋېنگىرلار موڭغۇللارنىڭ ياۋروپا شارائىتىنى بىلىدىغانلىقىدىن ھەيران قېلىشقانىدى. ھالبۇكى، ياۋروپا قوشۇنىدىكىلەر موڭغۇللار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس ئىدى.

رازۋېدكا ۋە دۈشمەننى پارچىلاش مەقسەتلىرى ئۈچۈن «ھەرقانداق ۋاستىنى قوللىنىش يوللۇق ھېسابلىناتتى. مەخپىي خادىملار نارازى بولغۇچىلارنى بىرلەشتۈرەتتى، ئۇلارنى سېتىۋېلىپ خائىنلىق قىلىشقا ئۈندەيتتى؛ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى، مەملىكەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى مۇرەككەپلەشتۈرەتتى. ئايرىم شەخسلەرگە قارىتا مەنىۋى تېررورلۇق (تەھدىت سېلىش) ۋە جىسمانىي تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى قوللىنىلاتتى».①

كۆچمەنلەرنىڭ يەرلىك بەلگىلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ قالالايدىغان قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ رازۋېدكا ئىشلىرىدا بەك ئەسقاتاتتى. مەخپىي رازۋېدكا ئۇرۇشتىن بۇرۇن باشلىنىپ، ئۇرۇش بولۇۋاتقاندىمۇ ئۈزۈلمەي داۋاملىشاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئايغاقچىلار ئىشقا سېلىناتتى. ئايغاقچىلىق رولىنى كۆپىنچە سودىگەرلەر ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. قوشۇن دۈشمەن ئىچىگە قەدەم بېسىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئاھالىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن مال ئېلىپ كېلەتتى.

يۇقىرىدا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ يېمەكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئوۋ قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىگەنىدۇق.

① گروم ـ گرژىمايلو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ بىر خىل مەقسەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئۇۋچىلىق يەنە قوشۇننى مەشىقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. ياساقنىڭ بىر ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قوشۇننى داۋاملىق مەشىقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر قىشتا كەڭ كۆلەملىك ئۇۋ پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆچمەنچى ئايدىن ئونىنچى ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇغا، تاغ تېكىسى، جەرەن، توشقان، قۇلان ۋە بەزى قۇش تۈرلىرىنى ئۇۋلىشى مەنئى قىلىنىدۇ».

موڭغۇللارنىڭ ئۇۋچىلىقتىن لەشكىري تەلىم – تەربىيە ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلانغانلىقى شۇ قەدەر قىزىقارلىق ۋە ئىبرەتلىككى، خارولد لېمىنىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئۇۋ ئىشلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس، دەپ ئويلايمىز.

«موڭغۇللارنىڭ قورشاپ ئۇۋ قىلىشى مۇنتىزىم لەشكىريي مەشىق ئىدى. پەرقى شۇكى، بۇ مەشىق ئادەملەرگە ئەمەس، ھايۋانلارغا قارىتىلاتتى. بۇنداق ئۇۋغا پۈتۈن قوشۇن قاتنىشاتتى. ئۇۋ قىلىش قائىدىلىرىنى خان ئۆزى تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايتتى. قوغلىغۇچى لەشكەرلەرگە قورال ئىشلىتىش مەنئى قىلىناتتى، ھايۋانلارنى سەپ ئارىسىدىن قاچۇرۇپ قويۇش نومۇس ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ تۈن قاراڭغۇسىدا ئۇۋلاش تەس بولاتتى. ئۇۋ باشلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن تۈرگۈنلىغان ھايۋانلار قوغلىغۇچىلار ھاسىل قىلغان يېرىم چەمبەر ئىچىگە قاپسىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ھەقىقىي قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە توغرا كېلەتتى. گۈلخانلار يېقىلىپ، جېسەكچىلەر قويۇلاتتى، تۈنلەردە تۈت پۈتلۈقلار پادىشاھلىقىنىڭ ۋەكىللىرى يېقىن تۇرغان شارائىتتا، يىرتقۇچلارنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، قاپلانلارنىڭ

خىرىلداشلىرى ئاستىدا جىپسەكچىلەرنىڭ سەپلىرىنى بۇزماي ساقلىشى ئاسانغا توختىمايتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قىيىنچى- لىقلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ، توپلىشىپ قالغان ھايۋانلار ئۆزلىرىنى قوغلاۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ يېقىنلاپ قالغان- لىقىنى تۇيغاندا ھوشيارلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تۈلكە ئۇۋۇسىغا كىرىۋالغان بولسا، ئۇنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك؛ قىيا تاشلار ئا- رىسىغا كىرىۋالغان ئېيىقنى قوغلىغۇچىلاردىن بىرى بېرىپ ئۇ يەردىن چىقىرىشى كېرەك. ئالايلى، بىرەر قاۋان دەھشەتلىك قو- زۇق چىشلىرى بىلەن ئۇسۇشكە تەمشىلىپ كەلگەندە ۋە بولۇپمۇ، بىر توپ يىرتقۇچلار غالجىرلاشقان ھالدا قوغلىغۇچىلار سەپلى- رىگە ئېتىلىپ كەلگەندە ياش لەشكەرلەرنىڭ قانچىلىك باتۇر ۋە چەبدەس بولۇشى كېرەكلىكى چۈشىنىشلىك، ئەلۋەتتە».

بەزىدە سەپنى بۇزمىغان ھالدا شىددەتلىك دەريا - ئېقىنلار- دىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى؛ بەزىدە قېرى خان ئۆزىمۇ سەپكە قوشۇلۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. ئۇ ئار- تۇق گەپ - سۆز قىلمىسىمۇ، ئوۋ جەريانىدىكى ھەربىر ئۇششاق تەپسىلاتلار ئۇنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالمايتتى ھەمدە ئوۋ تا- ماملانغاندىن كېيىن بەزىلىرىنى ماختاپ، بەزىلىرىگە تەنبىھ بې- رەتتى. قورشاش ھەرىكىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالدى بىلەن خان ئۆزى ئوۋ قىلىشنى باشلاپ بېرەتتى. بىرنەچچە ھايۋاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ چەتكە چىقاتتى ۋە سايىۋەنىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ ئوۋنىڭ داۋامىنى كۆزىتەتتى. بۇنداق ئوۋچىلىق قە- دىمكى رىمدىكى گىلادىياتورلارنىڭ ئېلىشىشلىرىغا ئوخشاپ كې- تەتتى.

ئاقسۆڭەكلەر ۋە مەنسەپدارلاردىن كېيىن ھايۋانلار بىلەن ئې- لىشىش ئىشى تۆۋەن دەرىجىلىك سەركەردىلەرگە ۋە ئادەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەشكەرلەرگە قالاتتى. بۇنداق ئېلىشىش بەزىدە كۈنبويى داۋاملى-
شاتتى. ئاخىر ئادەت بويىچە خاننىڭ نەۋرىلىرى ۋە ياش بەگزادى-
لەر خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىرىك قالغان جانىۋارلارغا رەھىم
قىلىشنى ئۆتۈنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قورشاۋ تارقىلىپ، ئۆل-
تۈرۈلگەن جانىۋارلارنى يىغىش باشلىناتتى.

ئىلىم ئۆز ئەسىرىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ، بۇنداق
ئوۋچىلىق لەشكەرلەرنى تەربىيىلەيدىغان ياخشى مەشغۇلات بولغا-
نىدى. ئوۋ جەريانىدا چەۋەندازلارنىڭ سەپ تۈزۈپ قورشاش ۋە
قورشاۋنى تارايتىش ھەرىكەتلىرىنى جەڭدە قامالدىكى دۈشمەنگە-
مۇ قوللىنىشقا بولاتتى.

دەرۋەقە، شۇنداق ئويلاشقا بولىدۇكى، موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ
جەڭگىۋارلىقى ۋە چەبدەسلىكىنى دەل ئاشۇنداق ئوۋچىلىقتا يې-
تىلدۈرگەن بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئۇلار باللىق دەۋرلى-
رىدىن تارتىپلا ئۆگىنەتتى.

چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىنىڭ لەشكىرىي قۇرۇلمىسى ھەق-
قىدىكى بىزگە مەلۇم بولغان بارلىق مەلۇماتلارنى يىغىنچاقلى-
غاندا مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ: «موڭغۇللارنىڭ يۈرۈش-
لىرى تەشكىللىك ھەرىكەت بولماستىن، كۆچمەنلەر ئاممىسىنىڭ
قالايمىقان كۆچۈشى ئىدى. ئۇلار مەدەنىيەتلىك دۈشمەنلەر بىلەن
ئۇچراشقاندا سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇلارنى ۋەيران
قىلغان» دېگەندىن ئىبارەت كەڭ تارقالغان كۆز قاراشنىڭ تولى-
مۇ ناتوغرا ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىز-
دەك، موڭغۇللار يۈرۈشكە ئاتلانغاندا «خەلق ئاممىسى» ئۆز جايلى-
رىدا خاتىرجەم قالاتتى، جەڭلەردىكى غەلىبىلەر ئاما تەرىپىدىن
ئەمەس، مۇنتىزىم قوشۇن تەرىپىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەنىدى. يە-
نە كېلىپ، موڭغۇل قوشۇنى سان جەھەتتە ھامان قارشى تەرەپ-
تىن ئاز ئىدى. ئالايلى، جۇڭگوغا (جىن سۇلالىسىگە) ۋە ئوتتۇرا

ئاسىياغا قارىتىلغان يۈرۈشلەردە دۈشمەن كۈچلەر چىڭگىزخان-نىڭكىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىدى. ئومۇمەن، ئىشغال قىلىنغان ئەللەردىكى ئاھالىلەرگە سېلىشتۇرغاندا موڭغۇللار بەك ئاز ئىدى. ھازىرقى مەلۇماتلار بويىچە ئېيتقاندا، موڭغۇللار بەش مىليون بولسا، ئاسىيادىكى سابىق مەھكۇم ئەللەرنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 600 مىليون. ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان قوشۇنلارنىڭ ئاساسلىق يادروسىنى تەشكىل قىلغان ساپ موڭغۇللار ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيتتى. 13-ئەسىردە ئەڭ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى موڭغۇللارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا قاراتقان غالىبانە يۈرۈشلىرىدە ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىگەن.

ئانىسىموف مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر بىز ناپولېئون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلۇغلۇقتا ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان سەركەردە سۇبۇتاي قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، كېيىنكىسىنىڭ پاراستى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى كۆپرەك بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئۆز قوشۇنلىرىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئارقا سەپ، ئالاقە ۋە تەمىنات مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەن. ھالبۇكى، ناپولېئون رۇسىيەنىڭ قارلىق دالىلىرىدا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىدى. سۇبۇتاي بولسا، ئارقا سەپ مەركىزىدىن مىڭ چاقىرىملارچە يىراقتا تۇرۇپمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلالىدى. ئۆتمۈشتىمۇ ۋە خېلى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ يىراققا يۈرۈش قىلىنىدىغان چوڭ ئۇرۇشلاردا قوشۇننىڭ تەمىنات مەسىلىسى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلاتتى. بۇ مەسىلە موڭغۇللارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىدا (ئات سانى 150 مىڭدىن ئارتۇق بولغان) زور

قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى. موڭغۇللارنىڭ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلىرى ئىلگىرىلەشنى قىيىنلاشتۇرىدىغان ئېغىر هارۋىلارنى ئېلىپ يۈرەلمەيتتى، شۇڭا، بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. ئۆز دەۋرىدە يولىي سىزار گاللىيىنى ئىشغال قىلىش ئالدىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇرۇشنى ئۇرۇش تەمىنلىشى كېرەك. ئىشغال قىلىنغان باي مەملىكەت ئىشغالىيەتچىنىڭ چىقىمىنى كۆپەيتىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە كېيىنكى ئۇرۇشلار ئۈچۈن ماددىي تەمىنات بازىسى بولالايدۇ».

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئۇرۇشنى كىرىم قىلىدىغان، بازىسىنى كېڭەيتىدىغان ۋە ئۆز كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئىش دەپ هېسابلايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگو مۇئەللىپلىرىدىن بىرى «قوشۇننى دۈشمەن هېسابىغا تەمىنلەشنى بىلىش» ـــ ياخشى سەركەردىنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. موڭغۇللارنىڭ ئۇزاققىچە هۇجۇم قىلىش ۋە كۆپ زېمىنلەرنى ئىشغال قىلىش ئىستراتېگىيەسى ـــ قوشۇننى تولۇقلاپ، كۈچ توپلاشنى مەقسەت قىلغان. هۇجۇم قىلغۇچى تەرەپ ئاسىياغا قانچىكى ئىچكىرىلەپ كىرسە، شۇنچە كۆپ چارۋا مال ۋە باشقا بايلىقلارغا ئىگە بولاتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يېڭىلگەنلەر غالىبلارنىڭ سەپلىرىگە قوشۇلاتتى ـ دە، تېزلىكتە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، غالىبلارنىڭ كۈچىنى ئاشۇراتتى.

موڭغۇللارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى خۇددى دومىلىغانسېرى چوڭىيىدىغان قارنىڭ كۆچۈشىگە ئوخشايتتى. باتۇخان قوشۇنىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرق تەرەپلىرىدە كۆچمەنلىك قىلىدىغان تۈركىي قەبىلىلەر تەشكىل قىلاتتى. موڭغۇللار قەلئەلەر ۋە شەهەر سېپىللىرىغا

ھۇجۇم قىلغاندا ئەسىرلەرنى ۋە سەپەرۋەر قىلىنغان دۈشمەنلەرنى «توپ يېمى» قىلىپ، ئالدىغا سېلىپ ماڭاتتى. يۈرۈش مۇساپىسى بەك يىراق بولغانلىقى ھەمدە ئادەمزاتسىز دالىلار، چۆل - باياۋانلار، كۆۋرۈكسىز دەريالار ۋە تاغلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە يۈك - تاقلارنى ئاساسەن «چۆل كېمىلىرى» (تۆگىلەرنى دېمەكچى — تەرجىماندىن) بىلەن توشۇغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل ئىستراتېگىيەسى ئارقا سەپ تەمىناتىنى دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئامالسىز ئىدى. بازىلارنى ئەمدى يېتىپ بارىدىغان جايلارغا يۆتكەش ئۇسۇلى چىڭگىزخاننىڭ ئاساسلىق ئىدىيەسى ئىدى. موڭغۇل چەۋەندازلىرى بازىنى «ئۆزلىرى بىلەن ئېلىپ يۈرەتتى». ئاساسەن يەرلىك ئىمكانىيەتلەرگە قانائەتلىنىش زۆرۈرىيىتى موڭغۇل ئىستراتېگىيەسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ياخشى ئوتلاقلارغا يېتىپ بېرىپ، يەمسىز جايلاردىن ئۆتكۈچە ئاجىزلاپ كەتكەن ئاتلىرىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن تېز، جىددىي ئىلگىرىلەپ، ھەش - پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولاتتى. شۈبھىسىزكى، يەم - خەشەك يېتىشمەيدىغان جايلاردا جەڭ ۋە يۈرۈشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ لەشكىرىي قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى ئوچېرىكىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئاساسچىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئۇ ھەقىقىي ئىجادچانلىق پاراستىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر يېڭىلمەس قوشۇننى يوقلۇقتىن قۇرۇپ چىقالىدى، ئۇنىڭ قوشۇن تەشكىللەش ئىدىيەسىگە مەدەنىيەتلىك ئىنسانىيەت ئارىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قايىل بولدى. جەڭ مەيدانلىرىدا داۋاملىق تەنتەنە قىلىش، موڭغۇل قوشۇنىغا نىسبەتەن سانى كۆپ بولغان ۋە ياخشى تەشكىللەنگەن قورallىق كۈچلەرگە ئىگە بولغان مەدەنىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەتلىك دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللاتچىلىق تالانتىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن قوماندانلىق ئەقىل ـ پاراستى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەسسىسلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئەنە شۇنداق ئەقىل ـ پاراستىنى بىردەك ئېتىراپ قىلدى. رۇس ھەربىي ئىشلار تارىخچىسى گېنېرال م. ئىۋانىن شۇ خىل پىكىرنى قوللايدۇ. ئۇنىڭ «چىڭگىزخان ۋە تېمۇرلەڭ دەۋرلىرىدىكى موڭغۇل ـ تاتار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھەربىي سەنئىتى ۋە يۈرۈشلىرى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى 1875 ـ يىلى سان ـ پېتېربۇرگتا نەشىر قىلىنغان بولۇپ، بىزنىڭ خانلىق ھەربىي ئاكادېمىيەمىزدە ئۇ ـ رۇش سەنئىتى تارىخىغا ئائىت قوللانما سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنـ ـ غان.

خارولد لېمنىڭ چىڭگىزخانغا بەرگەن باھاسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى كۆز ـ گە كۆرۈنگۈدەك سۈركىلىش پەيدا قىلماي ۋە كۆپ كۈچەپ كەتـ ـ مەيلا باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ھەرخىل شارائىتتا ھەرخىل كۆلەمدىـ ـ كى ئۇرۇشلارغا ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلىشى، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ۋە جەڭلەردىكى ھەل قىلغۇچ پەيتلەردە ئىككىلەنـ ـ مەسلىكى، سېپىللارنى ئۇتۇقلۇق قامال قىلىشى (ئىپتىدائىي تېخنىكىلىق شارائىتتا)، ئوچۇق دالىدىكى ئاجايىپ غەلىبىلىرى ئۇنى ئەڭ ئۇلۇغ سەركەردىلەر قاتارىدا گەۋدىلەندۈردى.

ھەتتا يېقىنقى زامانلاردىكى ئەڭ ئۇلۇغ قوماندانلاردىن بىرىـ ـ مۇ مەزكۇر موڭغۇل ئىستېلاچىسىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىـ ـ غانلىقىنى ۋاستىلىك ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن چىڭـ ـ گىزخاندەك بەختلىك بولالمىدىم» (ناپولېئون.)

موڭغۇل ئىستېلاچى ناپولېئوندەك كۆپلىگەن تارىخچىلارغا ۋە ئومۇمەن مەدھىيە ئەدەبىياتىغا ئىگە بولمىغان. چىڭگىزخان

توغرىسىدا بار ـ يوقى ئۈچ ـ تۆت پارچىلا ئەسەر يېزىلغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئەسەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان جۇڭگو ۋە پارس ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغانىدى. ياۋ-روپا ئەدەبىياتىدا بولسا پەقەت ئاخىرقى ئون يىللار مابەينىدىلا، ئۇ قوماندان سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئۇنىڭ نامىنى يېپىپ تۇرغان قارا بۇلۇتلار تارقىتىۋېتىلگەندەك بولدى. بۇ ھەقتە ھەربىي ئىشلار مۇتەخەس-سىسى فىرانسىيە پودپولكوۋنىكى رېنىك مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇنى (چىڭگىزخاننى) ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئەللەرنى قارد-غۇلارچە ۋەيران قىلىدىغان كۆچمەنلەر ئوردىسىنىڭ ئاتامانى دەي-دىغان قاراشلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك. خەلق داھىيلىرىدىن بىرەرسىمۇ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلالايدىغانلىقىنى ئۇنىڭدەك ئېنىق مۆلچەرلىيەلمىگەن. زور ئەمەلىي ئىدراك ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك تەركىبىي قىسمى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسى دادىل، تاكتىكىلىق ھەرىكەتلىرى نۇقسانسىز بولغاچقا، ئۇلار ھەمىشە غالىب چىقات-تى. شۈبھىسىزكى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭغا زاماندىش سەركەردە-لەر ئۆز دەۋرىدىكى ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلدى».

ئەلۋەتتە، ئۇلۇغ سەركەردىلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە قىل-غان ئىشلىرى پەرقلىق، ئۇرۇش سەنئىتى ۋە تېخنىكا سەۋىيەسى ھەرخىل، شەرت ـ شارائىتى خىلمۇخىل بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش ناھايىتى تەس. پەقەت ئايرىم ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئۇتۇق مېۋىلىرىلا باھالاش-نىڭ ئادىل ئۆلچىمى بولىدۇ، دەپ قارالماقتا. شۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە «مۇقەددىمە»دە چىڭگىزخان بىلەن ناپولېئون ۋە بۈيۈك ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكساندر سىلىشتۇرۇلغانىدى. بۇنداق سىلىشتۇرغاندا ئاخىرقى ئىككىسىنى ھەقلىق رەۋىشتە ئالدىنقى ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپېرىيەنىڭ زېمىنلىرى ناپولېئون ۋە ئالېكساندر ئىمپېرىيەلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇش بىلەنلا قالماي، كېيىنكى ۋارىسلار دەۋرلىرىدىمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ۋە قۇبلايخان دەۋرىگە كەلگەندە دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭىيىپ، كونا دۇنيانىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگىلىدى. بۇ ئىمپېرىيەنىڭ يىمىرىلىشى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ زەربىسىدىن ئەمەس، ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنۈشتىن بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ باشقا بۈيۈك ئىستېلاچىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان يەنە بىر ئەقلىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر: ئۇ سەركەردىلەر ئېقىمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئېقىمدىن بىر قاتار تالانتلىق رەھبەرلەر يېتىشىپ چىقتى. تېمۇرلەڭنىمۇ ئۇنىڭ ئېقىمىدىكى سەركەردە دېيىشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، ناپولېئون بۇنداق ئېقىمنى بارلىققا كەلتۈرەلمىگەن. بۈيۈك فرىدرىخنىڭ ئېقىمى بولسا، پەقەت قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلاردا ئىجادىي خاسلىقنىڭ ئۇچقۇنىمۇ كۆرۈلمىگەن. چىڭگىزخان ئۆز سەپداشلىرىنىڭ مۇستەقىل قوماندانلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇللاردىن بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇ سەركەردىلەرگە جەڭ ۋە مەشىق ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تاللاش ئەركىنلىكىنى بەرگەن.

## سەككىزىنچى باب

# جۇڭگوغا يۈرۈش

مەركىزىي ئاسىيا ئېگىزلىكىدە ماكانلاشقان موڭغۇل قەبى-لىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن چىڭگىزخان تەبىئىي هالدا شەرقتىكى باي، مەدەنىيەتلىك ۋە ئاهالىسىنىڭ جەڭگىۋار-لىقى تۆۋەن بولغان جۇڭگوغا كۆز تىكتى. جۇڭگو هەمىشە كۆچ-مەنلەرنىڭ نەزەرىدىكى لوق گۆش ئىدى. جۇڭگونىڭ زېمىنلىرى — شىمالدا جىن سۇلالىسى («ئالتۇن خانلىق») ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە بۆلۈنگەنىدى. بۇلارنىڭ هەر ئىككىسىنىڭ ئاهالىسى خەنزۇ ۋە مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇ مەدە-نىيىتى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىككىنچىسىگە ئۆز مىللىتىنىڭ سۇلا-لىسى باشچىلىق قىلاتتى، لېكىن بىرىنچىسى يات ئىشغالىيەتچى-لەردىن جۇرجىتلارنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ بى-رىنچى هەرىكەت ئوبيېكتى — يېقىن قوشنىسى بولغان جىن دۆ-لىتى ئىدى. چىڭگىزخان 11 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ۋارىسى بولغاچقا، جىن خاندانلىقى بىلەن كونا ئاداۋىتى بار ئىدى.

دەرۋەقە، دەل شۇ جىن ئىمپېراتورى لەشكىرىي جەهەتتە قۇدرەتلىك بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نەيرەڭۋازلىق سىياسى-تى بىلەن هەسەتخور، ئاچ كۆز كۆچمەن قوشنىلارنى كۈشكۈر-تۈپ، قابۇل ۋە قاتۇل خانلار دەۋرلىرىدە تىكلىنىشكە باشلىغان كۈچلۈك موڭغۇل دۆلىتىنى ۋەيران قىلغانىدى. موڭغۇل خانلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ـرىدىن بىرى بولغان ئانىباغايىنى جۇرجىتلار تۇتۇۋېلىپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. موڭغۇللار بۇ ئىشلارنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قىساس تەشنالىقىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان خەلق قەھرىمانى — يېڭىلمەس چىڭگىزخان خەلقىنىڭ شۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ جاكارچىسى بولدى.

ھالبۇكى، موڭغۇل خاقان لەشكىرىي ۋە سىياسىي ئىشلاردا ئوخشاشلا پاراسەتلىك ئادەم بولغاچقا، جۇڭگو بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئەكسىچە، ئۇ ئالدى بىلەن ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلەتتى. مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىپ، مۇستەھكەم لەشكىرىي ۋە مەمۇرىي تۈزۈلمىگە ئىگە دۆلەتنى قۇرۇپ چىققانلىقى بۇ جەھەتتە تاشلانغان تۇنجى قەدەم ئىدى. چىڭگىزخان كۈچ توپلاش جەريانىدا ئۆز دۈشمىنىنىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇش ۋە گۇمانىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن يامان غەرەز دەپ قارىلىشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق ئىشتىن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگۈچە ئۆزىنى جىن سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى دەپ تۇردى.

ئەنە شۇنداق تىنچ مۇناسىۋەتلەر موڭغۇللار بىلەن جىن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە باشقا ئالاقىلەرنى قويۇقلاشتۇردى. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى رەقىبىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ھەر تەرەپلىمە چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاقىلەردىن ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. بۇ رەقىب كۈچلۈك ئىدى: ئۇ چىڭگىزخان سەپەرۋەر قىلالىشى مۇمكىن بولغان قوراللىق كۈچلەردىن سان جەھەتتە زور ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنى ياخشى تەربىيەلەنگەن ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئەسلىھەلەر بىلەن تەمىنلەنگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان

مۇستەھكەم شەھەرگە تايىناتتى، ئۇلارغا يۇقىرى كەسپىي بىلىم-
گە ئىگە بولغان سەركەردىلەر رەھبەرلىك قىلاتتى.

ئۇلارنى يېڭىش مەقسىتىدە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل
ئېلىنىڭ بارلىق قوراللىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىشقا توغرا
كېلەتتى. بۇنداق بولغاندا، موڭغۇللارنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە
جەنۇبىي چېگرالىرى قوشۇنسىز قالاتتى. بۇنداق ۋەزىيەتنىڭ
خەۋپ - خەتىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، موڭغۇل قوشۇنى شەرق-
تىكى قوشنىسى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا باشقا قوشنىلارنىڭ ئار-
قىدىن مۇشت ئېتىش ئېھتىمالىدىن ساقلىنىش، باشقىچە ئېيت-
قاندا، ئارقا سەپنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم
ئىدى. چىڭگىزخان شۇ مەقسەتتە بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قىلدى.
بۇ ئۇرۇشلار ئاخىرقى مەقسەت بولماستىن، بەلكى جۇڭگوغا يۇ-
رۇش قىلىشنىڭ تەييارلىق ھەرىكىتى ئىدى.

بۇنداق ئىككىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇشلارنىڭ مۇھىم ئوبيېك-
تى تاڭغۇت دۆلىتى ئىدى. بۇ دۆلەت خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ۋە قىسمەن ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى كەڭ زېمىنلەرنى ئىگىلىگەن
ھەم جۇڭگو مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان بولۇپ، باي ۋە پۇختا تەش-
كىللەنگەنىدى. 1207 - يىلى بۇ دۆلەتكە تۇنجى قېتىم ھۇجۇم
قىلىنىدى. لېكىن بۇ يۇرۇش تازا ئۇتۇقلۇق بولمىدى. شۇڭا، كې-
يىن يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك يۇرۇش قىلىنىدى.

1209 - يىلى ئاياغلاشقان يۇرۇشتە چىڭگىزخان تولۇق غە-
لىبىگە ئېرىشىپ، كۆپ ئولجىغا ئىگە بولدى. بۇ ئۇرۇش موڭغۇل
قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭگوغا يۇرۇش ئالدىدىكى بىر قېتىملىق مانې-
ۋىرى بولۇپ قالدى، چۈنكى تاڭغۇت قوشۇنلىرى قىسمەن جۇڭ-
گوچە تۈزۈلمىگە ئىگە ئىدى. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن تاڭغۇت ھۆ-
كۈمدارى ھەر يىلى موڭغۇللارغا سېلىق تۆلەيدىغان بولدى ھەمدە
شۇ قەدەر ئاجىزلاشتىكى، ئەمدى ھېچبولمىغاندا بىرنەچچە يىل-

غىچە دۈشمەنلىشىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇنىڭ
چامى يەتمەيتتى. چىڭگىزخان ئەمدى ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىگە
پۈكۈپ كېلىۋاتقان مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
شەرققە ئاتلانسا بولاتتى، چۈنكى بۇ چاغقىچە ئىمپېرىيەنىڭ غەر-
بىي ۋە شىمالىي چېگرالىرىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە
بولغانىدى. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق بولغانىدى: غەرب ۋە شىمالدى-
كى ئاساسلىق تەھدىت نايمان ھۆكۈمدارى تايانخاننىڭ ئوغلى
كۈچلۈكتىن كېلەتتى. كۈچلۈك ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قوش-
نا قەبىلىلەر ئىچىگە قېچىپ بېرىپ قۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇ تە-
پىلەك كۆچمەن تەۋەككۈلچى ئۆز ئەتراپىغا ھەرخىل قەبىلە باندىت-
لىرىنى توپلىغان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى
مەركىتلەر ئۇلارنىڭ يادرو كۈچىنى تەشكىل قىلاتتى. مەركىتلەر
قەيسەر ۋە جەڭگىۋار قەبىلە بولۇپ، يىراقلارغا كۆچۈپ يۇرەتتى
ۋە پات - پاتلا قوشنا قەبىلىلەرنىڭ زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ
كىرىپ سوقۇشۇپ تۇراتتى. شۇنداقلا ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلىپ
ئولجا ئېلىشقا ئادەتلەنگەن ئۇ ياكى بۇ كۆچمەن سەردارغا ياللى-
ناتتى. كۈچلۈكنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئەسلىدىكى نايمان مۇخ-
لىسلار ۋە يېڭىدىن قوشۇلغان باندىتلار موڭغۇل ئېلىگە يېڭىدىن
قوشۇۋېلىنغان غەربىي رايونلارنىڭ تىنچلىقىغا تەھدىت پەيدا قى-
لىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، 1208 - يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ
مۇنەۋۋەر سەركەردىلىرىدىن جەبە بىلەن سۇبۇتاي باشچىلىقىدىكى
بىر قوشۇننى كۈچلۈكنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى.

بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ئويرات قەبىلىسى موڭغۇللارغا چوڭ
ياردەم قىلدى. موڭغۇل قوشۇنى ئويرات قەبىلىسىنىڭ زېمىنلىد-
رىدىن ئۆتەتتى. ئويراتلارنىڭ سەردارى خوتۇغابەگ تېخى 1207 -
يىلىلا چىڭگىزخانغا بويسۇندۇرغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى ھەمدە
ھۆرمەت ۋە بېقىنىشىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بىر ئاق

شۇڭقارنى تەقدىم قىلغانىدى. مەزكۇر ئۇرۇشتا ئويراتلار جەبە ۋە سۇبۇتاي قوشۇنلىرىغا يول باشلاپ، دۈشمەنلەر ئورۇنلاشقان جايغا يەتكۈزدى. جەڭدە موڭغۇللار تولۇق غەلىبە قازاندى. مەركىتلەر-نىڭ سەردارى توقتابېك ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن ئاساسلىق دۈشمەن كۈچلۈك يەنىلا ئۆلۈمدىن ياكى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ قارا خىتايلارنىڭ (قىتانلارنىڭ — تەرجىماندىن) قېرىپ كەتكەن ھۆكۈمدارى گۇرخاننىڭ ھوزۇرىدا پاناھلاندى. ئۇ چاغلاردا گۇرخان ھازىرقى شىنجاڭنىڭ زېمىنلىرىگە ئىگىدارلىق قىلاتتى.

ئالتۇن خانلىقتا يۈرۈشنىڭ مەنىۋى تەييارلىقى شۇ بولدىكى، چىڭگىزخان بۇ يۈرۈشنى موڭغۇللارغا دىنىي مەۋقەدە تۇرۇپ چۈ-شەندۈرۈشكە تىرىشتى: «مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرى مېنىڭ قوشۇن-لىرىمنى موڭغۇللارنىڭ تارتقان جەبرى - جاپالىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا باشلايدۇ» — دەيتتى ئۇ. چىڭگىزخان يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال كىگىز ئۆيگە ئۆزى يالغۇز كىرىۋېلىپ، تەڭرىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشنى تىلىدى. «ئەي ئالەمنى ياراتقۇ-چى، — دەپ دۇئا قىلدى ئۇ، — مەن جىن ئىمپېراتورلىرى نا-مەردلەرچە ئۆلتۈرگەن ئەجدادلىرىمنىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قوراللاندىم. ئەگەر سەن مېنىڭ قىلغىنىمنى قوللىساڭ ماڭا مەدەت بەرگىن، يەر - زېمىنگە ئەمر قىلغىنكى، ئادەملەرمۇ، ياخشى - يامان ئەرۋاھلارمۇ دۈشمەنلىرىمنى يېڭىش ئۈچۈن بىر-لەشسۇن».

كىگىز ئۆينىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان خەلق ۋە قوشۇن بۇ چاغدا ئۈزلۈكسىز تۇردە «تەڭرى! تەڭرى!» دەپ ئۇن سېلىپ ئىل-تىجا قىلىپ تۇردى. تۆتىنچى كۈنى چىڭگىزخان كىگىز ئۆيدىن چىقتى ۋە تەڭرى ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

چىڭگىزخان ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي چەكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، ئۆزىنىڭ بارلىق قورال-ئۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئاشىۋېرىپ، ئۆز ئادەملىرىنى ئۇنچىۋالا جەڭگە ئاتلاندۇرۇش جۇ- ئۇ يەنە جىن قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى
باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئالتۇن خانلىقىغا تولۇق بويسۇن-
ماي كېلىۋاتقان لياۋدۇڭ بەگلىكى بىلەن بىرلىكتە ئورتاق دۈش-
مەنگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

1211 - يىلى ئەتىيازدا موڭغۇل قوشۇنلىرى قۇرۇلتۇن دەر-
ياسى بويىدىن ئاتلىنىپ چىقتى. بۇ قوشۇن سەددىچىن سېپىلى-
گىچە تەخمىنەن 750 چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتتى. قوشۇننىڭ
كەينىدىن ئوزۇق قىلىنىدىغان نۇرغۇنلىغان چارۋا ماللار ھەيدەپ
كېلىنىدى.

جىن قوشۇنىدا ھەربىرىگە 20 ئات قوشۇلىدىغان كونىچە
ئۇرۇش ھارۋىلىرىدىن باشقا يەنە شۇ دەۋردە زامانىۋى ھېسابلانغان
تاش ئاتىدىغان پالاقمان، ھەربىرىنىڭ كىرىچىنى ئون ئادەمنىڭ
كۈچى بىلەن تارتىدىغان يوغان قونداقلىق ئوقيا، ھەربىرىنى
200 ئادەم باشقۇرىدىغان مانجاناق قاتارلىق قورال - ياراغلار بار
ئىدى. بۇلاردىن باشقا، جىن قوشۇنلىرى جەڭلەردە ئوق دورىسى-
دىنمۇ پايدىلىناتتى، مەسىلەن، ئۇلار پوروختىن (ئوق دورىسى-
دىن) يەرگە كۆمۈلىدىغان پارتلاتقۇچلار، مانجاناق بىلەن ئېتىلى-
دىغان چۆيۈن بومبىلارنى ياسىغان.

ئەنە شۇنداق شارائىتتا چىڭگىزخان ئېھتىياتچانلىق بىلەن
ئىش قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇبادا ئۇ جۇڭگودا مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىسا، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي دۈش-
مەنلىرىمۇ قوزغىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا ھەل قىلى-
غۇچ ئۇتۇقمۇ ئىمكانقەدەر ئاز چىقىم بىلەن قولغا كەلتۈرۈلۈشى
لازىم ئىدى. موڭغۇللار ئالدىن رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق دۈش-
مەن قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارغا
ئىگە ئىدى. بۇ موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئەڭ زور ئۇستۇنلۈكى ئىدى.

بۇنداق رازۋېدكا ھەربىر كەتلىرى كېيىنكى ئۇرۇشلار داۋامىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئۇلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆتۈشكە ئەڭ قولايلىق بولغان جايلىرىنى ئىزلىدى.

چىڭگىزخان بېيجىڭغا بارىدىغان ئەڭ قىسقا يولدا دۈشمەنـ ـنىڭ قارشىلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، بۇ تەرەپتە ئاز ـ تولا كۆرۈنۈش قىلىپ قويدى ـ دە، ئاساسلىق قوـ شۇننى بۇ يەردىن 150 ـــ 200 چاقىرىم غەربتىكى مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولمىغان بىر جايدىكى تاشقى سېپىلدىن ئۆتكۈزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مۇقالى، جەبە ۋە سۇبۇتاي قوماندانلىقىـ ـدىكى ئۈچ تۈمەن كىشىلىك ئالدىنقى قىسىم جۈيۇڭگۈەن (موڭـ غۇلچە ـــ خابچال) ئۆتكىلىدىكى ئىچكى سېپىلنى ئىگىلىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئالدىنقى قىسىمنىڭ ئومۇمىي قوماندانـ ـلىقىنى جەبە نويان ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا كېرەك.

چىڭگىزخاننىڭ جۇچى، چاغاتاي، ئۆگەتاي ۋە تولىدىن ئىباـ رەت تۆت ئوغلى يۇرۇشتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ئۈچ چوڭ ئوغـ لى قوشۇندا قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىدە بولدى، كەنجىسى بولسا خىللانغان يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن تەركىب تاپقان مەركىـ زىي قىسىمغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئاتىسىنىڭ يېـ ـنىدا بولدى.

سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاساسلىق قوشۇن ئوزۇق ـ تۈلۈك يىغىش مەقسىتىدە ئايرىم ـ ئايرىم تۇركۇملەرـ گە بۆلۈنۈپ، ھەر تەرەپلەرگە تارقالدى. سېپىلدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭدىلا جەبە نويان دۈشمەننىڭ تارقاق كۈچلىـ ـرىنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، قاتتىق زەربە بەردى. شۇ جەڭدە موڭغۇللارنىڭ يەر شارائىتىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ ئارىدا چوڭ خانزادىلەر ئاتىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بوـ يىچە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلەر ۋە شەھەرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىشغال قىلدى. موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى دالىدا يەنە بىر قېتىم غەلىبە قازانغاندىن كېيىن جىن دۆلىتىنىڭ «ئوتتۇرا ئاستانىسى» بولغان بېيجىڭ شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا جىن قوشۇنىنىڭ قارشىلىقى سۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغان شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىن ئىشغال قىلىندى. بۇنداق غەلىبە ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇردۇ، چۈنكى چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمى ھەرگىزمۇ تۇيۇقسىز بولمىغان. موڭغۇل قاغانىنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان جىن ھۆكۈمدارلىرى 1211 ـ يىلى ئەتىيازدا قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداق تۇرۇپ، بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى يالغۇز بېيجىڭنىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرىگىلا باغلىق بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي قورال ـ ياراغلىرى بىلەن بۇ ھەيۋەتلىك سېپىللاردىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەي، 1211 ـ يىلى كۈزدە قوشۇنىنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قايتۇرۇپ كەتتى.

1212 ـ يىلى ئۇ يەنە ئاساسلىق قوشۇنىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاستانىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىنىڭ ئاستانىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ مۆلچەرى توغرا بولۇپ چىقتى، شۇنداقتىمۇ چىڭگىزخان جىن سۇلالىسى قوشۇنىنى دالىدا بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلدى. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھەممە يەرلەر دېگۈدەك ئۇنىڭ قولىغا ئۆتتى. لېكىن بېيجىڭ ۋە يەنە مۇداپىئەسى چىڭ بولغان ئۇنچە شەھەر داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇ-

ۋەردى، چۈنكى موڭغۇللار تېخى قامال قىلىش ئۇرۇشىغا تەجرى-
بىسىز ئىدى. مۇداپىئەسى ئانچە چىڭ بولمىغان شەھەرلەرنى
ئۇلار بىر بولسا كۈچ بىلەن، بىر بولسا ھىيلە بىلەن ئالاتتى.
مەسىلەن، ئۇلار يالغاندىن قېچىپ، قەلئە تۈۋىدە مال ـ مۈلۈك
بېسىلغان ھارۋىلارنى قالدۇرۇپ قوياتتى. دۈشمەننىڭ بىر بۆلۈك
قوشۇنى شۇ مال ـ مۈلۈكنى ئېلىش ئۈچۈن دالىغا چىقاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن، قەلئەنىڭ مۇداپىئەسى بوشاپ قالاتتى. ئەگەر بۇ
ھىيلە ئەمەلگە ئاشسا، شەھەرگە ياكى قەلئەدىن ئايرىلىپ چىققان
قوشۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىناتتى. يەنە بىر قىسىم شەھەر-
لەر تەھدىت سېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر
قىلىناتتى.

1212 ـ يىلى كۈزدە بېيجىڭ شەھەر سېپىلىنىڭ يېنىدا
بولغان بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا چىڭگىزخان يارىدار بولدى.
قوشۇن قامالنى توختىتىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە
قايتىپ كەتتى. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدىكى بۇنداق توختاشلار قو-
شۇندىكى چارچىغان ئاتلارنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئى-
دى. بۇنداق قىلىشتا يەنە باشقا قوشنا ئەللەرگە قورقاق سېلىش-
تىن ئىبارەت سىياسىي مۇددىئامۇ بار ئىدى.

1213 ـ يىلمۇ شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ
كەتتى. بۇ ھەقتە خ.لېم تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قو-
يىدۇ:

«چىڭگىزخان ئىشغال قىلىنغان شەھەرلەردە قوشۇن تۇر-
غۇزالمايتتى. موڭغۇللار شەھەر ئىچىدە مۇداپىئەلىنىشكە ئادەت-
لەنمىگەن بولغاچقا، قىش كىرگەندە جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى
تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولار ئىدى. بېيجىڭغا قارىتىلغان يۇرۇش-
تە خاننى قولغا چۈشۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى، لېكىن شەھەر-
لەرنىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە توس-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇنلۇق قىلاتتى. بۇنداق شارائىتتا كۆچمەنلەرنىڭ ساددا داھىيسى ئۇرۇشلاردا قولغا چۈشكەن ئولجا بىلەن ۋە جىن سۇلالىسى ئۇس-تىدىن قازىنىلغان غەلىبىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى يايلاقلاردا خاتىرجەم يۇرۇۋەرسە بولار ئىدى. لېكىن چىڭگىزخان ياردار بولسىمۇ، بۇرۇنقىدەكلا ئىرا-دىلىك بولۇپ، يېڭىچە شارائىتتا ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىلىرىنى جۇغلىدى ۋە كېيىنكى ئۇرۇشلاردا شۇ تەجرىبىلەردىن پايدىلى-نىشنى كۆزلىدى. ئەكسىچە، ئالتۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ئەمدى غەمدىن قۇتۇلالمايدىغان بولۇپ قالدى.»

1214 ـ يىلى ئەتىيازدا موڭغۇللارنىڭ ئۈچ قوشۇنى يەنە جىن خاندانلىقىنىڭ زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ قېتىم ئۇلار ئالدىنقى قېتىملىق ئۇرۇشلارنىڭ تەجرىبىلىرى ئاسا-سىدىكى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندى. ئەمدى ئۇلار شە-ھەر سېپىللىرىگە يېقىنلاشقاندا ئەتراپتىكى جايلاردىن يىغىپ كېلىنگەن ئاھالىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ تولىسىدا جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇرۇشماس-تىن، شەھەرنى بوشىتىپ بېرەتتى. جىن خاندانلىقىدىكى بىر قىسىم قىتان سەركەردىلەر ۋە ھەتتا جۇرجىتلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى كۆچمەن يۇلاڭچىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇ دۆلەتنى بېسىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ داھىيسىنى تەختكە چىقارماقچى بو-لۇۋاتقان مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى چۈشەن-گەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ تەس-لىم بولۇشتى. چىڭگىزخان يىراقنى كۆرەر سىياسىيون بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىشغال قىلىنغان شە-ھەرلەرنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى.

1214 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشلار جەريانىدا چىڭگىزخان قوشۇنى چۇما كېسىلىدىن ئىبارەت يېڭى دۈشمەنگە دۇچ كەلدى. بۇ كېسەل

قوشۇنلارنىڭ سەپلىرىنى شالاڭلاتقىلى تۇردى. ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەن ئاتلارمۇ ئاجىزلاشقا باشلىدى، لېكىن موڭغۇللار دۈشمەن قوماندانلىرىغا شۇ قەدەر قورقۇنچ سېلىۋەتكەنىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاجىزلىشىپ كەتكەن موڭغۇل قوشۇنىغا ھۇ-جۇم قىلىشقا پېتىنغۇدەك بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. خان چىڭگىز-خانغا ئېغىر سېلىق تۆلەش ۋە خان جەمەتىدىن بىر مەلىكىنى ئۇ-نىڭغا خوتۇنلۇققا بېرىش شەرتى بىلەن يارىشىپ قېلىشنى تەك-لىپ قىلدى. چىڭگىزخان بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولدى ۋە يارىشىش شەرتلىرى ئادا قىلىنغاندىن كېيىن موڭغۇل قوشۇنى سېلىققا بېرىلگەن ھېسابسىز بايلىقلارنى ئات - ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئۆز ماكانلىرىغا جۆنىدى.

چىڭگىزخاننىڭ بۇ قېتىمقى يارىشىشقا ماقۇل بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، شۇ چاغدا كەلگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، 1208 - يىلى قېچىپ كەتكەن ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈش-مىنى كۈچلۈكخان قارا خىتاي (قىتان) ئىمپېرىيەسىنىڭ ھۆ-كۈمدارلىقىنى تارتىۋالغانىدى. بۇنداق شارائىتتا چىڭگىزخان ئۆز ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېگرالىرىغا كېلىدىغان تەھ-دىتنى تولۇق مۆلچەرلىدى.

جىن خاقانى بولسا ھايات - ماماتلىق دۈشمىنىدىن ۋاقتىن-چە قۇتۇلغىنىنى غەنىيمەت بىلىپ، كەلگۈسىدىكى بىخەتەرلىك ئۈچۈن تۇرار جايىنى سۇلالىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شەھەر-لەردىن بىرىگە يۆتكىدى. ئۇ ئوغلىنى بېيجىڭنىڭ ھاكىمى قىلىپ قالدۇردى. تەخت ۋارىسى بولغان خانزادىنىڭ يېنىدا قالغان بىر-نەچچە كىشى قېنى قىزىق ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىدى. ئۇلار جىن سۇلالىسىنىڭ يىرگىنچلىك كۆچمەنلەردىن شەرمەندىلەرچە مەغ-لۇپ بولۇپ خورلىنىشىپ قالغان قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياش خانزادىنى مىللىي ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆشكۆرتتى. خانزادە ئالىي ھوقۇقنى قولىغا ئالدى. سۇلالىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى موڭغۇل ئىستىپلاسىدىن قاتتىق ۋەيران بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئالتانخانغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئاھالە ئۇنى (خانزادىنى) قىزغىن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ئىشغال قىلىنغان زېمىندىكى مۇھىم نۇقتىلاردا قالدۇرغان ئاز سانلىق موڭغۇل قىسىملىرى قىرغىن قىلىندى. مەنىۋى جەھەتتە روھلانغان جىن سۇلالىسى قوشۇنى بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان لياۋدۇڭ بەگلىكىگە قارشى ئاتلاندى. بۇ ئىشلار شۇنچىلىك تېز بولدىكى، قايتىپ كېلىۋاتقان موڭغۇل قوشۇنى تېخى ئۆز يايلاقلىرىغا يەتمەي تۇرۇپلا چىڭگىزخانغا بۇ ھەقتىكى مەلۇمات كەلدى.

ئۇ قوشۇننى دەرھال توختاتتى ۋە قىش كېلىپ قالغانلىقىغا قارىماي، بىرنەچچە كۆچلۈك تارماق قوشۇننى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئالتانخاننى قوغلاش ئۈچۈن جەنۇبقا، قالغانلىرىنى شىمالدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ئەۋەتتى. ئاساسلىق قوشۇن سەددىچىن سېپىلىغا يېقىن جايدا توختاپ، لازىم تېپىلغاندا ھەرىكەتتىكى قوشۇنلارغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇردى.

ياردەمنىڭ لازىمى بولمىدى، چۈنكى قوشۇنلارغا باش بولغان قوماندانلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلىدى. شىمالدا سۇبۇتاي ۋەزىيەتنى ئوڭشاش بىلەنلا قالماي، چاقماق تېزلىكىدە ئىلگىرىلەپ، كورىيەنى ئىشغال قىلدى. مۇقالى بىلەن لياۋدۇڭ بېگى دۈشمەنگە ئوچۇق دالىدا زەربە بېرىپ، بېيجىڭغا يېقىنلاشتى. بۇ شەھەردىكى قوشۇن ۋە ئاھالىنىڭ ھېلىقى قىزغىنلىقى ئەمدى پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىككە ئۆزگەرگەندى. موڭغۇللارنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇشتا ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بۇ غايەت

كۈچلۈك شەھەر ئەمدى مۇقالىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى. بۇ ۋەقە 1215 ـ يىلى يازدا بولغان.

بۇ چاغدا سەددىچىن سېپىلىگە يېقىن يەردە قىشلاۋاتقان ئاساسلىق موڭغۇل قوشۇنىمۇ ئورۇش بولۇۋاتقان جايغا يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان شۇ قوشۇن بىلەن جەنۇبتىكى ئالتانخان بېيجىڭنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇننى تارمار قىلدى. جەنۇبقا ئەۋەتىلگەن تارماق قوشۇن ئالتانخاننى قوغلاپ يېتەلمىگەنىدى. ئىسيانكار خانزادىمۇ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قېچىپ قۇتۇلدى. مۇشۇنداق شارائىتتا ھەتتا بېيجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ تىنچلىق ئورنىتىلمىدى. ئالتانخان سۇلالىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئادەم ۋە بايلىق كۈچىگە تايىنىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇردى.

چىڭگىزخان بېيجىڭنى ئالغاندىن كېيىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئولجىغا ئىگە بولدى ۋە جىن سۇلالىسىنىڭ ئىشغال قىلىنغان قىسمىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ قويۇپ، قاراقۇرۇمغا قايتتى. مۇقالى ئىشغال قىلىنغان زېمىننىڭ نايىبى بولۇپ قالدى.

جۇڭگوغا قارىتىلغان يۈرۈشتە چىڭگىزخاننىڭ لەشكىرىي، سىياسىي ئىقتىدارى يەنە نامايان بولدى. ئۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان شەرت ـ شارائىتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولدى. بۇ ئۇرۇشتىكى ئايرىم ھەرىكەتلەر ئادەتتىكى پىلانسىز ھۇجۇم بولماستىن، پىششىق تەييارلىقلار بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سىستېمىلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئىدى. نۇقسانسىز ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا ئۇسۇللىرى ۋە لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

«دېمەك، — دەيدۇ گېنېرال ئىۋانىن، — ئادەم سانىنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ، سەددىچىن سېپىلىمۇ، شەھەرلەرنىڭ قاتتىق مۇداپىئەسىمۇ، ئېگىز تاغلارمۇ جىن سۇلالىسىنى موڭغۇللارنىڭ قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىدىن ساقلاپ قالالمىدى. جىنلىقلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتمىدى ۋە يىگىرمە نەچچە يىلغىچە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ تۇردى. لېكىن چىڭگىزخان جىن سۇلالىسىنىڭ بارلىق چارۋا ماللىرى ۋە ئاتلىرىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىغا ھەيدەپ كېتىپ، ئۇلارنى زور ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى ھەمدە داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، كۆچ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە يول قويمىدى. جىنلىقلار پەقەت شەھەر ۋە شەھەر سېپىللىرىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇر بولدى، لېكىن موڭغۇللار بۇ سۇلالىنى ھەر تەرەپتىن قىسىپ ۋەيران قىلىپ، تىنچلىق بەرمەي، ئاخىر ھەممە شەھەرلەرنى دېگۈدەك ئۆز قولىغا ئالدى. بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردە پىيادە قوشۇنلارغا نىسبەتەن ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ نەقەدەر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا يەنە شۇنى قوشۇش لازىمكى، چىڭگىزخان ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى بىلەتتى. ئۇ ئىتتىپاقداشلارنى جەلپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۇلاردىن پايدىلىناتتى. مەسىلەن، ئۇ ئونغۇتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، جىن سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئاسانلاشتۇردى. ئاندىن قىتانلارنى (لياۋدۇڭ بېگىنى) ئۆز يېنىغا تارتىپ، دۈشمەن كۈچلىرىنى پارچىلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق دۈشمەننى شىمالدىكى زېمىنلەردىن ئايرىۋېتىپ، قىتانلاردىن ۋە خەنزۇلاردىن قوشۇن توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن، جۇرجىتلارنى ئۇلارنىڭ بېقىندىلىرىدىن ئايرىۋەتتى، كېيىن يەنە تاڭغۇتلاردىنمۇ ياردەم ئالدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئۆز ۋارىسلىرىغا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىنمۇ پايدىلىنىشنى ۋەسىيەت قىلدى. قىسقىسى، ئۇ سىياسەتنىمۇ خۇددى قورالغا ئوخشاشلا ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشنى بىلگەن».[1]

① ئىۋانىن، 103 ـ بەت.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ھۆكۈمدارلار بەش يىل ئۇرۇشۇپمۇ شىمالىي جۇڭگونى تولۇق بويسۇندۇرالمىدى. قابىل مۇقالىغا تاپشۇرۇلغان بۇ ۋەزىپە چىڭگىزخانغا قازا يەتكەن 1227 ـ يىلىغىچىمۇ ئورۇندالمىدى. جەنۇبىي جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇش بولسا چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا تېخى كۆنتەرتىپكىمۇ قويۇلمىغانىدى.

جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى قىيىنچىلىق ــ ئۇرۇشلاردىكى ئۇڭۇشسىزلىقلارنى، جۇڭگو تۇزلەڭلىكىدىكى ھاۋارايىغا كۆچمەنلەرنىڭ كۆنەلمىگەنلىكىدىن ياكى قانداقتۇر ئۆتكەلى بولمايدىغان تەبىئىي توسۇقلارنىڭ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ چاغلاردىلا نەچچە يۈز مىليون نوپۇسقا ئىگە بولغان ئۇيۇشقاق جۇڭگو خەلقىنىڭ پاسسىپ قارشىلىقىدىن كېلىپ چىققان. بۇنداق شارائىتتا جەنۇبقا ئىلگىرىلەش ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى، بېسىۋېلىنغان زېمىنلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا قىيىنچىلىقلار تېخىمۇ كۆپ بولاتتى ۋە نەتىجىدە يەنە قولدىن كېتەتتى.

دەرۋەقە، ئادەم سانى ئاز بولغان موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن بېسىۋېلىنغان يەرلەرنى قوغداشقا كۈچلۈك قىسىملارنى قالدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى، ئاجىز قىسىملارنى قالدۇرۇش خەتەرلىك بولاتتى، چۈنكى بۇنداق قىسىملار زىچ ماكانلاشقان ئادەم دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتەر ئىدى.

1234 ـ يىلى سۇبۇتاي ئىنتايىن كۆپ قۇربان بېرىش بەدىلىگە جىن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي ئاستانىسىنى ئېلىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، نۆۋەت كۈچلۈك سۇڭ سۇلالىسىگە كەلدى. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ۋارىسلىرىغا ئەنە شۇ يېڭى ۋەزىپىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردى. ئارىدىن يەنە ئون يىللار ئۆتۈپ، 13 ـ ئەسىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە بۇ ۋەزىيەتمۇ ئورۇندالدى.

جەنۇبىي جۇڭگونى ئىشغال قىلىشتا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىم. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇ ۋەقە ۋە شۇ چاغدىكى شارائىت مۇنداق بولغان:

موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك خانى مۆڭكە سۇڭ سۇلالىسىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاققىچە جاپالىق كۈرەش قىلغاندىن كېيىن ئىككى ئوتتۇرىدا تىنچلىق ئورنىتىلدى. بۇ چاغدا خاننىڭ ئىنىسى قۇبلاي موڭغۇل قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، قوماندانلىق تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. گۇمانخور مۆڭكە ئىنىسىنىڭ ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇنى قوماندانلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى ۋە مەشھۇر سۇبۇتاي باتۇرنىڭ ئوغلى ئۇرەڭ قاتاينى ئۇنىڭ ئورنىغا قويدى.

موڭغۇللار تىنچلىق مەزگىلىدىن يېڭى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن پايدىلاندى. سۇڭ خاقانىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ جەنۇبقا چېكىنىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك لەشكىرىي كۈچنى دۈشمەن دۆلەتنىڭ جەنۇبىي چېگرا رايونىغا يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كەڭ زېمىنلىرىدە قوشۇن يۆتكەش ئىشىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش ئۈچۈن ھەرىكەت مەخپىيەتلىكىنى چىڭ ساقلاش تەلەپ قىلىناتتى. يۆتكىلىدىغان قىسىم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سىرتىدىكى ئاھالىسى شالاڭ بولغان چۆللۈكلەردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قىسىم شەرقىي تىبەت (شىزاڭ)نىڭ چۆللىرىدىن ۋە ھىمالايا تاغلىرىنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە يىلغا سوزۇلغان بۇ تەگداشسىز قىيىن يۈرۈشكە ئۇرەڭ قاتاي قوماندانلىق قىلدى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق ئا-

دەم رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قوشۇن چۆللەر ۋە تاغلاردىن ئۆتكۈچە نۇرغۇنلىغان ئادەم ۋە ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. لې-كىن بۇ ھال قوماندانىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى ۋە لەشكەرلەرنىڭ پىداكارلىق روھىنى بوشاشتۇرالمىدى.

بۇ قوشۇن شەرقىي تىبەت ۋە يۈننەننى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ھىندىچىنى زېمىنلىرىگە كىرىپ، خانويغىچە يېتىپ باردى ھەمدە تونكىن (شىمالىي ۋىيېتنام)نى بويسۇندۇردى، ئاننام (ۋى-يېتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) خانلىقىغا سېلىق سالدى. ھالبۇكى، ئۆزۈلمەس يۇرۇشلەر، جەڭلەر، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە موڭغۇللار كۆنمىگەن ئىسسىق ھاۋانىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، قوشۇننىڭ بەشتىن تۆت قىسمى كېمىيىپ، ئاران يىگىرمە مىڭ كىشىگە چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، موڭغۇللار يەرلىك ئاھالىدىن ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشنى بىلگەچكە، ئۇرەڭ قاتاي سۈك زېمىنلىرىگە كىرىشتىن ئىلگىرى ھىندىچىنىدىكى بويسۇن-دۇرۇلغان قەبىلىلەردىن ئەسكەر ئېلىپ، قوشۇننى تولۇقلىدى.

پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايتتى. ئالاقىلىشىش ئارقىلىق دۈشمەن زېمىنلىرىگە شىمالدىن ۋە جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىتتا قى-سىپ كىرىش ياكى ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. سىمسىز تېلېگراف ئىجاد قىلىنىشتىن 650 يىل ئىلگىرى ئا-شۇنداق ئالاقىلىشىش شەرتىنىڭ قانداق ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى بىزنىڭ ھازىرقى چۈشەنچىمىز بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تەس.

ۋاھالەنكى، بۇنداق ئالاقە ئاتلىق چاپارمەنلەر ئارقىلىق ئەمە-لىيلەشكەن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان. موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ شىمالدىن ۋە جەنۇبتىن قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلىشى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇشتىن قال-دى. 1259 - يىلى، تېخى سۇڭ ئۇرۇشى ئاياغلاشمىغان پەيتتە مۆڭكە خان قازا تاپتى. ئۇنىڭ ئورنىغا قۇبلايخان چىقتى. پۈتۈن جۇڭگو ۋە ھىندىچىنىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قۇبلايخان ئىمپې-رىيەسىنىڭ تەركىبىگە كىردى. موڭغۇللارنىڭ ئېكۋاتور تەرەپكە داۋاملىق كېڭىيىشىنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ كۆچمەنلەر كۆنەلمەيدىغان تىروپىك كىلىماتىلا توسۇپ قالدى.

يۇقىرىدا تېمىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئاسىيادىكى مىراسلىرى ھەققىدە ئاز - تولا چۈشەنچە بېرىش مەقسىتىدە ۋاقىت تەرتىپى بويىچە كېلىۋاتقان بايانىمىزدىن بىر-ئاز چېكىندۇق. ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاستانىسى قاراقورۇمدا ئولتۇ-رۇپ، بەش يىللىق جۇڭگو ئۇرۇشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان چىڭگىزخان ھەققىدىكى بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

بۇ ئۇرۇشتا ھەر تەرەپلىمە تەجرىبە - ساۋاقلار ھاسىل قى-لىندى. موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى دۈشمەننىڭ ئىدىيەسى ۋە ئۇرۇش تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىشتا زور ئۇتۇقلارغا ئېرىش-تى. كېيىنكى يۈرۈشلەردە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئەينى دەۋردە ئىلغار ھېسابلانغان قورال - ياراغلارغا ئىگە بولغانلىقىنى ۋە جۇڭگو قەلئەلىرىگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتىكىدەك ئامالسىز قالغان-لىقىنى كۆرىمىز. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەر تامامەن ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسلىنى-دىغان كىشىلەر بولسىمۇ، تولىسى قابىلىيەتلىك ۋە تىرىشچان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت تەجرىبىلىرىنى جۇڭگونىڭ سۈنزى، ۋۇزى ۋە سىما قاتارلىق لەشكىرىي ئالىملىرىنىڭ پىش-شىق يەكۈنلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى نەزەرىيەلىرى بىلەن بىر-لەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىدىيەلىرىنى سىستې-

مىلاشتۇردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا نەزەرىيەسىنى ياراتتى.

موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە پۇقرالارنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئۆزلەشتۈرگەنلىرى تېخىمۇ مۇھىم بولسا كېرەك. 1215 ـ يىلى بېيجىڭ ئېلىنغاندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا يالـ لۇغ چۇساي ئىسىملىك بىر تۇتقۇن تونۇشتۇرۇلدى. بۇ تۇتقۇن ئۆز زامانىسىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، شائىر ۋە مۇنەججىم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «مۇكەممەل ئەۋلىيا» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ جىن (جۇرجىت) سۇلالىسىدىن بۇرۇن شىمالىي جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرـ گەن قىتان ئەۋلادلىرىدىن بىرى ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنى قوبۇل قىلىپ، مۇنداق دېدى:

ــ لياۋ (قىتان) ۋە جىن سۇلالىلىرى ھەمىشە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ كەلگەن، مەن سېنىڭ قىساسىڭنى ئېلىپ بەردىم.

ياللۇغ چۇساي ئېتىراز بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ــ مېنىڭ ئاتام، بوۋام ۋە مەن جىن سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرى ئىدۇق. ئەگەر مەن ئىلگىرىكى ھۆكۈمدارىم ۋە ئاتامغا ئىـ چىمدە غۇم ساقلىسام گۇناھكار بولىمەن.

ياللۇغ چۇساينىڭ جاۋابى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى چىڭگىزخانغا ياراپ قالدى. چىڭگىزخان مىللەتچىلىك ئەقىدىسىدىن خالىي بولغاچقا (شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتتە مۇشۇنداق ئادەمنىڭ چىققانـ لىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك)، بۇ يۇقىرى مەدەنىيەتلىك يات ئەللىكنى دۆلەت خىزمىتىگە قويسا بولىدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ قەھرىمان سەپداشلىرىنىڭ پۇقرالارنى باشقۇـ رۇش جەھەتتىكى قابىلىيەتلىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەچكە، بۇ ئىشنى تۇتقۇن پەيلاسوپقا تاپشۇردى. ياللۇغ چۇساي موڭغۇل خاقانىنىڭ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. ياللۇغ چۇساي چىڭگىزخانغا مۇنداق دېگەن: «ئاتقا مىنىپ دۇنيانى بېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سىۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دۇنيانى باش-قۇرغىلى بولمايدۇ».

بۇ دۆلەت ئەربابى ئىمپېرىيەنىڭ مەمۇرىي ۋە مالىيە ئورگان-لىرىنى تەشكىللىدى ۋە ھەتتا لەشكىرىي ئىشلاردىمۇ بىر قىسىم ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئىسلاھاتى ئېھتىمال جوڭگو قوشۇنىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە تېخنىكىلىق ۋە لەشكىرىي - مە-مۇرىيەت كەسىپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسا كېرەك. ياللۇغ چۇساي شەخسىي مۇناسىۋەتتىمۇ چىڭگىزخانغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ خاننىڭ ساۋاتسىز كۆچمەنلەرگە خاس بولغان، بە-زىدە ئۆزىنى بىسىۋالالمايدىغان يۈگەنسىز خۇيىنى پەسكويغا چۈ-شۈرۈپ، ئۇنى تىنچلىق تۇرىدىكى ئىشلارغا كۆندۈرەلىدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يەنە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دۆلەت ئارخى-پى تەسىس قىلىندى.

بۇ جوڭگو پەيلاسوپىنىڭ ئۇنۇملۇك خىزمەتلىرى چىڭگىز-خاننىڭ دەسلەپكى ۋارىسلىرى دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى.

ئومۇمەن، موڭغۇل خانلىرى داڭلىق يات ئەللىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئۆزىنى تارتمايتتى. چىڭگىزخان بولسا ئا-تايىن شۇنداق ئادەملەرنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە مەسلىھەتلىرىدىن دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن ياكى ئۆزىنىڭ بىلى-مىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىناتتى.

ئالايلى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا خارەزىمشاھ بىلەن ئۇرۇشۇۋات-قان مەزگىلدە، پەلسەپەۋى مۇكەممەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئاتاقلىق تويىن(داۋجىياۋ) راھىبى چاڭ چۈننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بېيجىڭدىن چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن »ئۆلمەسلىكنىڭ دورى-سى»نى سورىدى.

— جوڭگو چېكىدىن ئاشقان ھەشەمەتچىلىك ۋە تەكەببۇر-لۇققا بېرىلىپ كەتكەچكە تەڭرى ئۇنى جازالىدى. مەن شىمالدىكى

يايلاقلاردا ياشاپ، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمىدىم، پاكلىق ۋە تۈزلۈك-
نى ياخشى كۆرىمەن، ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئاددىي ـ
ساددىلىق يولىنى تۇتىمەن. مەن بىر خىللا كىيىم كىيىپ، بىر
خىل تاماق يەيمەن، پادىچىلار ۋە بېلىقچىلار نېمە كىيسە ۋە نېمە
يېسە، مەنمۇ شۇنى كىيىمەن ۋە شۇنى يەيمەن. مەن يەتتە يىلدا
ئۈلۈغ ئىشلارنى تەۋرەتتىم ـــ دۇنيادىكى ھەممە ئەللەرنى بىر-
لىككە كەلتۈردۈم. سەن ھەقىقەتنى يار تۇتۇپ، قائىدە ـ يوسۇنلار
بويىچە ئىش قىلىدىغان ئۇستاز. سېنىڭ ئەۋلىيالىقتا نامىڭ بار،
شان ـ شۆھرىتىڭ ھەممىگە ئايان. ئەمدى ئەۋلىيالىق بابىدىكى
كارامىتىڭنى كۆرسەتكىن؛ قۇملۇق چۆللەردىكى يول يىراقلىقىنى
ئويلىما، خەلقنى ئويلاپ، مېنى ئاياپ، ماڭا ئۆلمەسلىكنىڭ دورى-
سىنى ئېيتىپ بەرگىن.

چاڭ چۇن ھەيۋەتلىك ھۆكۈمدارغا جاۋاب بېرىپ، »ئۆمۈرنى
ئۇزارتىشنىڭ دورىسى بار، لېكىن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوق«
دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىڭگىزخان غەزەپلەنمىدى، ئەكسىچە،
ئۇنىڭ راستچىل ۋە سەمىمىيلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

توققۇزىنچى باب

# ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش

چىڭگىزخان جۇڭگودىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نەزەرىنى غەرب تەرەپكە ئاغدۇردى. ئالدىنقى بابتا سۆزلەنگىنىدەك، ئۇ تەرەپتە چىڭگىزخاننىڭ ئىخچىملا قۇدرەتلىك بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۈشمىنى كۈچلۈكخان نەيرەڭ ئىشلىتىپ، قارا خىتاي (قىتان) دۆلىتىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى. ئالتاينىڭ غەربىدىن تارتىپ ئۇرال دەرياسىغىچە بولغان جايلاردىكى بىر قىسىم ئەللەرمۇ ئېخى بويسۇندۇرۇلمىغانىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈركىستان، ئافغانىستان ۋە پېرسىيەنى باشقۇرغان قۇدرەتلىك خوكۇمدارى سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر كېيىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن يېقىندىكى دۈشمەنلەر يوقىتىلىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئۇلار تىنچلىق شارائىتىدا مۇسۇلمانلار مەملىكىتى بىلەن بولغان ئالاقىگە زىيان سېلىشى، ئۇرۇش بولغان شارائىتتا موڭغۇللارنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

يېقىندىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش ۋەزىپىسى خىل سەركەردىلەردىن سۇبۇتاي بىلەن جەبەگە تاپشۇرۇلدى. ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى كۈچىمەيلا ئورۇندىدى. سۇبۇتاي 1216 ـ يىلى ئالتاي بىلەن ئۇرالنى تېزلىكتە ئىشغال قىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ زادى چىققاشالمايدىغان دۈشمەنلىرى بولغان مەركىتلەرنى ئەڭ ئاخىرقى ئا-

دىمىگىچە قىرىپ تاشلىدى. جەبە كۈچلۈكخان بېسىۋالغان مۇ-سۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى يوقاتتى. كۈچلۈكخان مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن زۇلۇم سالغانىدى. جەبە نويان تولۇق دىنىي ئەركىنلىكنى ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ۋە بىر قىسىم لەشـ-كىرىي ئەمەلدارلارنى موڭغۇللارغا مايىل قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. تولۇق تارمار قىلىنغان كۈچلۈكخان خانىدانلىقتىن مەھرۇم بولدى ۋە موڭغۇللاردىن قېچىپ قۇتۇلالماي، ئاخىر ھىنـ-دىقۇش تاغلىرىدا قازا تاپتى. تارىم ۋادىسى ۋە يەتتە سۇ رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارا خىتاي (قىتان) مەملىكىـ-تى چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، موڭـ-غۇللار خارەزىمشاھ زېمىنلىرىنىڭ چېگرالىرىغا كېلىپ قالدى.

خارەزىمشاھ تېخى جۇڭگو ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەقسىتىدە موڭغۇل ئېلىگە بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەنىدى. ھالبۇكى، مۇھەممەد خارەزىمـ-شاھ چىڭگىزخانىنىڭ كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولغاچقا، بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىگە مەخپىي كۆزىتىش ۋەزىپىسىمۇ تاپشۇرۇلغانىدى، ئەلۋەتتە. بېيجىڭدىن قايتىپ كەلـ-گەن چىڭگىزخان بۇ ئەلچىلەر بىلەن قاراقۇرۇمدا كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا ئىنتايىن كۆپ مىننەتدارلىق كۆرسەتتى.

چىڭگىزخان ئەلچىلەرگە «مەن ئۆزۈمنى شەرقنىڭ ھۆكۈمرا-نى دېگىنىمدەك، سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىمۇ غەربنىڭ ھۆ-كۈمدارى دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. سىلەر تەرەپ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ۋە ئىككى ئوتتۇرىدا سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايمەن» دېگەن مەزمۇندا سۆزلىدى.

ئەلچىلەر ۋە ئۇلار بىلەن كەلگەن سودىگەرلەرگە جاۋابەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان سودىگەرلەر-دىن تەركىب تاپقان بىر كارۋاننى تەشكىللەپ، مۇھەممەد بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر سۇلتانغا كاتتا سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ بېرىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا تەك-لىپ بەرمەكچى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارغا قوشۇلغان سودىگەرلەر (بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلار ئى-دى) 1218 ـ يىلى سۇلتاننىڭ ئاستانىسىگە كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە ئوترار شەھىرىگە كېلىپ توختىدى. بۇ شەھەر بەزى مە-لۇماتلاردا هازىرقى تاشكەنتنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلەتتى دې-يىلىدۇ، يەنە بەزى مەلۇماتلاردا بولسا تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى سىر دەريا بويىغا جايلاشقان دېيىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەر بۇ يەردە ئۆزلىرى ئويلىغاندىكىدىن پۈ-تۈنلەي ئەكسىچە كۈتۈۋېلىشقا دۇچ كەلدى.

ئوترار ھاكىمى سۇلتاننىڭ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويى-چە ئىش كۆردىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشى بويىچە قىل-دىمۇ، ئىشقىلىپ چىڭگىزخان ئەۋەتكەن كارۋان بۇلاندى، ئەلچى-لەر ۋە سودىگەرلەر ئۆلتۈرۈلدى. ئېھتىمال، مۇھەممەد چىڭگىز-خاننىڭ سەمىمىيىتىگە ئىشەنمىگەن بولسا كېرەك. شۇنداقلا سۇلتانغا يوللانغان مەكتۇپتا چىڭگىزخاننىڭ ئۇنى «سۆيۈملۈك ئوغلۇم» دەپ ئاتىغىنى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، سۇلتان چوقۇم ئارىنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ساقلانغىلى بولمايدىغان توقۇنۇشقا تېزرەك يول ئېچىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك. بۇنداق پەرەزنىڭ توغرىلىقىنى كېيىن بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقە بىلەن ئىسپاتلاشقا بولى-دۇ: ئەلچىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن چىڭگىزخان (موڭغۇللاردا «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ئەقىدە بار

ئىدى) خارەزىمشاھقا ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچى-لەرنى ئۆلتۈرگەن ئوترار ھاكىمىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد يەنىلا باش ئەلچىنى ئۆلتۈرگۈزدى، ئۇ-نىڭ ھەمراھلىرىنى ھاقارەتلەپ قوغلاپ چىقاردى.

ئەمدى ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى. چىڭگىزخان بۇ ئۇرۇشقا ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن تەييارلىق كۆردى، چۈن-كى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى دۈشمىنىنىڭ لەشكىري كۈچىنى تولۇق چۈشىنەتتى. خارەزىمشاھ لەشكەرلىرى گەرچە موڭغۇل قوشۇنى-دەك قاتتىق ئىنتىزامچان بولمىسىمۇ، جەڭگىۋار تۈركىي خەلق-لەردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، قورال - ياراغلىرى خىل ۋە ئادەم سانى 400 مىڭدىن ئاشاتتى، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتلىق قو-شۇنلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنىدا ھەرخىل تېخنىكىلىق قوراللاردىن سىرت يەنە جەڭ پىللىرى بار ئىدى. موڭغۇللار بۇنداق قورال تۈرىنى ئالدىنقى ئۇرۇشلاردا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇنداق ھەيۋەتلىك لەشكىري كۈچتىن سىرت، خارەزىمشاھ تەۋە-لىكىدىكى شەھەر سېپىللىرى ۋە بىناكارلىق ئۇستىلىرىمۇ داڭلىق ئىدى. بۇ خانىدانلىقنىڭ مەركەزلىرىگە سىرتتىن كېلى-دىغان يوللارنى تاغ تىزمىلىرى ۋە سۇسىز چۆللەردىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقلار توسۇپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، تېخى يېقىندىلا ئىشغالىيەتچىلىك بىلەن كېڭەيگەن بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسى كۆپ خىل قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان ۋە ھەرخىل ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ (سۈننىي، شىئە مەزھەپلىرى ۋە كۆپلىگەن خۇراپات ئەقىدىلىرى) تەلىماتلىرى بويىچە ئايرىلىپ، بىر - بىر-لىرى بىلەن زادى چىقىشالمايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى مۇستەھكەم دېگىلى بولمايتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چىڭگىزخان 1219 - يىلى ئەتىيازدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا 230 مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى تەشكىللىدى. گەرچە جىن سۇلالىسى-
نىڭ شىمالىي رايونلىرى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇل
دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، چىڭ-
گىزخان ئۆزىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى ئىشغال قىلىنغان يەرلەردى-
كى سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچسىز، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن، غەرب-
تىكى ئۇرۇش بولغۇسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا كۆنمىگەن
ئولتۇراق ئاھالە ھېسابىغا كۆپەيتىشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس،
دەپ قارىدى. بۇ بۈيۈك سەركەردە سۈپەتىنىڭ ساندىن مۇھىملىقى-
نى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قوشۇنىغا قوبۇل قى-
لىنغان جۇڭگولۇقلار ئازلا نىسبەتنى تەشكىل قىلاتتى (قىتانلار،
جۇرجىتلار.) بۇلار مەخسۇس تېخنىكىلىق قىسىملارغا تەقسىم-
لەنگەن بولۇپ، سانى ئون مىڭدىن ئاشمايتتى.

يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى پۈتۈنلەي موڭغۇللاردىن
بولغان بۇنداق تېخنىكىلىق قىسىملاردىن باشقا، ئىمپېرىيەنىڭ
بېقىندىلىرى ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنلار، جۈملىدىن ئون مىڭ
كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنى بار ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ بىرنەچ-
چە ئايدىن كېيىن ئۇيغۇر قوشۇنى قايتۇرۇۋېتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ
ئورنىغا يەنە ئون مىڭ كىشىلىك تۈركمەن قوشۇنى ئالماشتۇرۇل-
دى. چىڭگىزخان بۇ مۇسۇلمانلارنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىش
بىلەن بىللە سۇلتان مۇھەممەدكە قاراشلىق ئاھالىلەرنىڭ ئىچكى
قەبىلىۋازلىق ۋە دىنىي مەزھەپ زىددىيەتلىرىدىن ئۈستىلىق بى-
لەن پايدىلاندى.

ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش توغرىسىدا تاڭغۇت ھۆكۈمدارىغا
قويۇلغان تەلەپ رەت قىلىندى. تاڭغۇت خانى چىڭگىزخانىنىڭ
ئەلچىسى ئارقىلىق: «قوشۇنىڭ يەتمىگەن بولسا پادىشاھ بولۇپ
نېمە قىلىسەن؟» دېگەن مەسخىرىلىك جاۋابنى يوللىدى. چىڭ-
گىزخان پارچە - پۇرات توقۇنۇشلارغا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاساس-

لىق دۈشمىنىدىن چەتلەشنى خالىماي، بۇ ئاشكارا قارشىلىششىقا جاۋاب قايتۇرمىدى ۋە كېيىن ئۈچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

قوشۇننىڭ يادروسى ۋە ئاساسلىق قىسمىنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا موڭغۇللار ۋە قېرىنداش قەبىلىلەر تەشكىل قىلاتتى. تەخمىنەن 20 مىڭ كىشىلىك خىل قوشۇن مۇقالىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگودا تۇراتتى، يەنە شۇنچىلىك قوشۇن جەبەنىڭ يېتەكچىلىكىدە قارا خىتايدا (ئىلگىرى قىتانلار ئىگىلىگەن يەرلەردە — تەرجىماندىن) تۇراتتى. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇلىيەدە قالدۇرۇلغان ئىنىسىنىڭ قولىدىمۇ كىچىكرەك بىر قوشۇن بار ئىدى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مۇھەممەد خارەزىمشاھ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ باغداد خەلىپىسىگە قارشى غەلىبىلىك ئۇرۇشقاندى. ئۇ دەۋردە باغداد خەلىپىسى ئەجدادلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، خارابلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. خەلىپە كۈچلۈك قوشنىسىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، چىڭگىزخانغا ئىتتىپاقلىشىش تەكلىپىنى سۇنغانىدى. لېكىن چىڭگىزخان ئۇ چاغدا خارەزىمشاھ بىلەن دوستلۇق ۋە سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىشنى ئويلاپ يۈرگەن بولغاچقا، خەلىپىنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب قايتۇرمىغانىدى. مۇھەممەد خارەزىمشاھ خەلىپە قوشۇنلىرى ئۈستىدىن ئاسانلا غەلىبە قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۇتۇقلۇق جەڭلەرنى قىلغان بولغاچقا، ساراي خۇشامەتچىلىرى ئۇنى «ئىسكەندەرى سانى» (ئىككىنچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين، يەنى ئىككىنچى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي — تەرجىماندىن) دەپ ئاتاشقانىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۇلتاننىڭ ھېچقانچە قوماندانلىق ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ جەمەتى ۋە قوماندانلىرى ئىچىدە قەھرىمانلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ۋارىسى خانزادە جالالىددىن ئالاھىدە مەشھۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىمۇ جەڭدە ياكى ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلىش سەنئىتىگە ماھىر ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، موڭغۇللار قوماندانلىق جەھەتتە دۈشمەندىن شەكسىز ئۈستۈنلۈكتە تۇراتتى.

خارەزىمشاھنىڭ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەن يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ گۇمانخورلۇقى ئىدى. ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ، قوشۇنلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ لەشكەرلىرىنى بىردىن - بىردىن چىقىرىپ، موڭغۇللارنىڭ زەربىسىگە تۇتۇپ بېرەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، موڭغۇللار ئۇرۇشتا پۈتۈن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى قوللىناتتى.

ئاخىردا يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سۇلتان مۇھەممەد خارەزىمشاھنىڭ ئېغىر سىناقتا دۇچ كەلگەن پەيتتە دۆلەتنى ۋە قوشۇنىنى تىزگىنلەپ تۇرالىغۇدەك ساپاسى يوق ئىدى.

خارەزىمشاھنىڭ ئەنە شۇنداق ئاجىزلىقلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى يولغا قويۇشى چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈرەشلىرىنى پايدىلىق شارائىتقا ئىگە قىلدى. شۇنداقتىمۇ موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈرەشلىرى ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمىدى. بۇنى كېيىنكى بايانلاردىن كۆرىمىز.

چىڭگىزخان قوشۇنى بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئاتلانغۇچە ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ياخشى قوراللانغان ۋە پۇختا تەييارلانغانىدى. جۈملىدىن، ھەربىر چەۋەنداز تۆت - بەش ئاتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈردى. نۇرغۇن قوي - كالىلار قوشۇن بىلەن بىللە ھەيدەپ مېڭىلدى. چىڭگىزخان مۇھەممەد بىلەن ئارىسى بۇزۇلۇشتىن بۇرۇنلا موڭغۇل دالالىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا ئۆز قوللىرىنى سوزۇپ بولغانىدى. جەنۇب تەرەپكە جەبە

نويان، شىمال تەرەپكە چوڭ خانزادە جۇچى ئەۋەتىلگەنىدى. جۇچى قىرغىزلارنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ، 1219 ـ يىلى دەشتى قىپچاققا قوشۇن تارتىپ كىرگەنىدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ «قوللىرى» ئاساسەن تىنچ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلار سودا مۇناسىۋەتلىرىنى نىقاب قىلىپ، ئەل ئىچىنى ۋە كەلگۈسىدىكى دۈشمەننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن رازۋېدكا قىلدى.

ئۇرۇش پىلانى بويىچە، ئاساسلىق كۈچلەر بالقاش كۆلىنىڭ غەربىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ مۇھەممەدكە شىمالدىن ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. كۈچلۈكخاننى قوغلاپ تىبەت (شىزاڭ) تاغلىرىغىچە يېتىپ بارغان جەبە شەرقتىن پەرغانىگە تېگىش قىلىپ، دۈشمەننىڭ بىر قىسىم كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

بۇنداق بولغاندا، ئاساسلىق كۈچلەر بىلەن ياردەمچى قىسىملار تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئايرىلىپ، ئۆزئارا ماسلىشىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلاتتى. تەخمىنەن 200 مىڭ ئادەم ۋە بىر مىليون ئاتتىن تەركىب تاپقان ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئېگىز تاغلار ۋە سۇسىز چۆللەردىن ئۆتۈشىگە توغرا كېلەتتى. چىڭگىزخان جەبەنىڭ شەرقتىن ھۇجۇم قىلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە دەشتى قىپچاقتىن قايتىپ كەلگەن جۇچىنى بىرنەچچە مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جەبە قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى 20 مىڭغا يەتتى. بۇ كىچىك قوشۇن 1218 — 1219 ـ يىللىرى ئارىلىقىدىكى قىش كۈنلىرىدە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 12 مىڭ فۇت[1] ئېگىز بولغان قىزىل ئارت ۋە تېرەك داۋان ئۆتكەللىرىدىن ئۆتتى.

① بىر فۇت 30.479 سانتىمېتىرغا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئاساسلىق قوشۇن 1219 ـ يىلى ئەتىيازدا يۈرۈشكە ئاتلاندى. تاغلاردىن ۋە مۇز قاتقان داۋانلاردىن ئۆتۈش ئاسان بولمىدى. ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئارىلىقلىرى ئۈزىراپ كەتتى. ئالدىنقى قىسىملار بالقاش كۆلىگە كېلىپ توختىدى. ھەرقايسى قىسىملار قايتىدىن توپلاندى. چارلىغۇچىلار يولغا سېلىندى. بىر مەزگىل ئارام ئالغاندىن كېيىن پۈتۈن قوشۇن ئاتلىنىپ، سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا يول ئالدى.

جەبە بىلەن جۇچىنىڭ پەرغانىگە تېگىش قىلىشى كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە بەردى، يەنى مۇھەممەد قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شۇلار تەرەپكە قاراپ قالدى. شۇ قېتىملىق جەڭدە گەرچە موڭغۇللار ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمەي ئىزسىز غايىب بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. مۇھەممەد بۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرىنىڭ شىمالدىن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا دەرھال زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى تەشكىللەشكە كىرىشتى. مۇشۇ ئىشتا ئۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈستۈن لەشكىرىي كۈچىنى كەڭ ئۇرۇش سەپلىرىگە ۋە نۇرغۇنلىغان قەلئە، شەھەرلەرگە تارقىتىپ چېچىۋەتتى. چىڭگىزخان جۇچىنىڭ قوقاننى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە بەش كىشىنى ياردەمگە ئەۋەتىپ، مۇھەممەدنى قوغلاش ھەققىدە پەرمان بەردى. لېكىن، يول ئۈستىدىكى خوجەنت قەلئەسىنىڭ سەركەردىسى تېمۇر مەلىك قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، مۇھەممەدنى قوغلاش ئىشى بىرنەچچە ئاي كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. موڭغۇللار مۇشۇ يەردە جۇڭگو توپچىلىرى باشقۇرىدىغان ئېغىر ئاتقۇچى قوراللىرىنى تۇنجى قېتىم ئىشقا سالدى.

خوجەنتنى قامال قىلىشتىن بۇرۇنلا جەبە جۇچىدىن ئايرىلىپ جەنۇبقا كەتكەنىدى. ئۇ ئېگىز پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئا-

مۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىر دەرياسى بويىدا چىڭگىزخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان سۇل-تاننى سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن ئايرىۋېتىش تەھدىتىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەد زور بىر قى-سىم لەشكىري كۈچىنى ئاجرىتىپ، جەبەنىڭ ئالدىغا چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى يەنىمۇ تارقاقلىشىپ، سىر دەرياسى سېپىدىكى مۇداپىئەسى ئاجىزلاشتى.

بۇ چاغدا چىڭگىزخان بىر قىسىم لەشكىري كۈچىنى ئوترار ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىنى ئىگىلەشكە ئەۋەتىپ، ئۆزى ئا-ساسلىق قىسىملار بىلەن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، سىر دەرياسىنىڭ تۆ-ۋەن ئېقىنىنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇ زور قوشۇن بىلەن قارىماققا ئەقىل يەتكۈسىز يۇرۇش قىلىپ، خىۋە بوستانلىقىنى توسۇپ تۇرغان قىزىل قۇم چۆلىدىن ئۆتتى ۋە كۈتۈلمىگەندە بۇخارانىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

«جەبەنىڭ شەرقتىن ھۇجۇم قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭگىزخان غەربتىن چىقىپ كەلدى، — دەيدۇ خارولد لېم، — ئىككىنچى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دەپ ئاتالغان مۇھەممەد ئۆز دۈشمىنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەندى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى قوماندانلىق قىلغان موڭغۇل ئەترەتلىرىنىڭ سىر دەرياسى ۋادىسىدا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى ئەسلىدە جەبە ۋە شەخسەن چىڭگىزخان ئۆزى قوماندانلىق قىلغان ئاساسلىق قو-شۇننىڭ زەربە بېرىش نىشانىنى نىقابلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر ھىيلە ئىدى».

بۇ ھىيلە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئۆز قوشۇنىنى سەمەرقەنت سېپىللىرى ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى يەنە قوشۇن توپلاپ كېلىش باھانىسى بىلەن جەنۇب تەرەپكە قاچتى. بۇ چاغدا بۇخارادىكى قىسىملار ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى

داۋاملاشتۇرۇشقا يەتكۈدەك ئاشلىق قالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ شەھەرنى تاشلاپ چىكىندى. موڭغۇللار ئاتايىن ئۇلارنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەنىدى. بۇخارا قوشۇنى بۇ ھىيلىنى چۈشەنمەي، تۈن قاراڭغۇسىدا سەپ تارتىپ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىقتى. ھالبۇكى، بۇنداق يۈرەكسىزلىك ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئۇچۇق دالىغا چىققاندا موڭغۇللارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىلىپ تاشلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇخارا ئاھالىسى تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلدى. پەقەت شەھەرىستاندىكى كىچىك بىر قوشۇنلا قارشىلىق كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇردى. لېكىن ئۇلارنىڭ قارشىلىقى ئۇزاققىچە داۋاملىشالمىدى، ئەلۋەتتە. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرىستان ئېلىندى. بۇ باي شەھەر بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

خارەزىمشاھنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ مۇستەھكەم تايانچى ئەنە شۇ تەرىقىدە يىمىرىلدى. بۇخارانىڭ بۇنداق ئاسانلا قولدىن كېتىشى چىڭگىزخان ئېيتقان مۇنۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى: «شەھەر سېپىللىرىنىڭ كۈچى ئۇنى قوغدىغۇچىلارنىڭ كۈچىدىن ئارتۇق بولمايدۇ».

بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتى ئامۇ دەريا ۋادىسىدىكى تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان سەمەرقەنت شەھىرىدىمۇ ئىسپاتلاندى. بۇ شەھەرنىڭ سېپىل ۋە دەرۋازىلىرى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكا بىلەن قۇرۇلغانىدى. شەھەردىكى قوشۇن ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئادەم سانى 110 مىڭغا يېتەتتى، ئۇلارنىڭ يەنە يىگىرمە پىلى بار ئىدى. سەمەرقەنتنى قامال قىلغان چىڭگىزخان قوشۇنى سان جەھەتتىن ئۇلارغا يەتمەيتتى. لېكىن ئوچۇق دالىدا بولغان بىرىنچى جەڭدىلا سەمەرقەنت قوشۇنىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.

موڭغۇللار ئالدىغا سىلىپ ھەيدەپ كەلگەن توپ ـ توپ ئەسىرلەر ـ نى كۆرۈپ، سەمەرقەنتلىكلەر، دۈشمەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى («قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى.) شۇڭا، دالادىكى جەڭ باشلىنىشتىن بۇرۇنلا سەمەرقەنت قوشۇنىدىن ئوتتۇز مىڭ كىشى موڭغۇللار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. باشتا موڭغۇللار ئۇلارنى خۇش مۇئامىلە كۈتۈۋالدى، ئاندىن ھەمـ ـمىسىنى قىرىپ تاشلىدى. چىڭگىزخان ئۆز ھۆكۈمدارىغا ئاسىيـ ـلىق قىلغانلارنى ساق قويمايتتى. ئۇ ئۆزى ئەڭ ئىسىل ئادەملەر دەپ قارايدىغان ئادەملەر تېپىغا ئوخشاشمايدىغانلارنىڭ ھاياتىنى بىر تىيىنگە ئالمايتتى. سەمەرقەنتنىڭ باشقا قوشۇنلىرى ئۇرۇش باشلىنىپ بەشىنچى كۈنى موڭغۇللارغا تەسلىم بولدى.

شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشلاردا موڭغۇللار شەھەرلەرنى ئېلىشـ ـتا ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە يەرلىك ياش ئەرلەرنىڭ جىسمانىي كۈـ ـچىدىن پايدىلىنىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ھۇجۇمغا ئۆتۈشتە ئۇلار ـ نى «توپ يېمى» قىلغان. جۇڭگو شەھەرلىرىنى ئېلىشتىمۇ ئۇلار شۇنداق قىلغانىدى. بۇ ئۇسۇل ئۇلارنىڭ ئۆز قوشۇنىنىڭ چىقىـ ـمىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرەتتى. شۇڭا، بۇنداق ۋەھشىيـ ـلىك ئەينى دەۋردە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھېسابلىناتتى.

سەمەرقەنت ئېلىنىپ، سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇداپىئە لىنىيەلىرى پۈتۈنلەي موڭغۇللارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخان 1220 ـ يىلى ئاپرېلدا جەبە، سۇبۇتاي ۋە كۈيۈئوغلى توغۇچار قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوـ ـشۇننى خارەزىمشاھنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. بۇ ئورخونلارغا (قوـ ـماندانلارغا) بېرىلگەن بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنى قولغا چۈشۈرمىگۈچە قايتماڭلار. ئەگەر ئۇ سىلەرگە تەڭ كېلەلمەي ئېگىز تاغلاردا ۋە قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەردە يوشۇرۇنسا ۋە ياكى ئەرۋاھلاردەك كۆزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

غايىب بولسا، سىلەر خۇددى ئۇچقۇر شامالدەك ئۇنىڭ ھەممە يۇرتلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىڭلار. ئەتائەت بىلدۈرگەنلەرگە شەپ-قەت قىلىڭلار، باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، باشقۇرغۇچىلارنى قويۇڭلار. يولۇڭلارنى توسۇپ، ئۆكتە قوپقانلارنى باستۇرۇڭلار».

شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىدىكى ئۈچ قوماندانغا مۇھەممەدنى تۇتۇشتىن سىرت، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يوللاردىكى يۇرتلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە دۈشمەننىڭ يېڭى قوشۇن تەشكىللىشىگە يول قويماسلىق ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنىدى.

سۇلتان مۇھەممەد بۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق تەدبىر قوللان-مىدى. لېكىن ئۇ قوغلىغۇچىلارنى ئۇستىلىق بىلەن يولدىن ئاز-دۇرۇپ، تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ غەربتىكى يەرلىرىدە بىر مەزگىل پاناھلاندى.

توغۇچار ئۆزىنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ، باشقا ئىككى قوماندىدىن ئايرىلىپ كەتتى ۋە جەبە بىلەن سۇبۇ-تايغا ئىتائەت بىلدۈرگەن بىر شەھەر ئاھالىسىنى قىرغىن قى-لىپ، خاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كالللىسى-دىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. چىڭگىزخان غەزىپىنى بې-سىۋالغاندىن كېيىن، بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئادەتتىكى نۆكەر دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدى.

كېيىن توغۇچار نىشاپور شەھىرىنى ئېلىش جېڭىدە ئۆلدى. كۆرگىنىمىزدەك، چىڭگىزخان قول ئاستىدىكىلەرنى دۈشمەنلەر-گە ئورۇنسىز شەپقەت قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ۋە مەقسەتسىز قات-تىقلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ جازالىغان. بۇ مىسال چىڭگىزخاد-نىڭ قاتتىقلىقىنىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئادىللىقىنىمۇ ئىس-پاتلايدۇ، چۈنكى توغۇچار ئۇنىڭ كۈيۈئوغلى، ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئېرى ئىدى.

جەبە بىلەن سۇبۇتاي بىر ھەپتىگىچە مۇھەممەد خارەزىمشاھ-

نى ئىزلەپ تاپالمىغاندىن كېيىن ئاخىر يەنە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈ-
شىدۇ ۋە ھەممەدانغا يېقىن جايدا ئۇنىڭغا يېتىشىپ قالىدۇ، لېكىن
سۇلتان بۇ قېتىممۇ قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەممە ئادەملى-
رىدىن دېگۈدەك ئايرىلىپ قالغان كېسەلچان خارەزىمشاھ كاسپىي
دېڭىزىدىكى ئاراللارنىڭ بىرىگە چىقىپ پاناھ تاپتى، لېكىن شۇ
يەردە تەبىئىي ئۆلۈم ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدىكى
غەم - ئەندىشىلىرىگە خاتىمە بەردى.
ئاران 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگە بولغان جەبە بىلەن
سۇبۇتاي مۇھەممەدنى قوغلاش جەريانىدا ئۇدا بىرنەچچە ئايغىچە
توختىماي ئىلگىرىلەپ، مەرۋ ۋە نىشاپۇر شەھەرلىرىگىمۇ باردى،
تېھران ئەتراپىدا ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تارمار قىلدى،
قەزۋىنگە يېقىن جايدا خارەزىمشاھقا ياردەمگە كەلگەن يەنە بىر
پارس قوشۇنىنى يوقاتتى. ئۇلار مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا
ئىشەنچلىك خەۋەرگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا مۇغان يايلىقىدىكى
ئاراكس دەرياسىنىڭ ساھىلىدا قىشلاشقا توختىدى.
بۇ يەردە ئۇلار سۇبۇتاينىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن كاس-
پىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، چىڭگىزخاننىڭ ئا-
ساسلىق قوشۇنىغا قوشۇلۇشنى قارار قىلدى. سەمەرقەنتكە يېقىن
جايدا ئۆز قوشۇنى بىلەن قىشلاۋاتقان چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ بۇ
قارارىغا ماقۇل بولدى. جەبە بىلەن سۇبۇتاي بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە
ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بىرنەچچە مىڭ كۇرد ۋە تۈركمەننى ئەس-
كەرلىككە قوبۇل قىلىپ، ئۆز قوشۇنىنى كۈچەيتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىككى يىلغا سوزۇلغان يۈرۈشنى
باشلىدى. بۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئاجايىپ ئۇتۇقلۇق يۈرۈشلەردىن بى-
رى بولۇپ قالدى. موڭغۇل سەركەردىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئىتائەت
بىلدۈرگەن تەبرىز ۋە دىياركەبىر شەھەرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ
كاۋكاز تاغلىق رايونىغا كىردى ۋە گرۇزىنلارنىڭ قاتتىق قارشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

لىقىغا ئۆچرىدى. ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ كونا تاكتىكىسىنى قوللىنىپ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇسۇل شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، جەبە بەش مىڭ لەشكەر بىلەن بۆكتۈرمە قۇردى، سۇبۇتاي قوشۇنىنىڭ قالغان قىسمى بىدىلەن يالغاندىن قېچىپ، دۈشمەننى بۆكتۈرمىگە باشلاپ كىردى. ئاندىن جەبە ۋە سۇبۇتاي ئىككى تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇ جەڭدە گرۇزىنلارنىڭ ئوتتۇز مىڭ ئادىمى قىرىپ تاشلاندى.

موڭغۇل قوشۇنى گرۇزىنلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن كاۋكاز تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ۋە تاغلىقلار بىلەن توختىماي جەڭ قىلىپ، ئاخىر دېربېنت ئۆتكىلى ئارقىلىق شىمالىي كاۋكاز تۈزلەڭلىكىگە چىقتى.

جەبە بىلەن سۇبۇتاي تېرېك دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەندە قىپچاق، چەركەس، لېزگىن ۋە ئالانلارنىڭ بىرلەشمە كۈچلىرىگە دۇچ كەلدى. موڭغۇللار بۇنداق بىرلەشمىگە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەجرىبىلىك قايمۇقتۇرغۇچىلارنى قىپچاقلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا پارا بېرىپ، ئۆزلىرىگە قارىتىۋالدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تارمار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سۇبۇتاي بىلەن جەبە كەڭرى جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىغا قەدەم قويدى.

سۇبۇتاي يۈرۈش جەريانىدا چارلاش ئىشىنى چىڭ تۇتتى. بېسىپ ئۆتۈلگەن ئەللەر ۋە قوشنا ئەللەر توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق مەلۇماتلار يىغىلدى. چارلىغۇچىلار بۈيۈك رۇس كىنەزلىكى (بەگلىكى) توغرىسىدا دەسلەپكى مەلۇماتلارنى يەتكۈزدى. موڭغۇل سەركەردىلەر بۇ دۆلەت ۋە ئۇنىڭ خەلقىدىن كەلگۈسىدە نېمىلەرنى كۈتۈش مۇمكىنلىكىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئۆز داھىيسىنىڭ ئالدىغا قايتىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. شۇڭا، ئۇلار دەسلەپكى مۆلچەر بويىچە شەرققە بۇرۇلماستىن، ئەكسىچە شىما-

لىي كاۋكازدىن غەربكە يول ئېلىپ، دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئې-قىنىنى كېسىپ ئۆتتى ھەمدە جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدا كۆچۈپ يۈرىدىغان قىپچاقلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى قوغلاپ، دنېپر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

يول ئۈستىدە ئۇلار قىرىم يېرىم ئارىلىغىمۇ كىرىپ ئۆتتى ۋە گېنۇيالىقلارنىڭ قولىدىن سۇداك قەلئەسىنى تارتىۋالدى. شۇ-نىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئاۋۋالقى بىخەتەرلىككە كاپالەت-لىك قىلغىلى بولمايدىغان كاۋكاز داۋانلىرىدىن ئەگىپ ئۆتىدىغان ئالاقە يولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئې-قىنى ۋە يېقىنىدا بويسۇندۇرۇلغان ئۇرال - كاسپىي يايلاقلىرىدىن ئۆتۈپ تۈركىستانغا (ئوتتۇرا ئاسىياغا ـــ تەرجىماندىن) بارىدىغان يېڭى يول ئاچتى. مۇشۇ يول ئارقىلىق چىڭگىزخان بىلەن تامامەن قانائەتلەنگۈدەك ئالاقە ئورنىتىلدى.

بۇ چاغدا رۇس كىنەزلىرى (بەگلىرى) ئۆز دۆلىتىنىڭ جە-نۇبىي چېگرالىرىدا ناتونۇش يېڭى دۈشمەنىنىڭ پەيدا بولغانلىقى-دىن خاتىرجەمسىزلەندى. ئۇلار بۇ دۈشمەن توغرۇلۇق رۇس كى-نەزى مىستىسلاۋ گالىتسكىينىڭ قېيىنئاتىسى بولغان قىپچاق بېگى قوتاننىڭ ئاغزىدىن قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسلار بىر كۈچلۈك بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندى. قىپچاقلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. رۇس قوشۇنى دنېپر دەرياسىدىن ئۆتكەندە كىنەزلەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئون كىشىلىك موڭغۇل ئەلچىلىرى كېلىپ، ئۆزئارا دوستلۇق مۇنا-سىۋىتى ئورنىتىش ۋە قىپچاقلارنى قانات ئاستىغا ئالماسلىق، ئەكسىچە موڭغۇللار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ كو-نا دۈشمىنىدىن ئۆچ ئېلىش، ئۇلار رۇس خەلقىدىن بۇلىۋالغان بايلىقلارنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەكلىپ قويدى. رۇس كى-نەزلىرى بۇ تەكلىپنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنمەستىن، خەلقئارا قا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

ئىدە ـ يوسۇننى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى. ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى بو-يىچە موڭغۇل ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 80 مىڭ كىشىلىك رۇس قوشۇنى موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندى.

موڭغۇللار رۇس كىنەزلىرىگە ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئە-ۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر مۇنداق دېدى: «سىلەر قىپچاقلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلار. دېمەك، سىلەر ئۇرۇشماقچى ئىكەنسىلەر ـ دە؟ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! بىز سىلەرگە يامانلىق قىلمىدۇق. ھەممە خەلقلەر ئۈچۈن تەڭرى بىر، شۇ تەڭرى بىزنىڭ توغرا ـ خاتالىقىمىزنى ئايرىسۇن!» بۇ قېتىم رۇس كىنەزلىرى موڭغۇللارنىڭ ئالىيجانابلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي قويۇۋەتتى، لېكىن ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتمىدى.

جەبە بىلەن سۇبۇتاي دۈشمەننىڭ كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈن-لۈكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئۇلار جەڭ قىلماستىن، شەرق تەرەپكە چېكىنگىلى تۇردى. رۇسلار قىسقا تۇقۇنۇشلاردىكى ئۇتۇقلىرىدىن خۇشال بولۇپ قوغلاۋەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار دالاغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنسې-رى سەپلىرى سوزۇلۇپ چېچىلىشقا باشلىدى. موڭغۇللار شۇ تە-رىقىدە ئۇدا سەككىز كۈنگىچە چېكىنىپ، كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇق ۋەزىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن كالكا دەرياسى بويىدا توختىدى. بۇ چاغقىچە ئۇلار قىپچاقلار بىلەن مەخپىي ئالاقىلە-شىپ، ئۇلارنىڭ رۇس كىنەزلىرىگە بولغان ساداقىتىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. ئەنە شۇنداق تەييارلىقتىن كېيىن موڭغۇللار كىنەز قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 1223 ـ يىلى 31 ـ ماي كۈندىكى جەڭدە موڭغۇللارنىڭ تاكتىكا جەھەتتىكى ئۈس-تۈنلۈكى ۋە قىپچاقلارنىڭ ئاسىيلىقى تۈپەيلىدىن رۇسلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ با-

يانىدىن قارىغاندا، رۇس قوشۇنلىرىنىڭ ئاران ئۇنىدىن بىر قىسمىلا قۇتۇلۇپ قالالىغان، جەڭ مەيدانىدا رۇسلاردىن ئالتە كىنەز ۋە يەتمىش ئاقسۆڭەك قازا تاپقان.

موڭغۇللار مەغلۇپ بولغان دۈشمەنلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىگە مۇخالىپ ھالدا ئۇزاققىچە قوغلىمىدى. جەبە بىلەن سۇبۇتاي رۇسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەت ئورۇندالدى، شارائىت يېتەرلىك دەرىجىدە ئېنىقلاندى، دەپ ھېسابلاپ، خاننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتتى. قايتىشتا ئۇلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەرنى، بۇلغار زېمىنلىرىنى ۋە ئىدىل (ۋولگا)، يايىق (ئۇرال) دەريالىرىنى كېسىپ ئۆتتى. رەشىددىن جەبە نويان بىلەن سۇبۇتاي باتۇر بويسۇندۇرغان خەلقلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى ساناپ كۆرسىتىدۇ: قىپچاق (تۈركىي خەلقلەر)، رۇس، چەركەس، ئالان، ماجار، كېلار، بۇلغار، باشقىرت، ئىبىر، سىبىر.

شۈبھىسىزكى، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە چىدامىلىقلىقى ۋە ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقىدىن، شۇنداقلا ئۆز كۈچىگە ئىشەنگەنلىكىدىن ۋە ئۆز داھىيسىغا قارىغۇلارچە سادىق بولغانلىقىدىن بۇ قېتىمقى يۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. بۇ يۈرۈش يېڭىچە خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. موڭغۇللار تاۋرا يېرىم ئارىلى ئارقىلىق گېنۇيالىقلار، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رىقابەتچىسى ۋېنېتسىيەلىكلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان بولدى.

جەنۇبىي رۇسىيەدىكى ئىشلار ئاياغلاشقۇچە چىڭگىزخاننىڭ ئاساسلىق قوشۇنى خارەزىمشاھ زېمىنلىرىگە شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، موڭغۇل ئىمپېراتورى ئىشغال قىلىنغان يەرلەردە تىنچلىق ئورنىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلگە قويدى. 1220 ـ يىلى كۈزدە ئۇ قوشۇننى باشلاپ تەرمىزگە كەلدى ۋە بۇ شەھەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم بىلەن ئالدى. ھۇجۇمدىن ئاۋۋال شەھەر مانچاناقلار بىلەن تاش بوران قىلىندى، سېپىل ئەتراپىدىكى خەندەكلەر توپا تووشتۇرۇلغان تاغارلار بىلەن تىندۇرۇلدى (ئىلگىرى بۇنداق ئىشلار ئەسىرلەرنىڭ قولى بىلەن قىلىناتتى.)

چىڭگىزخان 1220 ـ يىلىدىن 1221 ـ يىلغا ئۆتەر قىشنى چىڭگىزخان سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى قوشۇنىنىڭ قىشلىشىغا ئەپلىك بولغان جايدا ئۆتكۈزدى. شۇ يەردە تۇرۇپ ئۇ ئۈچ خانزادە بىلەن بوغۇرچى نويانىنى خارەزىم (ھازىرقى خىۋە) بوستانلىقىنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بۇ بوستانلىق ئېلىنسا چىڭگىزخان قوشۇنىغا ياندىن كېلىدىغان خەۋپ يوقىتىلاتتى. خارەزىم شەھىرى (ھازىرقى ئۈرگەنچ) ئۇزاققىچە قامال قىلىنغاندىن كېيىن ئاخىر ئېلىندى. قامال قىلىش ۋاقتىدا موڭغۇللار بۇ شەھەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىش مەقسىتىدە نۇرغۇن ئەمگەك قىلىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. غەرق قىلىۋېتىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى، لېكىن ئامۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ جۇغراپىيەلىك خەرىتىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇ ھال كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى جۇغراپىيەشۇناسلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. موڭغۇللارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن باشقا شەھەرلەرگە ئوخشاش خارەزىم شەھىرىمۇ دەھشەتلىك قانغا بويالدى.

خارەزىمنى قامال قىلغاندا چىڭگىزخاننىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى جۇچى بىلەن چاغاتاينىڭ مۇناسىۋىتى شۇ قەدەر يامانلىشىپ كەتتىكى، ئۆزئارا تىغ كۆتۈرۈشكۈدەك يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ ھال ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ۋە قامال قىلغۇچى قوشۇنلارنىڭ ئىنتىزامىنى ساقلاشقا ئىنتايىن يامان تەسىر كۆرسەتتى، ئەلۋەتتە. چىڭگىزخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتاينى قامال قىلغۇچى قوشۇننىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. چوڭ خانزادىلەر

ئىنتايىن نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۆگەتاي ئۆزىنىڭ زىل پارا-ستىگە تايىنىپ ئاكىلىرىنى ئەپلەشتۈرۈپ، ئىنتىزامنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن خارەزىم ھۇجۇم بىلەن ئېلىندى.

1221 ـ يىلى ئەتىيازدا چىڭگىزخان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى ۋە تەلكەنگە يېقىنلاپ كەلدى. كەنجى خانزادە تولى خوراساننى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىلدى.

چىڭگىزخان ھازىرغا قەدەر نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ تېخى ئاسانلىقچە ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ھەتتا مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈمىمۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان خانزادە جالالىددىن مەرھۇم سۇلتانغا قارىغاندا ئىرادىلىك ۋە جەڭگىۋار ئىدى. ئىسلام دۇنياسى چىڭگىزخاننى دوزاخنىڭ كۆلەڭگىسى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا قارشى پائال قوراللانماقتا ئىدى. مۇسۇلمانلار يەنە بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئەكسىچە، موڭغۇل قوشۇنى ئۇزۇش داۋامىدىكى مۇقەررەر تالاپەتلەر تۈپەيلىدىن بارغانسېرى خورىماقتا ئىدى. سەر خىل سەركەردىلەر ئەمدى يوق ئىدى؛ جەبە بىلەن سۇبۇتاي يىراقتىكى يۇرۇشتە، مۇقالى جۇڭگودا، تىلىك بىلەن توغۇچار جەڭلەردە ئۆلگەنىدى. چىڭگىزخاننىڭ سۇبۇتاي بىلەن مەسلىھەتلەشكۈسى كەلدى ۋە ئۇنىڭ بارگاھقا كېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. سۇبۇتاي بەلخكە كەلدى ۋە بىرنەچچە كۈنگىچە خاننىڭ يېنىدا بولغاندىن كېيىن يەنە ئۆز قوشۇنىغا قايتتى. ئۇ بارگاھقا بېرىپ كېلىشتە جەمئىي بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتتى.

بۇ چاغدا جالالىددىن ئافغانىستاندىكى غەزنە شەھىرىدە قوشۇن تەشكىللىمەكتە ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا قارشى ئۆزىنىڭ ئاسراندى ئىنىسى شىگى قۇتۇق باشچىلىقىدىكى قوشۇننى سە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەرۋەر قىلدى. لېكىن شىگى قۇتۇق بامىئان شەھىرىنىڭ يېنىدا بولغان جەڭدە ئۆزىنىڭ باتۇر دۈشمىنى جالالىددىن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بۇ خارەزىم ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيانقى موڭغۇللارنىڭ تۇنجى قېتىم تارمار بولۇشى ئىدى. شىگى قۇتۇق ئۆز قوشۇنىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن خاننىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. چىڭگىزخان مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى خاتىرجەملىك بىلەن ئاڭلىدى، ئازراقمۇ خاپا بولمىدى. ئۇ پەقەت مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئېيتتى:

«شىگى قۇتۇق ھازىرغا قەدەر پەقەت غەلىبىنىلا كۆرۈپ كەلدى. شۇڭا، مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈشمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن پايدىلىق. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدىن بەكرەك غەلىبىگە ئىنتىلىدىغان بولىدۇ».

جالالىددىن بىلەن بولغان جەڭدە شىگى قۇتۇقنىڭ قوشۇنى سان جەھەتتە قارشى تەرەپتىن ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئاز ئىدى (70 مىڭغا قارشى 30 مىڭ). شىگى قۇتۇق ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ سانىنى كۆپ قىلىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن بىر قىزىقارلىق ئۇسۇلنى قوللانغان. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سامانىدىن قارانچۇقلار ياسىلىپ، لەشكەرلەرنىڭ زاپاس كىيىملىرى كىيگۈزۈلدى ۋە زاپاس ئاتلارنىڭ دۈمبىسىگە باغلاپ قويۇلدى. جالالىددىننىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلەر بۇ ئۇسۇلغا ئالدىنىپ قالغىلى تاس قالدى ۋە ياش سۇلتانغا چېكىنىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشتى. لېكىن، جالالىددىن بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلماي غەلىبە قازاندى.

شىگى قۇتۇقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتقان پەيتتە چىڭگىزخان تەلكەن شەھىرىنى قامال قىلىش بىلەن بەند ئىدى. بۇ شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق قوشۇنىنى باشلاپ جالالىددىنغا قارشى ئاتلاندى. ئۇنىڭ سېپىنى خوراساندى-

كى تولىنىڭ قوشۇنى قوغداپ تۇراتتى. 1221 ـ يىلى ھىندى
دەرياسىنىڭ بويىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. بۇ جەڭدە جالالىد ـ
دىن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇلار سان جە ـ
ھەتتە ئۈستۈن تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر قاتتىق مەغلۇپ قىلىن ـ
دى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچى
قالمىدى.

موڭغۇللارنىڭ بۇ غەلىبىسى چىڭگىزخاننىڭ ماھىرانە
ئىستراتېگىيەسى نەتىجىسىدە قولغا كەلدى. ئۇ بىر بۆلۈك قو ـ
شۇننى جالالىددىننىڭ سول تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ئەۋەت ـ
تى. بۇ يول قاتمۇقات تاغ ـ داۋانلىق بولغاچقا، دۈشمەنلەر موڭ ـ
غۇللارنى بۇ يەرلەردىن ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. دەرۋەقە، ئۇ
يەرلەردىن ئۆتكۈچە نۇرغۇن موڭغۇللار ئادەم ئاياغ باسمىغان
تاغلاردا ھالىدىن كېتىپ ۋە چوڭقۇر ھاڭلارغا چۈشۈپ كېتىپ
جېنىدىن ئايرىلدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ۋەزىپە ئورۇندالدى. ئەمدى
موڭغۇللارنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا گۇمان قالمىدى. ھالبۇكى،
مۇسۇلمانلار قوشۇنى يەنىلا جان تىكىپ ئۇرۇشماقتا ئىدى. جەڭ ـ
گە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان چىڭگىزخان ئۇلارنى
ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خىللانغان «مىڭ
باتۇر»نى جەڭگە سالدى. ئەنە شۇلار غەلىبىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلدى. جالالىددىن ئامان قالغان بىر بۆلۈك باتۇرلار بىلەن
(مەشھۇر خوجەنتلىك قەھرىمان تېمۇر مەلىكمۇ شۇلارنىڭ ئى ـ
چىدە) ئۆز قوشۇنىنىڭ چېكىنىشىنى توسۇپ تۇردى ۋە ئاخىر
ئۇلار ھىندى دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كەتتى. چىڭگىزخان ئۆز
دۈشمەنلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىنىمۇ قەدىرلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئو ـ
غۇللىرىغا ياش سۇلتاننى كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۈلگە قىلىشنى
ئېيتتى.

بۇ چاغدا كەنجى خانزادە تولى مەرۋ، نىشاپۇر ۋە ھىراتتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىبارەت ئۈچ چوڭ شەھەرنى ئېلىپ پۈتۈن خوراسانىنى بېسىۋالدى.

چىڭگىزخان مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭ قىلىپ، جالالىدىننى ھىندىستانغا قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بارگاھىغا شەندۇڭلۇق مەشھۇر راھىب چاڭ چۈن يېتىپ كەلدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن «ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ قېرى راھىب «ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان دورا بار، لېكىن ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى يوق» دەپ جاۋاب بەردى. چىڭگىزخان باشقا جاھانگىرلاردەك تەكەببۇر ئەمەس ئىدى. ئۇ سەپەر جەريانىدا بۇ ئالىم بوۋاينى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈردى، كېچىلىرى ئۇنىڭ روھىي كامالەتكە يېتىش ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇ ئۆزى ساۋاتسىز بولسىمۇ، بۇ ئۇستازنىڭ ئېيتقانلىرىنى كاتىپلىرىغا يازدۇردى. ئېھتىمال چاڭ چۈنمۇ شۇ قەدەر كەڭ ئىمپېرىيەنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان چىڭگىزخان ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تويىن (داۋجياۋ دىنى ـــ تەرجىماندىن) تەلىماتلىرىنى تارقىتىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

موڭغۇللارنىڭ قامال قىلىش ۋاسىتىلىرى ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز. ئەگەر ئۇلار ئۈچۈن م.ئىۋاننىنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن سانلىق مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرىمىز. نىشاپۇرنى قامال قىلىشتا مۇنداق جەڭ قوراللىرى ئىشلىتىلگەن: يوغان ئوقلارنى ئاتىدىغان 3000 دانە مەخسۇس قۇرۇلما، 300 مانجاناق (تاش ئاتىدىغان قورال)، كۆيدۈرۈلگەن قاراماي قاچىلانغان كومزەكلەرنى ئاتىدىغان700 پالاقمان. سېپىلگە چىقىش ئۈچۈن 4000 شوتا ۋە 2500 تاغار تاش (سېپىل سىرتىدىكى خەندەكلەرنى تىندۇرۇش ئۈچۈن).

ھەربىر شەھەر دېگۈدەك ھايات ـ ماماتلىق جەڭلەر بىلەن ئېلىندى. شۇڭا، موڭغۇللار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئون مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان ئادەملەرنى قىرغىن قىلدى. بۇ ئاخىرقى

ياۋروپا ئۇرۇشىدىكى① قىرغىنچىلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ تۇتقان يولى شۇ ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرىگە مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ رۇخسىتىمسىز دۈشمەنلەرگە رەھىمدىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرۇش كېرەك. دۈشمەننىڭ بېسىۋېلىنغانلىقى ئۇنىڭ بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئۇلار ھامان يېڭى ھۆكۈمرانغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ». ئۇ موڭغۇل دالالىرىدىمۇ، جۇڭگودىمۇ بۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇم يۈرگۈزمىگەنىدى. بۇ يەردىكى ئىسلام دۇنياسىدا ئۇ ھەقىقىي قامچا بولدى. تولى ھىرات شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن سۇلتان جالالىددىننىڭ سادىق مۇخلىسلىرىدىن ئون مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن سىرت ئاھالىگە شەپقەت قىلغانىدى. چىڭگىزخان قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى سۆكتى. دەرۋەقە، كېيىن ھىرات ئاھالىسى موڭغۇللارغا قارشى قوزغىلىپ، خاننىڭ نائىبىنى ئۆلتۈردى.

ياۋروپالىقلار موڭغۇللارنىڭ ۋەھشىيلىكلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇلارنىڭ پسىخولوگىيەسىنى چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقسا بولاتتى، چۈنكى «ۋەھشىيلىك» ئۇقۇمى ياۋروپا ۋە ئاسىيادا ئوخشاشمىغان مەنىلەرگە ئىگە. مەسىلەن، موڭغۇللار ياۋروپالىقلارنىڭ دىنسىزلارنى ۋە غەيرىي دىندىكىلەرنى باستۇرۇشىنى زۆرۈرىيىتى يوق مەنىسىز ۋەھشىيلىك دەپ قارايدۇ، چۈنكى موڭغۇللار مۇتلەق پىكىر ئەركىنلىكىنى قەدىرلەيدۇ. خەلقنىڭ جەڭگىۋارلىق تەبىئىتىگە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوۋچى موڭغۇللاردىن پەقەت جاھانگىر موڭغۇللارلا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئوۋدا قانچىكى كۆپ ھايۋاننى ئۆلتۈرسە شۇنچە خۇش بولىدۇ. بۇ ئوۋچى موڭغۇلنىڭ ھايۋاننى

① بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى دېمەكچى — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەڭگەنلىكىنىڭ خۇشاللىقى. شۇنداقلا موڭغۇل لەشكەرمۇ دۈش-
مەننى يەڭگەندە خۇشال بولىدۇ.

چىڭگىزخانمۇ ئۇۋچى موڭغۇللارنىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۇنى مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ غەلىبىگە ۋە ھاياتقا بولغان قەھرلىك ئىرادى-
سىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە كۈچ ۋە قورال-
لىق ئېلىشىش.

ئۇنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن سەپداشلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتنى مىسالغا ئالايلى. بىر قېتىم ئۇ بوغۇرچى نويانىدىن: «ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى نېمە؟» دەپ سورىدى. بوغۇرچى جاۋاب بېرىپ: «ياخشى ئاتقا مىنىپ، قولغا قارچىغىنى قوندۇرۇپ، ئوۋ قىلىشنى ئەڭ چوڭ ھۇزۇر دەپ ھېسابلايمەن» دېدى. ئاندىن چىڭگىزخان بورو-
غۇل ۋە باشقا سەركەردىلەردىنمۇ سورىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەخمىنەن بوغۇرچى ئېيتقانغا ئوخشاش جاۋاب بېرىشتى.

— ياق، — دېدى چىڭگىزخان، — ساڭا ئۆكتە قوپقان دۈشمىنىڭنى يەڭ، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلا، يېڭىلگەن-
لەرنى قوغلا، ئۇلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى تارتىۋال، ئۇلارنىڭ قە-
دىردانلىرىنىڭ ياش تۆككەنلىكىنى كۆر، ئۇلارنىڭ سېمىز يورغا ئاتلىرىغا مىن، ئۇلارنىڭ قىزلىرى ۋە خوتۇنلىرىنى باغرىڭغا بې-
سىپ قۇچاقلا، ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتى ئەنە شۇ.

بۇ سۆزلەر چىڭگىزخاننىڭ ھاياتتىكى ھەۋەسلىرىنى كۆر-
سىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ غەلىبە نەتىجىلىرىگە تېخىمۇ ھەۋەسلىنەت-
تى. ئۇ شوخ كۆڭۈل ئېچىشلار، «باھادىرلارچە تاماشىلار»، شان - شۆھرەت ۋە ھەتتا ھوقۇققىمۇ قىزىقمايتتى. ئۇ دۈشمەن ئۈستى-
دىن قازىنىلغان غەلىبىنىڭ مېۋىلىرىگە ئىگە بولۇشقا، ئۆزىنىڭ قىساس تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ھاياتىنىڭ يېڭى - يېڭى ھالاۋەت-

لىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلەتتى. چىڭگىزخان بىزنىڭ نە-زەرىمىزدە يىرتقۇچلارچە تەبىئىي تۇيغۇغا بېرىلگەن دالادىكى ئۇ-رۇشخۇمار سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ تېخىمۇ يۇكسەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىكى تەبىئىي تۇيغۇلارنى بې-سىۋالالايتتى ۋە ئۇنى باشقۇرالايتتى. ئۇ ھەرگىز قارىسىغا قاتتىق قوللۇق قىلمايتتى، تىنچ ئاھالىنى مەقسەتسىز قىرغىن قىلىشنى چەكلەيتتى. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، پېرسىيەدىكى ئۇرۇشتا ئۇنىڭ قابىل سەركەردىلىرىدىن بىرى بولغان توغۇچار ئاھالىنى قىرغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق جازاغا تارتىلغان. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەسلىم بولغان شەھەر ئاھالىسى ئادەتتە مۇۋاپىق تۈردە سېلىق تۆلەش يولى بىلەن ئامان قالدۇرۇلاتتى. پەقەت بايلاردىنلا كۆپرەك تۆلەم تەلەپ قىلىناتتى. دىنىي زاتلار ھەرقانداق ئالۋان - سېلىقتىن ۋە ناتۇرال مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىناتتى. ئەكسىچە، موڭغۇللارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن شەھەر ئاھالىلىرى ئادەتتە قىرغىن قىلىناتتى. ئاياللار، بالىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا.

ئەرەب تارىخچىسى ئىبنۇل ئەسىر مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شۇ چاغلاردا ھەممە يۈرەكلەرنى قاپلىغان دەھشەتلىك ۋەھىمىنى تە-سەۋۋۇر قىلىش تەس. ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى بىر موڭغۇل چوڭ يېزىغا كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۇرغان، لېكىن ئۇنىڭغا بىر ئادەممۇ قارشىلىق كۆرسەتمىگەن. يەنە بىر كۈنى قورالسىز بىر موڭغۇل ئۆزى ئېلىپ ماڭغان تۇتقۇنغا «مەن قورا-لىمنى ئەكەلگۈچە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇر» دەپ بۇيرۇق قىلغان. ھېلىقى تۇتقۇن گەرچە بۇ موڭغۇلنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قورال ئالغىلى كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى-نى ئورۇندىغان».①

① گرۇم-گرژىمايلونىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىڭگىزخان ئاشۇنداق تېررورلۇق بىلەن ئازغىنا كۆچ سەرپ قىلىپ، مىليونلىغان مەھكۇم ئاھالىنى ئىتائەت قىلدۇرغان، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ئۈچۈن پىسخىك زېمىن ھازىرلىغان. چىڭگىزخاننىڭ ئېيتقانلىرىدىن كۆرگىنىمىزدەك، قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن شەھەرلەردىكى ئاھالىگە قارىتا دەھشەتلىك تېررورلۇق يۈرگۈزۈلگەن. چۈنكى، شۇنداق قىلمىغاندا ئازغا سەپنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى بەك ئاز بولغاچقا، ئىشغال قىلىنغان شەھەرلەردە مۇنتىزىم لەشكىرىي قىسىملارنى تۇرغۇزۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا، بۇنداق ھەرىكەت ئۇسۇلىنى «ئۇرۇش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان» دېيىشكە بولىدۇ. ياۋروپالىقلار ئىلغار قوراللارغا ئىگە بولۇپ، چىڭگىزخاندىنمۇ زور دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارايدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

چىڭگىزخان ۋە موڭغۇللارنى ۋەھشىيلىكتە ئەيىبلەشتە يەنە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ئۇ (چىڭگىزخان 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردە ئەمەس) بەلكى 21 ـ ۋە 31 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان، شۇڭا ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە ئۇ ياشىغان دەۋرنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئۇ دەۋر خۇددى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك دەۋرى بولالمىغان. بۇنى شۇنداق تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرەلەيمىزكى، كارل باتۇر[1] لېيژ[2] شەھىرىنىڭ ئاھالىسىدىن بىرنى قويماي قىرىپ

---

① كارل باتۇر (1433 ـــ 1477) ـــ ئەينى دەۋردىكى فىرانسىيەنىڭ بۇرگۇندىيە ئۆلكىسىنىڭ گېرتسوگى. ئۇ بۇرگۇندىيە دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن.

② لېيژ ـــ ھازىرقى بېلگىيەدىكى بىر شەھەر.

تاشلىغان، ئىۋان گروزنىي[1] نوۋگورود خەلقىنى دەھشەتلىك باس-
تۇرغان، ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش[2] ئوتتۇرا ياۋروپانى چۆل - با-
ياۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالغا دىققەت قى-
لىش كېرەككى، چىڭگىزخاننىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم-
نىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى يازغان تارىخچىلار ئەسلىي
موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، جەبىر - زۇلۇم ئاستىغا
چۈشۈپ قالغان خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ «چىڭ-
گىزخان بىر ئورۇندىلا بەش يۈز مىڭ، ھەتتا بىر مىليون ئادەمنى
قىرىۋەتكەن» دېگەنلىرىگە ئىشىنىش تەس. بۇ سانلار چوقۇم مۇبا-
لىغىلەشتۈرۈلگەن. ھالبۇكى، بۇ ساننى ئىككى ھەسسە، ئۈچ
ھەسسە، تۆت ھەسسە كېمەيتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ناھايىتى كۆپ
ھېسابلىنىدۇ. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىكى بىرىنچى
سەۋەب يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك «ئۇرۇش ئېھتىياجى» بولسا،
ئىككىنچى سەۋەب ئومۇمەن موڭغۇللارنىڭ شەھەر خەلقىنى
يارامسىز، دەپ قاراپ ياراتمايدىغانلىقىدىن بولغان.

تېررورلۇق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشۇش خۇمارى قاندۇ-
رۇلاتتى. ئادەم سانى جەھەتتە ئاشۇنداق زور سېلىشتۇرما ساقلى-
نىۋاتقان شارائىتتا تېررورلۇق بىلەن باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىر-
دىنبىر مۇمكىن بولىدىغان ئۇسۇل ئىدى. ئۇ زامانلاردا تېررور-
لۇق ئومۇمىي قائىدىگە ئايلانغان باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، كى-
شىلەر بۇنىڭدىن باشقىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى. بۇ
خىل باشقۇرۇش سىستېمىسى «مەدەنىيەتلىك» ياۋروپانىڭ تەبى-
ئىتىگىمۇ يات ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، گېرمانلار بېلگىيەدە،

① ئىۋان گروزنىي (1530 — 1584) — بىرلىككە كەلگەن رۇسىيەنىڭ تۇنجى پادىشاھى. دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى دەھشەتلىك باستۇرغان.

② ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇش (1618 — 1640) — ياۋروپا دۆلەتلىرى ئىككى گۇ-رۇھقا بۆلۈنۈپ، ئۈستۈنلۈك تالىشىپ ئۇرۇشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاۋستىرىيە ـ بۇلغارىيە ـ گېرمانىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى سېربىيە ۋە رۇمىنىيەدە، بولشېۋىكلار ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەنە شۇنداق تېررورلۇق ئۇسۇللىرىنى قوللانغان. سېربىيە ئىشغال قىلىنغان 1915 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە قوشۇننىڭ تەمىناتى يەرلىك ئاھالىدىن مەجبۇريي يىغىلغان، ئالۋان ـ سېلىق ئېلىنغان، كىشىلەر گۆرۈگە تۇتۇلغان ۋە سوتلانماستىنلا ئېتىلغان...

ھىندى دەرياسى بويىدا جالالىددىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ ئىسلام ئىمپېرىيەسى ئاساسىي جەھەتتىن بويسۇندۇرۇلدى. چىڭگىزخان لەشكىرىي ئىشلاردا ئېھتىياتچان بولغانلىقتىن سۇلتان قېچىپ كەتكەن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلماستىن، قوشۇننىڭ كۆپ قىسمىنى باشلاپ موڭغۇلىيەگە قايتتى. ۋەتەنگە قايتىش يولىدا شىمالىي ئافغانىستاندىكى بىر قىسىم تاغ قەلئەلىرى بويسۇندۇرۇلدى. 1222 ـ يىلى چىڭگىزخان قوشۇنى بىلەن تاغلىق ھىندىقۇش رايونىدا يازلىدى، قىش كىرگەندە ئۇ سەمەرقەنتتە بولدى، 1223 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇ تاشكەنتنىڭ يېنىدىكى چىرچىق دەرياسى بويىغا باردى.

شۇ يىلى سىر دەريا بويىدا ئىمپېرىيەنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى جەم بولۇپ، چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلدى. چىڭگىزخان خارەزمشاھ مۇھەممەدنىڭ سەمەرقەنتتىن كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرۇپ قۇرۇلتايىنى باشقۇردى. جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدىن ئۆز قوشۇنى بىلەن قايتقان سۇبۇتايمۇ بۇ قۇرۇلتايغا ئىشتىراك قىلدى. يىلنامىلەردا يېزىلىشىچە، چىڭگىزخان سۇبۇتاينىڭ يۈرۈشلىرى توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىگە شۇ قەدەر قىزىقىپ كەتتىكى، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلەشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋارىسلىرىغا ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش توغرىسىدا ۋەسىيەت قى-

لىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭگىزخان ئۆزىنى «دۇنيادىكى 720 خىل تىلدا سۆزلەيدىغان بەش رەڭلىك خەلقلەر ـ نىڭ» ھۆكۈمدارى، دەپ ھېسابلايدىغان بولدى.

چىڭگىزخان ئۆز ئاستانىسى قاراقۇرۇمغا 1225 ـ يىلى يې ـ تىپ باردى. ئۇ شان ـ شۆھرەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان ـ دى. ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدا يېڭى يوللار ئېچىلدى. موڭغۇل ئىمپېرىيە ـ سىنىڭ يادروسى شۇ يوللارنىڭ تۈگۈنىنى ھاسىل قىلدى. ئۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن قۇرۇلغان ئاتلىق پوچتا يوللىرى تىنچلىق مەزگىلىدە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يوللىرىغا ئاي ـ لىناتتى.

شۈبھىسىزكى، بۇنداق غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر چىڭگىز ـ خاننىڭ قوماندانلىق ئىقتىدارىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئوتتۇرا ئا ـ سىيا ئۇرۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى، يەنى مۇھەممەدنىڭ سەمەرقەنتتىن قاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەرىكەتلىرى ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ھەرىكەتلەرنى ئۇرۇش سەنئىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ ئىزاھلاش ئۈچۈن لەشكىرىي ئىشلار مۇتە ـ خەسسىسى بولۇش ھاجەتسىز. ئۇرۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىد ـ كى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئانچە چۈشىنىشلىك ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. بىر قارىماققا، موڭغۇللارنىڭ داھىيسى ئۆز قوشۇنلىرىنى بەك تارقاقلاشتۇرۇپ چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن شۇ دەۋرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك شارائىتىنى ئوبدان ئويلاپ باقىدىغان بولساق، چىڭگىزخاننىڭ شۇ چاغدىكى پائالىيىتى شۇ شارائىتقا ناھايىتى ماسلاشقان بولۇپ، نۇقسانسىز بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز.

مەسىلە شۇنىڭدىكى، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم كۈچى يوقىتىل ـ غان بولسىمۇ، ئۇلار بىرنەچچە نۇقتىلاردا يەنە يېڭى قوشۇنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىللىمەكچى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئۇقتىلارنىمۇ يوقىتىش كېرەك ئىدى، شۇڭا ئايرىم قوشۇنلارغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىش ئېھتىياجى تۇغۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تايانچ نۇقتىلىرىنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن شەھەرلەر قامال قىلىندى. شۇنداقلا، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ دۆلەت رەھبىرى ئەتراپىغا قايتىدىن توپلىنىشىغا يول قويماسلىق كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ تالانتلىق ۋە ئەڭ جەڭگىۋار ئىككى سەركەردە قېچىپ كەتكەن سۇلتاننى قوغلاشقا ئەۋەتىلدى. بۇ سەركەردىلەر گەرچە تاجدار قاچقۇننى قوغلاپ تۇتالمىغان بولسىمۇ، ئەجەلى توشقۇچە ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى.

موڭغۇل قوشۇنلىرى قىلغان نۇرغۇن قامال قىلىش جەڭلىرىدە ئۇلارنىڭ جانلىق كۈچى تېز خوراپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، قوشۇننى تولۇقلاش مەنبەلىرى ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايلاردىن نەچچە مىڭ چاقىرىم نېرىدا ئىدى. شۇڭا، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ پاراسەتلىك قوماندانى قەلئەلەرنى مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ قولى بىلەن ئېلىش ئامالىنى تاپتى.

بۇلاردىن چىڭگىزخاننىڭ تەڭداشسىز لەشكىري تالانتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## ئونىنچى باب

# تاڭغۇت ئېلىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش ۋە چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمى

چىڭگىزخاننىڭ يەنە بىر دۈشمىنى — ئۇنىڭغا سېلىق تۆلەۋاتقان تاڭغۇت پادىشاھى قالغانىدى. ئۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خارەزىمشاھقا قارشى يۈرۈشتە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىشتىن باش تارتقانىدى. بۇ قىلمىشنى قېرى خان ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، ئەلۋەتتە.

تىنىم تاپمايدىغان موڭغۇل قاغان ئۆز ئېلىدە ۋە ئۆزىنىڭ چوڭ خوتۇنى بۆرتەنىڭ ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، 1225 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىتائەتتىن باش تارتقان تاڭغۇت پادىشاھىنى جازالاشقا ئاتلاندى. ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە جاھىللىق قىلىپ، ئادەتتىكىدەك ئۆچ ئېلىشنىلا كۆزلىگەن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چىڭگىزخان زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىشنى بىلەتتى. ئۇ ناھايىتى زىل سىياسەتچى بولۇپ، شەخسىي ھېسسىياتىنى دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇۋالمايتتى. ئۇ تاڭغۇت ئېلىنى باستۇرماي تۇرۇپ جۇڭگودىكى جىن ۋە سۇڭ سۇلالىلىرىنى بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، چۈنكى تاڭغۇت قوشۇنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن موڭغۇل قوشۇنىغا ياندىن ۋە ئارقىدىن تەھدىت سېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ قېتىملىق يۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشتا چىڭگىزخان بېسىۋېلىنغان جىن خاندانلىقىنىڭ يەرلىرىدىن ئاشلىق ۋە رەخت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى يىغىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ تېپىلمىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئەجەبلەندى. بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەر مەسلىھەت بېرىپ، جوڭگونىڭ ئولتۇراق ئاھالىسىدىن پايدا تەگمىگەچكە، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى كۆچمەنلەرگە ئوتلاق قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يالىلۇغ چۇساي بۇ پىكىرگە قارشى تۇردى ھەمدە ئەمگەكچان ئولتۇراق ئاھالىدىن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك سېلىق يىغىش ئارقىلىق كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭغا سېلىق يىغىش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى.

1226 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭگىزخان تاڭغۇت زېمىنىگە ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ يۈرۈش تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. تاڭغۇت قوشۇنى تارمار قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئاستانىسى قامال قىلىندى. ئەمدى قوشۇننىڭ بىر قىسمى بىلەن قامالنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە يەنە بىر قىسىم قوشۇن بىلەن تېخىچە جىن خاقانىنىڭ ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان زېمىنلەرگە شەرقتىن بېسىپ كىرىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. مۇقالى قازا تېپىپ، جوڭگودىكى ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، چىڭگىزخان قېرىپ كەتكىنىگە قارىماي، شەخسەن ئۆزى 130 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ بۇ يۈرۈشكە ئاتلانغانىدى. لېكىن، ئەجەل يېتىپ كېلىپ، چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا چەك قويدى.

1226 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە چىڭگىزخان ئوۋغا چىقىپ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قېرى خاننىڭ ساقلىقى يوق بولۇپ قالدى. سەركەردىلەر كېڭىشىپ، ئىمپېراتور ساقايغۇچە يۈرۈشنى توختىت-

تىپ، قوشۇننى ئۆيلىرىگە تارقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. ئۇلار-نىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشتىكى ئاساسى شۇ ئىدىكى، تاڭغۇتلار ئولتۇراقلاشقان خەلق بولغاچقا، ھېچ يەرگە كۆچۈپ كېتەلمەيتتى، لازىم تېپىلغاندا ئۇلارغا يەنە تېگىش قىلىشقا بولاتتى. لې-كىن، چىڭگىزخان بۇ قارارغا قوشۇلمىدى، چۈنكى قوشۇن چې-كىندۈرۈلسە دۈشمەن تەرەپ موڭغۇللارنى كۈچ ئېلىشالمىدى، دەپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا، ئۇلار يەنىمۇ غەيرەتلىنىپ، ئۇرۇشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىدۇ.

— مەڭگۈلۈك كۆك تەڭرىگە قەسەم قىلىمەنكى، — دەپ خىتاب قىلدى چىڭگىزخان، — تاڭغۇت پادىشاھىدىن ھېساب ئالالمىسام ئۆلگىنىم ياخشى!

شۇنداق قىلىپ ئۇرۇش داۋاملاشتى.

بۇ چاغدا چىڭگىزخاننىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە نا-چارلاشقىلى تۇردى. 1227 - يىلى يازدا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا جىن خاقانىنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ، ئۇرۇش توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. چىڭگىزخان ئەمدى شەخسەن ئۆزى قوشۇن تار-تىپ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ كەلگۈسىدە جىن سۇلالىسىگە ئە-جەللىك زەربە بېرىش ھەققىدە داۋاملىق باش قاتۇردى. ئۇ ئۆزى-نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوغۇللىرى ۋە سەركەردىلىرىگە تۆۋەندىكىدەك ۋەسىيەتنى قالدۇردى:

«خىللانغان جىن قوشۇنلىرى تۇڭگۇەندە تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى قوشۇنلارنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ يوقاتقىلى بولمايدۇ. سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمدارىدىن بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىزغا يول بېرىشنى سورىساق، ئۇ ماقۇل بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سۇڭ بىلەن جىن داۋاملىق تۈردە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرۇشىدۇ. شۇنداق بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

غاندا، بىز قوشۇننى جەنۇبىي خونەندىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇدۇل جىن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي پايتەختىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ چاغدا جىن ھۆكۈمدارى تۇڭگۇەندىكى قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرنەچچە تۈمەن قوشۇنى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن ياردەمگە كەلگەندە ئادەملىرى ۋە ئات-لىرى ھېرىپ، ئورۇقلاپ، جەڭ قىلغۇدەك ھالى قالمايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى قىرىپ تاشلىيالايمىز.

ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان خان تېخىمۇ يىراقتىكى ئىشلارنى كۆز-لەپ، سۇڭ دۆلىتىدىن ئىبارەت كېيىنكى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئېنىق پەرمانلارنى بەردى. «ئې-سىڭلاردا بولسۇن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ھەرقانداق ئىشنىڭ جېنى شۇ ئىشنىڭ ئاخىرىغا يەتكۈزۈلگەنلىكىدە ئىپادى-لىنىدۇ».

بۇ چاغدا قامال قىلىنغان تاڭغۇت پايتەختى بەرداشلىق بې-رەلمەي قالدى. تاڭغۇت دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بىر ئايدىن كېيىن شەھەرنى ئۆز ئىختىيارى بى-لەن تاپشۇرىدىغانلىقىنى ۋە شەخسەن ئۆزى موڭغۇل ئوردىسىغا ئىتائەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چىڭگىز-خان ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنى «ئوغلۇم» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئەجەلنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، تاڭغۇت پادىشاھى-نى تۇگەشتۈرۈۋەتمىگۈچە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ھېچكىمگە ئۇق-تۇرماسلىق توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلدى. ئۇ يەنە، تاڭغۇت پادى-شاھى يېقىنلىرىنى باشلاپ موڭغۇل ئوردىسىغا كەلگەندە، ئۇلار-نىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى جېكىلەپ ئېيتتى.

سۈرلۈك ھۆكۈمران ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئاداققى پەرمانلىرىنى بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي 72 يېشىدا جان ئۈزدى. ئۇ 1227 ـ يىلى،

توڭگۇز يىلىنىڭ توڭگۇز ئېيىدا، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەي-تىدە ئوغۇللىرىدىن ئۆگەتاي بىلەن تولىنى ۋە يېقىندا قازا قىل-غان جۇچىنىڭ ئوغلى ئىسۇنكەنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى تۆۋەندىكىچە ئىزھار قىلدى:

«بالىلىرىم! بىلىپ قېلىڭلاركى، مېنىڭ ئاخىرقى سەپەرگە چىقىپ، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ھىممىتى بىلەن بۇ دۇنيادىن كۆچۈش ۋاقتىم يېقىنلاپ قالدى. بالىلىرىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنداق بىر كەڭ خاندانلىقنى قۇرۇپ ۋە مۇستەھكەملەپ بەر-دىمكى، بۇ خاندانلىقنىڭ مەركىزىدىن دۇنيانىڭ ھەممە چېتىگە بىر يىلدا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەمدى مېنىڭ ۋەسىيىتىم مۇنداق: سىلەر دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، دوستلارنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بىر جان، بىر تەن بولۇڭلار. شۇنداق قىلساڭلار خۇشال - خۇرام ياشاپ، ھۆكۈمرانلىقتىن ھۇزۇرلىنالايسىلەر. ئۆگەتاي خان مېنىڭ ۋارىسىم بولسۇن. خانلىقتا مالىمانچىلىق بولماسلىقى ئۈچۈن مېنىڭ ئۆلۈمىمدىن كېيىن ياساقتىن باش تارتماسلى-قىڭلار كېرەك».

ئۈچىنچى خانزادە ئۆگەتاينىڭ ۋارىس بولۇپ تاللىنىشى بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى خان جەمەتى چىقارغان قارار ئىدى. خاننىڭ توقاللىرىدىن يەسۈي شۇ چاغدا مۇنداق دې-گەنىدى: «قاغانىم، سىز تاغ - دەريالارنىڭ كەينىدىكى يىراق ئەل-لەرگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتىسىز. مۇبادا سىز تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ۋەقەگە مۇپتىلا بولسىڭىز، تۆت ئوغلىڭىزدىن قاي-سىنى خان بولۇشقا بۇيرۇيسىز؟ بۇ ھەقتە كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇش قىلغايسىز».

شۇ چاغدا ئىككىنچى خانزادە چاغاتاي چوڭ خانزادە جۇچى-نىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ-نىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى يوققا چىقاردى (ئۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندا تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئانىسى بۆرتە مەركىتلەرگە تۇتقۇن بولغاندىن كېيىن جۇ-
چىنى تۇغقاندى.) جۇچىمۇ چاغاتاينىڭ قېنى قىزىقلىقىدىن باش-
قا ھېچقانداق تالانتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىس-
لىق قىلىش ھوقۇقىنى يوققا چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي ئۆگەتاينى ئېغىر - بېسىق،
ئوبلاپ ئىش قىلىدۇ، ھەممە ئادەم ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ، ئۇنى
ۋارىسلىققا كۆرسەتتى. چىڭگىزخان ۋە خان جەمەتىنىڭ ھەممە
ئەزالىرى بۇ نامزاتنى ماقۇللىدى ھەمدە ئۆگەتايدىن كېيىن
ۋارىسلىققا يەنە چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدىن باشقا نامزات
تاللاشنى شەرت قىلدى، چۈنكى ئۆگەتاي ئۆز ئوغۇللىرى ئىچىدىن
تەخت ۋارىسى بولغۇدەك بىرەرسىنىڭ چىقمىشىغا ئىشەنچ قىلال-
مىغانىدى. بۇ قارار خارەزىمگە يۈرۈش ئالدىدا چىقىرىلغانىدى.
چىڭگىزخان بۇ قارارنى تەستىقلاپ مۇنداق دېگەنىدى : «مېنىڭ
بۇ سۆزۈمنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، قارارىمنى ئۆزگەرتىشكە يول
قويمايمەن».

بۇ قارار كېيىن چىڭگىزخانىنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن ئەي-
نەن ئىجرا قىلىندى. قۇبلاينىڭ ئۆز ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىد-
لىپ تەيىنلەش توغرىسىدىكى قارارىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىڭ-
گىزخان قانۇنلۇق ۋارىسلار ئىچىدىن ھۆكۈمدارلىقنى تاپشۇرۇشقا
بولىدىغان مۇناسىپ ۋارىسنى ئالدىنئالا سايلاپ چىقىپ بېكى-
تىشنى ۋەسىيەت قىلغان». چىڭگىزخانىنىڭ بۇنداق ۋەسىيەتلىرى
تۆمۈر ئۆيدىكى ئالتۇن ساندۇقتا (ئوردا ئارخىپىدا) ساقلانغان.

ئۇنىڭ مېيىتى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە يۇرتىغا ئېلىپ
كېلىنىپ، ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭ جېنىنى بىرنەچچە قېتىم
قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان بۇرخان خالدۇن تېغىغا دەپنە قىلىندى.

چىڭگىزخانىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭ قولان
ئوۋلاپ يۈرگەندە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكى پۈتۈلگەن تارى-

خىي خاتىرىدىن باشقا يەنە بىرنەچچە مەلۇماتلارمۇ بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆلۈم ۋاقتى ئوخشاش كۆرسىتىلگەن بو-لۇپ، 1227 ـ يىلىغا مەركەزلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمىگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. مەسىلەن، ماركو پولونىڭ ئەسىرىدە چىڭگىزخان تىزىغا ئوق تېگىپ ياربدار بولغانلىقتىن ئۆلگەن دې-يىلسە، پىلانو كارپىنىنىڭ ئەسىرىدە چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆل-گەن، دېيىلىدۇ.

كەڭ تارقالغان بىر موڭغۇل رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخان تاڭغۇت خانلىقىنىڭ ئاستانىسىنى ئالغاندىن كېيىن گۈزەل تاڭغۇت خانىشىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان، تۈنجى كېچىسىلا گۈزەل خانىش چىڭگىزخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

يەنە بىر موڭغۇل رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ مېيىتى هارۋا بىلەن موڭغۇلىيەگە ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا، بىر كۆنى هارۋا سازلىققا پېتىپ قالغان. شۇ چاغدا سۇنىد قەبىلىسى-نىڭ بېگى كىلۈكەن مۇنداق دەپ خىتاب قىلغان:

«ئەي كارامەتلىك ئارسلان، كۆك تەڭرىدىن بەندىلەر ئارىسىغا چۈشكەن بوغدا خانىم! ئۆز ئېلىڭنى تاشلاپ مۇشۇ يەردە قالماق-چىمۇ سەن؟ ئەي بوغدا! سېنىڭ خوتۇنۇڭ گۈزەل يۇرتىدا، سېنىڭ دۆلىتىڭ، قانۇنلىرىڭنىڭ ئىجراچىلىرى، پۇقرالىرىڭ ھەممىسى شۇ ياقتا! سېنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇن ـ توقاللىرىڭ، ئالتۇن چې-دىرىڭ، سېنىڭ سادىق خەلقىڭ ھەممىسى شۇ ياقتا...! بىز سې-نىڭ قىممەتلىك ھاياتىڭنى ساقلاپ قالالمىغان بولساقمۇ، سېنىڭ قاشتاشتەك ئېسىل مېيىتىڭنى يۇرتۇڭغا ئاپىرىپ، خوتۇنۇڭ بۆرتەگە كۆرسىتىمىز، پۈتۈن ئەلنىڭ ئۈمىدىنى قاندۇرىمىز!»

شۇ خىتابلاردىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ مېيىتى سېلىنغان هارۋا سازلىقتىن چىقىپ، يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىـ-خانلىرى ھازىرغا قەدەر بۇرخان خالدۇن تېغىدا ياتماقتا. ياۋروپا

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

ساياھەتچىلىرىنىڭ ھەممە ئەسىرلەر ۋە ھەممە خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۈيۈك جاھانگىرىنىڭ ئاخىرەتلىك جايىنى ئىزدەشكە قاراتقان تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىلىك بولمىدى، چۈنكى كېيەن ئوغرىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەبرە تېشى قويۇلمىغانىدى. ھازىر ئۇ جاي قېلىن ئورمانغا ئايلاندى. چىڭگىزخانىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن كەنجى ئوغلى تولى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۆڭگە خان، قۇبلايخان، ئارىغ بۇقا قاتارلىقلارمۇ شۇ بۇرخان خالدۇن تېغىغا دەپنە قىلىنغان. چىڭگىزخانىنىڭ باشقا ئوغۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى باشقا جايلارغا قويۇلغان.

چىڭگىزخان بىر ئۆمۈر ئاددىي ـ ساددا ياشاپ ئۆتتى ۋە سەپەر جەريانىدا قازا قىلدى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى، تەخمىنەن 500 مىليون جاننىڭ خوجايىنى ھەمدە شۇ ئەسىرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھېسابسىز بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇققا بېرىلمىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى ئوفىتسېرلار سۆپەتلىك تۈرك ساۋۇتلىرىنى كىيىپ، قىممەتلىك دەمەشق شەمشەرلىرىنى ئېسىپ يۈرىدىغان بولدى. چىڭگىزخان گەرچە قورال ـ ياراغنى بەك ياخشى كۆرسىمۇ، ئۇلارغا ئەگەشمىدى ۋە ئومۇمەن مۇسۇلمانچە ھەشەمەتچىلىككە ھەۋەس قىلمىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ كۆچمەنلەرچە كىيىنىپ، يايلاق ئادەتلىرىنى تاشلىمىدى. ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرى ۋە پۈتكۈل موڭغۇل خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تاشلىماسلىقنى، جۇڭگو ۋە مۇسۇلمان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن يىراق تۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلدى.

ئۇ بىر قىسىم راھەتپەرەس تاجدارلاردەك ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېھتىياجلىرىنى سىياسەتنىڭ ئالىي مەقسەتلىرىدىن ئۈستۈن قويمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى بىر پۈتۈن دۇنياۋى خانلىق قۇ-

رۇش غايىسىگە بېغىشلانغان. بۇ، شۇنداقلا 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىر-
لەردىكى موڭغۇللارنىڭ لەشكىرىي مەدەنىيەت غايىسى ئىدى.

ئەينى دەۋردىن تارتىپ ھازىرغىچە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار چىڭ-
گىزخاننى «قانخور دىۋە» دەپ تەسۋىرلەپ، سەلبىي باھا بېرىدۇ.
لېكىن پودپولكوۋنىك رېنىك بىر قىسىم زامانداشلارنىڭ چىڭگىز-
خان ھەققىدىكى ھەققانىي پىكىرلىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

«ئۇنىڭ ئۆلۈمى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ، چۇنكى ئۇ
ئادىل ۋە دانىشمەن ئادەم ئىدى» دەيدۇ ماركو پولو.

«ئۇ تىنچلىق ئورناتتى» دەيدۇ 13 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيە
تارىخچىسى ژۇئانۋىل بۇ نەقىللەرنى كەلتۈرگەن ئاپتور ئۆزى يەنە
مۇنداق دەيدۇ: «بۇ باش ئەگمەس ئىمپېراتورنىڭ توختاۋسىز ئۇ-
رۇش قىلغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئاخىرقى پىكىر (‹تىنچلىق
ئورناتتى› ـــ تەرجىماندىن) ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ،
لېكىن ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، بۇ پىكىر توغرا. ئۇ ھەقىقەتەن
دۇنيادا تەخمىنەن ئىككى ئەسىرگىچە داۋاملاشقان تىنچلىق ئور-
ناتتى. بۇ تىنچلىق، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يىگىرمە يىلغىمۇ يەتمە-
گەن ۋاقىت ئىچىدە قىلىنغان ئۇرۇشلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈ-
رۈلدى. چىڭگىزخان خىرىستىيان دۇنياسى بىلەن ئىتتىپاقلى-
شىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەگەر ئىتتىپاقلىشىش ئەمەلگە ئاشقان
بولسا، غەرب دۇنياسى بىلەن يىراق شەرق ئوتتۇرىسىدىكى ئىق-
تىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئالاقىلەر ئۈزۈلۈپ قالماي
داۋاملاشقان بولاتتى. كونا دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا
چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، قوشۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. خىرىس-
تىيانلار بۇنى چۈشەنمىدى. دۇنيانىڭ بۇ ئىستىلاچىسى، ئالدى
بىلەن دۇنيانى قايتىدىن قۇرغۇچى ئىدى. ئۇ تۆمۈر ۋە ئوتنىڭ
كۈچى بىلەن كەلگۈسى مەدەنىيەتكە بارىدىغان قەدىمكى دۇنيانىڭ
يوللىرىنى ئاچقانىدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

«بۇزغۇنچى قاراڭغۇ ئەسىرلەرنىڭ توسۇقلىرىنىمۇ بۇزۇۋەتتى، — دەيدۇ چىڭگىزخان توغرىسىدا يەنە بىر ياۋروپالىق يازغۇچى. — ئۇ ئىنسانىيەتكە يېڭى يوللارنى ئېچىپ بەردى. ياۋروپا جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سارىيىدا ئەرمەن بەگلىرى ۋە پارس مۆتىۋەرلىرى، رۇس كىنەزلىرى بىلەن ئالاقىدە بولدى. يېڭى يوللارنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئىدىيە ئالماشتۇرۇش باشلاندى. ياۋروپالىقلارنىڭ يىراقتىكى ئاسىياغا قارىتا قىزىقىشى قوزغالدى. رۇبرۇكتىن كېيىن ماركو پولومۇ شۇ تەرەپكە يول ئالدى. يەنە ئىككى يۈز يىل ئۆتكەندە ۋاسكودا گاما ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىشقا ئاتلاندى. ئەسلىدە كولۇمبومۇ ئامېرىكىنى ئەمەس، بۈيۈك موغۇلىستان زېمىنلىرىنى ئىزلەپ ماڭغان».

ھالبۇكى، بۇ يازغۇچىنىڭ پىكرىچىمۇ ياۋروپا، يەنى شۇ خىرىستىيانلار چىڭگىزخاننى چۈشەنمىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇشلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئوخشاش دىن ئۈچۈن ئەمەس، ئالېكساندىر ماكېدونسكىي ۋە ناپولېئونلاردەك بىر دۆلەتنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇ ياۋروپالىقلار ئۇنى چۈشىنەلمىدى. بۇ سىرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى موڭغۇل خاراكتېرىنىڭ ئاددىيلىقىدا. ئۇ ناپولېئوندەك تەقدىرگە ئىشەنگۈچى ئەمەس ئىدى، شۇنداقلا ئۇ ئالېكساندىر ماكېدونسكىيدەك ئۆزىنى ئىلاھلاشتۇرمايتتى.

چىڭگىزخاننىڭ غايىسى ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن خاندانلىقىنى قۇرۇش ئىدى. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ئىچكى ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ماددىي مەدەنىيىتى تىنچلىقتا گۈللىنەتتى.

بۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى كەملىك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، چىڭگىزخان

ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاشۇ پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاز قالغانىدى.

چىڭگىزخاننىڭ شۇ غايىسى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتىمۇ؟ بىرلىككە كەلگەن ئىنسانىيەت خانلىقى ئىدىيەسى ھازىرقى دەۋرگە ماس كەلمەمدۇ؟ مىللەتلەر بىرلەشمىسى (دۇنياۋى خەلقئارالىق تەشكىلات، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ب د ت قۇرۇلغان — تەرجىماندىن) مۇشۇ جەھەتتىكى بىر خىل ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. بىر ياۋروپا، پانئاسىيا ئىدىيەلىرى ھازىرمۇ كۈچىدىن قالمىدى. ھەممە مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، نۇرغۇن مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر دۆلەت قۇرۇش ئىدىيەسى 20 ـ ئەسىردىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. 13 ـ ئەسىردە قورال كۈچى بىلەن ئەمەلىيلەشكە ئاز قالغان مەسىلە، ئېھتىمال 20 ـ ئەسىردە خەلقلەرنىڭ تىنچ كېلىشىش يولى بىلەن ئەمەلىيلىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۇلۇغ ياساق

## بىلىك

1. چىڭگىزخان مۇنداق دەيدۇ: «باللار ئاتىلارنىڭ پەزلەت ئۆگەتكۈچى نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايتتى، ئۇكىلار ئاكىلارنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى؛ ئەرلەر ئاياللىرىغا ئىشەنمەيتتى، ئاياللار ئەرلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلمايتتى، قېيىنئانىلار كېلىنلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى، كېلىنلەر قېيىنئانىلىرىنى ھۆرمەتلىمەيتتى، چوڭلار كىچىكلەرنى تەربىيىلىمەيتتى، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى؛ مۆتىۋەرلەر خىزمەتكارلارغا كۆڭۈل بۆلەتتى، لېكىن سىرتتىكى ئادەملەر بىلەن كارى بولمايتتى؛ بايلار بايلىقىنىلا كۆزلەيتتى، لېكىن ھاكىمىيەت خىزمىتىدىكىلەرنى كۈچلەندۈرمەيتتى ۋە ئۇلارغا مەدەت بەرمەيتتى؛ يوسۇن، ياساق ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يوللىرى مەلۇم ئەمەس ئىدى.»

شۇ سەۋەبتىن ئۆكتىچىلەر، ئوغرىلار، ئالدامچىلار، غەلىيانچىلار ۋە قاراقچىلار چىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى، يەنى ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، ئات ـ يىلقىلارغا كۈن يوق ئىدى. يول باشلىغۇچىلار مىنگەن ئاتلار ئارام ئالالمايتتى، ئاخىر ئۆلۈپ چىرىپ تۈگەيتتى. بۇ قەبىلە ئەنە شۇنداق تەرتىپسىز ۋە مەنىسىز ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ بەختى كەلگەندە ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇندى ۋە ئۇ ئۇلارنى مۇستەھكەم ياساق بىلەن باشقۇردى. ئەقىللىق ۋە باتۇرلارنى بەگ قىلدى؛ قولى ئەپلىك، پەملىكلەرگە مۇلۇك بېرىپ، چارۋىدار قىلدى؛ نادانلارغا قامچا بېرىپ، پادىچى قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) ئىشلىرى خۇددى ھىلال ئايدەك كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغايدى. ئەرشتىن قادىر پەرۋەردىگارنىڭ كۈچى بىلەن غەلىبىگە باشلىغۇچى مەدەت كەلدى، يەر يۈزىدە ئامانلىق ئۇنىڭغا يار بولدى. ئۇنىڭ يايلاقلىرى تەنتەنە ۋە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنىغا ئايلاندى، قىشلاقلىرى يېقىملىق ۋە ھۇزۇرلۇق بولدى. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئاسايىشلىق، تەنتەنە ۋە ئەيش ـ ئىشرەتلەر بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. «كېيىن توغۇلۇپ، مېنىڭ ئورنۇمنى ئالىدىغان ئەۋلادلار بەش يۈز يىلغىچە، مىڭ يىلغىچە، تۈمەن يىلغىچە چىڭگىزخاننىڭ يوسۇن ۋە ياساقلىرىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىسا، ئەرشتىن ئۇلارغا شاپائەت ياغىدۇ، ئۇلار ئۇزلۇكسىز شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ياشايدۇ. پەرۋەردىگار ئالەم ئۇلارغا ئاسايىشلىق ئاتا قىلىدۇ؛ ئەل ـ جامائەت ئۇلارغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سەلتەنەتى ئۇزاق داۋاملىشىپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئىچىدە ياشايدۇ.» بۇ ھەقتە مۇنداق سۆز بار: «دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكى پاكلىق ۋە قاتتىقلىقتىن كېلىدۇ.»

2. كېيىن چىقىدىغان ھۆكۈمدارلار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغان مۆتىۋەرلەر، باھادىرلار ۋە بەگلەر ياساققا قاتتىق رىئايە قىلمىسا دۆلەتنىڭ ئىشلىرى تەۋرەپ قالىدۇ ۋە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە چىڭگىزخانغا ئېھتىياجلىق بولۇشىدۇ، لېكىن ئۇنى تاپالمايدۇ.

5. كىمكى ئۆز ئىچىنى تازىلاشنى بىلسە، شۇ ئۆز زېمىنلىرىنى ئوغرىلاردىن تازىلاشنىمۇ بىلىدۇ.

7. ئۈچ ئاقىل بىرلىككە كەلگەن سۆزنى ھەرقانداق جايدا

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەشكە بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغان سۆزگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

ئۆز سۆزۈڭنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۆزىگە سېلىشتۇرۇپ كۆر. ئەگەر سېنىڭ سۆزۈڭ ئۇلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقسا سۆزلەشكە بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا سۆزلەشكە بولمايدۇ.

8. ھەرقانداق ئادەم چوڭلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، شۇ چوڭ كىشى سورىمىغۇچە گەپ قىلماسلىق كېرەك؛ ئۇ سورىغاندىن كېيىن مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش كېرەك.

9. سەمرىگەندىمۇ، ئورۇقلىغاندىمۇ ئوخشاش چاپىدىغان ئاتنى ياخشى ئات دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت بىر خىل ھالەتتىلا ياخشى چاپىدىغان ئاتنى ياخشى ئات دېگىلى بولمايدۇ.

12. جىددىي ئېيتىلغان ھەرقانداق سۆزنىڭ كۈچى بار، ئويىنىشىپ دېيىلگەن سۆزنى ئورۇنداشقا بولمايدۇ.

13. ئادەم ئۆزىنى قانداق بىلسە، ئۆزگىنىمۇ شۇنداق بىلسۇن.

14. ئەر كىشى ھەممە يەردە كىشىلەرگە كۆرۈنىدىغان قۇياش ئەمەس. ئەر ئوۋغا ياكى ئۇرۇشقا كەتكەندە، ئايال ئۆيىنىڭ پاكلىقى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىسىنى ساقلىشى كېرەك. ئەگەر ئۆيگە چاپارمەن ياكى مېھمان كەلسە، ياخشى يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرسۇن. شۇنداق قىلسا ئۇ ئېرىنىڭ ياخشى نامىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى تاغ چوققىسىدەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن بولىدۇ. ئايالنىڭ ياخشىلىقى ئەرنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئايال ئەقىلسىز، نادان ۋە پەمسىز، تەرتىپسىز بولسا، ئېرىنىڭ ناچارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇنداق بىر قوشاق بار: ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۆي ئىگىسىگە ئوخشايدۇ.

16. بىز ئوۋغا چىقىپ نۇرغۇن تاغ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈردىمىز، بىز ئۇرۇشقا بېرىپ نۇرغۇن دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرىمىز. ھەممىگە قادىر تەڭرى يول بېرىپ، ئىشلىرىمىز ئاسانلاشقاندا

ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

19. كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز زەرباپ كىيىملەرنى كىيىپ، سېمىز گۆشلەرنى ۋە تەملىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئېسىل ئاتلارغا مىنىپ، گۈزەل ئايالالرنى قۇچاقلايدىغان بولىدۇ ھەمدە بۇلارنى ئاتىلىرىمىز ۋە ئاكىلىرىمىز بىز ئۇچۇن يىغىپ بەرگەن دېيىشمەيدۇ ۋە بىزنى ھەم شۇ ئۇلۇغ ئىشلار بولغان كۈننى ئۇنۇتۇپ كېتىدۇ.

20. مەي ـ شاراب ئىچىدىغان ئادەم مەست بولغاندا ھېچنېمىنى كۆرمەيدىغان قارىغۇدەك بولۇپ قالىدۇ. بىر كىم ئۇنى چاقىرسا، ئۇ گاستەك ئاڭلىمايدۇ. ئۇنىڭغا گەپ قىلساڭ، ئۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئۇ مەست بولغاندا خۇددى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك بولۇپ قالىدۇ. ئولتۇرماقچى بولسا تۇز ئولتۇرالمايدۇ. خۇددى بېشىغا زەربە يېگەن ئادەمدەك سېزىمىنى يوقىتىپ گاراڭ بولۇپ قالىدۇ. مەي ـ شارابنىڭ ئەقىل ۋە سەنئەت ئۈچۈن پايدىسى يوق، شۇنداقلا پەزىلەت ۋە ياخشى خۇلق ئۈچۈنمۇ پايدىسى يوق. مەي ـ شاراب يامان ئىشلارغا، قاتىلىققا ۋە جېدەل ـ ماجىراغا باشلايدۇ، ئادەمنى ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىدىن ۋە ئۆزى بىلىدىغان سەنئەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇنىڭ يولى ۋە ئىشلىرى ئۇياتلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغرا يولدىن ئازىدۇ. مەي ـ شارابقا بېرىلگەن ھۆكۈمدار ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، تەپەككۇر قىلالمايدۇ، ئۇلۇغ مەھكىمىلەرنى قۇرالمايدۇ. مەي ـ شارابقا بېرىلگەن بەگ مىلىك، يۇز ۋە ھەتتا ئون ئادەمنىڭ ئىشىنىمۇ تەرتىپكە سالالمايدۇ. مەي ـ شارابقا بېرىلگەن ئاددىي لەشكەر ناھايىتى چوڭ توقۇنۇشقا ئۇچرايدۇ، يەنى ئۇ چوڭ بالا ـ قازاغا يولۇقىدۇ. ئادەتتىكى ئادەم، يەنى ئاددىي پۇقرا مەي ـ شارابقا بېرىلسە ئېتىنى، چارۋا ـ ماللىرىنى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكىنى يوقىتىپ نامراتلىشىدۇ. مەي ـ شارابقا بې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

-رىلگەن مالاي بىر ئۆمۈر خىجالەتچىلىكتە ۋە جەبىر - جاپادا ئۆتە-دۇ. بۇ ـــ مەي - شاراب دېگەنلەر مەسلەرگە يۈز - خاتىر قىلماي-دۇ، ياخشىلارنىمۇ ۋە يامانلارنىمۇ كەيپ قىلىدۇ، قايسى ياخشى، قايسى يامان دەپ ئايرىمايدۇ. مەي - شاراب قولنى شۇ قەدەر ئا-جىزلاشتۇرۇۋېتىدۇكى، بۇ قول ھېچنېمىنى تۇتالمايدۇ، ئىش - ھۈنەرگە چامى يەتمەيدۇ؛ پۇتلارنى شۇ قەدەر بوشىتىۋېتىدۇكى، بۇ پۇتلار ھەرىكەت ۋە مېڭىشتىن قالىدۇ؛ يۈرەك ۋە مېڭىنى شۇ قە-دەر زەئىپلەشتۈرىدۇكى، ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ؛ مەي - شاراب بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى كاردىن چىقى-رىدۇ. ئەگەر پەقەت ئىچمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، بىر ئايدا ئۈچ قېتىم ئىچكۈلۈك. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئىچىش خاتا. بىر ئايدا ئىككى قېتىم ئىچسە ياخشى، بىر قېتىم ئىچسە تېخىمۇ ياخشى، ئەگەر ئىچمىسە بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ لېكىن ئىچمەيدىغان ئادەمنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ ئەگەر تېپىلسا، ئۇ ھەر جەھەتتىن ھۆرمەتلىنىشى كېرەك.

21. چىڭگىزخان جۇڭگو زېمىنلىرىغا يۈرۈش قىلىپ، ئالتان خان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئالدىدا ئېگىز دۆڭگە چىقتى ھەمدە بەلبېغىنى يېشىپ بويىنىغا سالدى، تونىنىڭ ئىزمىلىرىنى يېشىپ تىزلاندى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەي قەدىمىي تەڭرى! ئۆزۈڭ بىلىسەن ۋە كۆرۈپ تۇرۇپسەن، باشتا ئالتان خان مالىمانچىلىق تېرىپ دۈشمەنلەشتى. ئۇ ئۆكىن بارخاخ بىلەن ئامباغاي قاغاننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنى ئەسلىي تاتار قەبىلىلىرى تۇتۇۋېلىپ، ئۇ-نىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ئۇلار مېنىڭ ئاتام ۋە بوۋامنىڭ ئا-كىلىرى ئىدى. مەن ئۇلارنى جازالاپ، قىساس ئالماقچى. ئەگەر مېنىڭ بۇ نىيىتىم ھەققانىي بولسا، غەلىبە قىلىشىم ئۈچۈن ما-ڭا مەدەت ۋە كۈچ ئاتا قىلغايسەن ھەمدە پەرىشتىلەر، ئادەملەر، پەرىلەر ۋە دىۋىلەرنى ماڭا ياردەمگە ئەۋەتكەيسەن».

ئۇ چىن ئىخلاسى بىلەن تېۋىنىپ، ئەنە شۇنداق ئىلتىجا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جابدۇنۇپ ئاتلاندى. ئالتان خان شۇنچە قۇدرەتلىك ۋە ئۇلۇغ ھۆكۈمدار ئىدى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى، زېمىنلىرى كەڭرى ۋە قەلئەلىرى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ (چىڭگىزخان) ئۆزىنىڭ پاكلىقى ۋە نىيىتىنىڭ دۇرۇسلۇقى سەۋەبىدىن غەلىبە قازاندى. ئۇ ئۇنىڭ (ئالتان خاننىڭ) بارلىق زېمىنلىرى ۋە بالىلىرىنى ئىگىلىدى.

22. بىر كۈنى چىڭگىزخان ئالتاي دەپ ئاتىلىدىغان دۆڭدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى ھەمدە ئوردىلار ۋە خىزمەتكارلارنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئوقچىلىرىم ۋە لەشكەرلىرىم خۇددى ساناقسىز ئورمانلاردەك جىق؛ خوتۇنلىرىم، كېلىنلىرىم ۋە قىزلىرىم خۇددى يالقۇندەك قىزىرىپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ غەمخورلۇقۇم ۋە مەقسىتىم شۇكى، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىغا تاتلىق شېكەر سېلىش، ئۇلارنىڭ ئالدى، كەينى ۋە يەلكىلىرىنى تاۋار كىيىملەر بىلەن زىننەتلەش، ئۇلارنى ياخشى ئارغىماقلارغا مىندۇرۇش، پاكىز ۋە تاتلىق دەريا سۇلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ تۆت پۇتلۇقلىرىغا ئوت ـ چۆپلىرى بولۇق ئۆسكەن ياخشى يايلاقلارنى بېرىش، خەلق ماڭىدىغان چوڭ يوللاردىن ئەخلەت، لاۋا ۋە ھەممە زىيانلىق نەرسىلەرنى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدە كېرەكسىز گىياھلارنىڭ ئۆسۈشىگە يول قويماسلىق.

23. ئەگەر بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزدىن كىمدىكىم بەلگىلەنگەن ياساققا بىر قېتىم خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ياخشى سۆز بىلەن تەربىيە بېرىش كېرەك؛ ئەگەر ئىككى قېتىم خىلاپلىق قىلسا، ئۇنىڭغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچى قېتىم خىلاپلىق قىلسا، ئۇنى يىراقتىكى بالجىيۇن خۇلجۇر دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

گەن يەرگە سۈرگۈن قىلىش كېرەك. ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنىلا ئەقلىنى تاپمىسا، ئۇنى يوت ـ قولىغا كىشەن سېلىپ زىندانغا تاشلاش كېرەك. ئەگەر ئۇ يەردىن ئەقلىنى تېپىپ، ئەدەپلىك بول ـ ـۇپ چىقسا ياخشى بولغىنى. ئۇنداق بولمىسا بارلىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلار يىغىلىپ، كېڭىشىپ، قانداق قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى كېرەك.

26. ئۇ مۇقالى گوۋاڭنى (خاننى) قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ئەۋەتتى. مۇقالى 72 قەلئەنى ئالغاندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكۈزدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قايتىشغا بولامدۇ ـ بولمامدۇ، دەپ سورىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن، باشقا قەلئەلەرمۇ ئېلىنمىغۇچە قايتماسلىق توغرىسىدا يارلىق كەلدى. ئەلچى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇقالى سورىدى: «سەن چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزگەندە، ئۇ قانداق قىلدى؟» ئەلچى دېدىكى: «ئۇ باش بارمىقىنى پۈكتى». مۇقالى يەنە سورىدى: «ئۇ ماڭىمۇ باش بارمىقىنى قويدىمۇ؟» جاۋاب: «قويدى». مۇقالى دېدى: «مېنىڭ ئۆمرۈم بويى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، كۈچ چىقىرىۋاتقىنىم بىكار كەتمەپتۇ». يەنە سورىدى: «يەنە كىملەرگە باش بارمىقىنى قويدى؟» ئەلچى جاۋاب بەردى: «ئۇ يەنە بورجى، بورغۇلۇ، قۇبلاي، جىلوگېن، خاراجار، جالاي، باداي ۋە قىشلىققا باش بارمىقىنى قويدى (بارمىقىنى قويۇش مەنسىپنى ئۈستۈرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.) چىڭگىزخان مۇنداق دېدى: «ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدىمۇ، كەينىمدىمۇ خىزمىتىمنى ئوبدان ئىشلەپ، كۈچ چىقاردى، ئوقنى ياخشى ئاتتى، زاپاس ئاتلارنى تىزگىنىدىن چىڭ تۇتتى، ئوۋچى قۇشلارنى ۋە ئىتلارنى قولدىن چىقارمىدى.»

27. مۆھتەرەم بەگلەردىن بالا خالاجا بىر كۈنى چىڭگىزخاد ـ

دىن سورىدى: «سېنى كۆچ ـ قۇدرەت ئىگىسى، باھادىر دەپ ئا ـ تىشىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدىن ئۇتۇق ۋە غەلىبىنىڭ قانداق بەلگە ـ لىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ؟» چىڭگىزخان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «قايتىش يولۇمدا جەسەتلەر ئۇچرىدى. ئالتە ئارغىماق ئە ـ گىسىز تېنەپ يۈرەتتى. مەن ئالتە ئارغىماقنىڭ ھەممىسىنى ئې ـ لىپ كەتتىم.»

28. بىر كۈنى مەن بۇرجى بىلەن كېتىۋاتقانىدىم. ئون ئىك ـ كى ئادەم تاغ تۆپىسىدە بۆكتۈرمە قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. بۇرجى كەينىمدە كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى ساقلىماستىن ۋە ئۆز كۈچۈمگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا ئېتىلدىم. ئۇشتۇمتۇت ئۇلار ئوق ئاتقىلى تۇردى. ئوقلار ئەتراپىمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. مەن توختىماي كېلى ـ ۋەردىم. ئۇشتۇمتۇت بىر ئوق مېنىڭ ئاغزىمغا تەگدى. مەن يى ـ قىلىپ ھوشۇمدىن كەتتىم. بۇ چاغدا بۇرجى يېتىپ كەلدى ۋە يا ـ رىدار بولۇپ خۇددى سەكراتتىكى ئادەمدەك تېپىرلاپ ياتقىنىمنى كۆردى. ئۇ دەرھال سۇنى ئىسسىتىپ ئېلىپ كەلدى. مەن ئاغ ـ زىمنى چايقاپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى تۈكۈرۈپ چىقىرىۋەتتىم. چىقىپ كەتكەن جان يەنە تەنگە قايتىپ كىردى، سېزىمىم ئەس ـ لىگە كېلىپ، پۇت ـ قولۇم ھەرىكەتكە كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە ئالغا ئېتىلدىم. ئۇلار مېنىڭ چىدام ـ غەيرىتىمدىن قورقۇپ، ھېلىقى تاغدىن ئۆزلىرىنى پەسكە تاشلىدى ۋە جانلىرى ـ دىن ئايرىلدى. بۇرجى نويانىنىڭ تارخانلىق مەرتىۋىسىگە ئۆستۈ ـ رۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ھالقىلىق پەيتتە ماختاشقا لايىق ئىش قىلدى.

29. چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئويى ـ غىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرنەچچە تال چېچى ئاقىرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى سورىدى: «ئەي بۇزرۇكۋارىمىز! سەن بەختلىك ياشلىق دەۋرىدە تۇرىۋاتىسەن، سەن تېخى قېرىشقا باش ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىمىدىڭ. قانداق قىلىپ چاچلىرىڭغا ئاق كىرىپ قالدى؟» ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «چۈنكى قادىر ئىگەم مېنىڭ باش بولۇشۇمنى، تۈمەنلەرنىڭ ۋە مىڭلارنىڭ بېشى بولۇشۇمنى، مەن ئارقىلىق ئاسايىشلىق تۇغىنى تىكلەشنى خالىدى. شۇڭا، ئۇ ماڭا باشلامچىلىقنىڭ نىشانى بولغان قېرىلىقنىڭ بەلگىسىنى ئاتا قىلدى.»

30. بىر كۈنى چىڭگىزخان بەگلەرنىڭ بېشى بولغان بۇرجى نوياندىن سورىدى: «ئادەمنىڭ ھۇزۇر ۋە ھالاۋىتى نېمىدىن ئىبارەت؟» بۇرجى مۇنداق دېدى: «ئادەم قولىغا شۇڭقارنى ئېلىپ، ياخشى بېقىلغان ئارغىماقنى مىنىپ، باش باھاردا قۇشلارنى ئوۋلىسا، ياخشى كىيىم ــ لىباسلارنى كىيسە، ھۇزۇر ــ ھالاۋەت دېگەن شۇ.» چىڭگىزخان بۇرغۇلۇدىن سورىدى: «سەنمۇ شۇنداق دەمسەن؟» بۇرغۇلۇ مۇنداق دېدى: «شۇڭقاردەك قۇشلار تۇرنىلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچسا، ئۇلارنى پەنجىلىرى بىلەن يارىلاندۇرۇپ ئاسماندىن چۈشۈرۈۋەتسە، ھۇزۇر دېگەن شۇ.»

شۇنىڭدىن كېيىن قۇبلاينىڭ باللىرىدىنمۇ سورىدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: «ئادەمنىڭ ھۇزۇر ــ ھالاۋىتى ئوۋغا چىقىپ، قۇشلارنى ئۇچۇرۇشنى بىلىشتە». ئاندىن چىڭگىزخان مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلدىڭلار. قارشى تۇرغانلارنى باستۇر ۋە دۈشمىنىڭنى يەڭ، ئۇلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلا، ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى تارتىۋال، ئۇلارنى زار قاقشات، كۆز ياشلىرىنى مەڭزىلىرىدىن ۋە بۇرۇنلىرىدىن ئاققۇز، ئۇلارنىڭ سېمىز ئارغىماقلىرىغا مىن، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى، قىزلىرىنى زوقلىنىپ سۆي، ئۇلارنىڭ تاتلىق قىزىل لەۋلىرىنى شورا. ئادەمنىڭ ھۇزۇر ــ ھالاۋىتى دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ.»

# ياساق

ياساقنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن پارچىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پادىشاھزادىلار ئۆيلەنگەن ياكى بويتاق بولۇشىدىن قەتئىيـ-نەزەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

2. ھايۋانلار بىلەن زىنا قىلغۇچىلارمۇ ئوخشاشلا ئۆلتۈرۈ-لىدۇ.

3. كىمىكى مەقسەتلىك ھالدا ياكى جادۇگەرلىك قىلىپ يال-غان سۆزلىسە، كىمىكى باشقىلارنىڭ كەينىدىن پايلاقچىلىق قىلسا، كىمىكى ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا كى-رىپ بىرىگە يان بېسىپ، يەنە بىرىگە قارشى تۇرسا، بۇنداقلارمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

4. سۇغا ياكى كۆلگە سىيگەنلەرمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

5. كىمىكى باشقىلارنىڭ مېلىنى ئېلىپ ۋەيران بولسا، كې-يىن يەنە ئېلىپ يەنە ۋەيران بولسا، ئاندىن يەنە ئېلىپ يەنە ۋەيران بولسا، بۇنداق ئادەم ئۈچىنچى قېتىمدىن كېيىن ئۆلتۈ-رۈلىدۇ.

6. ئەسىرگە ئېلىنغان كىشىگە ئەسىرگە ئالغۇچىنىڭ رۇخ-سىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئوزۇق ياكى كىيىم بەرگەن كىشى ئۆلتۈ-رۈلىدۇ.

7. كىمىكى قېچىپ كەتكەن قۇل ياكى ئەسىرنى تېپىۋې-لىپ، ئۇنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلى-نىدۇ.

8. ھايۋاننى يېمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ، قارنىنى يېرىش كېرەك، ئاندىن ئۇنىڭ جېنى چىقىپ بولغانغا قەدەر يۈرىكىنى قول بىلەن سىقىپ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر كىمدىكىم مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سۇلمانلارغا ئوخشاش بوغۇزلىسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ بوغۇزلاش كېرەك.

10. ئۇ (چىڭگىزخان) شۇنداق ئەمر قىلدىكى، ئەلىبەگ ئەبۇ تالىپنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرەرەك ئالۋان - سېلىق ئېلىنمىسۇن. شۇنداقلا دەرۋىشلەر، قۇرئان ئوقۇيدىغان قارىيلار، مۇپتىلار، تېۋىپلار، ئۆزلىرىنى دىن ۋە زاھىتلىققا بېغىشلىغان ئىلىم ئەھلى، مەزىنلەر، مېيىت يۇيغۇچىلارغىمۇ سېلىق سېلىشقا بولمايدۇ.

11. ئۇ ھەممە دىنلارنى ھۆرمەتلەشنى، بىرىنى بىرىدىن ئۈستۈن كۆرمەسلىكنى قارار قىلدى. ئۇ شۇنداق قىلغاندا تەڭرى رازى بولىدۇ، دېدى.

12. ئۇ خەلققە شۇنداق پەرمان بەردىكى، باشقىلارنىڭ قولىدىن يېمەكلىك ئېلىشقا توغرا كەلگەندە شۇ يېمەكلىكنى بەرگۈچى ھەتتا بەگ، ئالغۇچى تۇتقۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ئالدى بىلەن بەرگۈچى ئۆزى يەپ باقمىغۇچە يېمەسلىك كېرەك. ھەرقانداق ئادەم كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا بولغاندا باشقىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلماستىن ئۆزى يالغۇز يېسە بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھەمراھلىرىدىن ئارتۇق يېسە بولمايدۇ. ئوتنىڭ ۋە تاماق يەيدىغان قاچىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتسە بولمايدۇ.

13. ھەر قانداق ئادەم تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە توختاپ، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا تاماق يېسە بولىدۇ، ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۇنى توسۇشىغا بولمايدۇ.

14. ئۇ قولنى سۇغا تىقىشنى چەكلىدى، سۇ ئېلىش ئۈچۈن بىرەر قاچا ئىشلىتىشنى بۇيرۇدى.

15. ئۇ كىيىم - كېچەكلەر پۈتۈنلەي كاردىن چىقمىغۇچە يۇيۇشنى چەكلىدى.

16. ئۇ بىرەر نەرسىنى پاسكىنا دېيىشنى چەكلىدى. ئۇ

ھەممە نەرسىلەر پاكىز دەيتتى ۋە پاكىز بىلەن مەينەتنى پەرقلەن-دۈرمەيتتى.

17. ئۇ ھەرقانداق مەزھەپنى باشقىلىرىدىن ئۈستۈن كۆرۈش-نى، ھۆرمەت نامىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى چەكلىدى ھەممە سۇلتانغا ياكى ھەرقانداق بىر كىشىگە مۇراجە-ئەت قىلغاندا ئۇنىڭ ئىسمىنىلا ئاتاشنى بېكىتتى.

19. ئۇ شۇنداق بېكىتتىكى، قوشۇنغا ھەمراھ بولغۇچى ئا-يالالار ئەرلەر جەڭگە كەتكەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ۋە مەجبۇرد-يەتلىرىنى ئادا قىلىشى كېرەك.

21. ئۇ شۇنداق ئەمىر قىلدىكى، ھەممە ئادەم ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ ھەممە قىزلىرىنى سۇلتانغا (خانغا) كۆرسىتى-شى كېرەك. خان ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە ۋە بالىلىرىغا لايىق-لىرىنى تاللىۋالىدۇ.

23. ئۇ شۇنداق بېكىتتىكى، ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ھۆكۈمدار ئۇنى جازالاش ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتكارنى ئەۋەتكەن تەقدىردىمۇ، شۇ ئەمىر شۇ خىزمەتكارنىڭ قولىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇشى، خىزمەتكار ھۆ-كۈمدارنىڭ بۇيرۇغان جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچە (ھەتتا گۇناھ-كارنىڭ قورسىقىنى يېرىۋېتىش توغرا كەلسىمۇ) ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ بېرىشى لازىم.

25. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ھەممە ئىشلاردىن تېزلىكتە خەۋەر تېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن، سۇلتانغا پوچتا مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىشنى بۇيرۇدى.

26. ئۇ ياساقنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كۆزىتىشكە ئۆز ئوغ-لى چاغاتاي بەگنى تەيىنلىدى.

29. كىم ئات ئوغرىلىغان بولسا، شۇ ئاتنىڭ ئىگىسىگە يەنە توققۇز ئاتنى قوشۇپ تۆلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بۇنداق جەرىماند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى تۆلىيەلمىسە، ئۇنىڭ باللىرىنى تارتىۋېلىش كېرەك. ئەگەر باللىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاش كېرەك.

30. چىڭگىزخاننىڭ ياسىقى ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق، بۇزۇقچىلىق قىلمىشلىرىنى چەكلەيدۇ؛ دوستلارنى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيۈش، كىشىلەرگە ئازار بەرمەسلىك ۋە ئاداۋەت ساقلىماسلىق، ئۆز ئىختىيارى بىلەن بويسۇنغان ئەللەر ۋە شەھەرلەرنى ئاياش، خۇداغا بېغىشلاپ سېلىنغان ئىبادەتخانىلار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ھۆرمەتلەش ۋە ھەرقانداق سېلىقتىن ئازاد قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

(31. ياساقتا مۇنداق دېيىلىدۇ): بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، بۇزۇقچىلىق قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك، خائىنلىق قىلماسلىق، ياشانغانلار ۋە نامراتلارنى ئىززەتلەش كېرەك. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىدۇ.

32. چىڭگىزخاننىڭ ياسىقىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: تاماقنى ھەددىدىن ئارتۇق يەپ بوغۇلۇپ قالغان ئادەمنى سۆرەپ چىقىپ، دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. سەركەردىنىڭ دەرگاھىغا رۇخسەتسىز كىرگەن ئادەمنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇش كېرەك.

33. ئەگەر مەي ئىچمەسلىككە ئامال بولمىسا، بىر ئايدا ئۈچ قېتىملا ئىچسە بولىدۇ. ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئىچسە گۇناھكار بولىدۇ؛ ئايدا ئىككى قېتىم ئىچسە، ياخشىراق؛ بىر قېتىم ئىچسە، تېخىمۇ ياخشى. ئەگەر پەقەتلا ئىچمىسە، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ؟ لېكىن ئىچمەسلىكنىڭ دورىسىنى نەدىن تاپقۇلۇق؟ ئەگەر شۇنداق دورا تېپىلسا، بۇ ھەممىدىن ياخشى.

34. توقالدىن تۇغۇلغان باللار قانۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ ۋە ئاتىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزىگە تېگىشلىك مىراس ئۈ-

لۇشىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. مۈلۈك تەقسىماتىدا چوڭ پەرزەنت كۆپرەك ئالىدۇ، كىچىكى ئاتىسىنىڭ خوجىلىقىغا ئىگە بولىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ چوڭلۇقى ئانىلىرىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئۆلچىنىدۇ. خوتۇنلار ئىچىدە بالدۇر نىكاھلىق بولغىنى چوڭ ھېسابلىنىدۇ.

35. ئاتا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆز ئانىسىدىن باشقا خوتۇنلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ ئۇلارنى ئۆزى خوتۇن قىلسىمۇ ياكى باشقا بىرىگە ياتلىق قىلسىمۇ بولىدۇ.

36. مەرھۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسلىرىدىن باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

38. (ھەممە دىنلارنىڭ روھانىيلىرى مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا.)

39. بەگلەر، خانلار، مۆتىۋەرلەر ۋە باشقا موڭغۇل زاتلىرىنىڭ ئومۇمىي كېڭىشىدە سايلانمىغان كىشىنى «ئىمپېراتور» دەپ ئېلان قىلىش چەكلىنىدۇ.

40. موڭغۇللارغا بويسۇندۇرۇلغان خەلق ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ پەخرىي ئۇنۋانلار بىلەن ئاتىلىشى چەكلىنىدۇ.

41. تولۇق ئىتائەت بىلدۈرمىگەن پادىشاھ، بەگ ياكى خەلق بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە بولمايدۇ.

( 46. ھايۋانلارنى سويۇشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم قائىدىلەر توغرىسىدا.)

( 47. ھايۋانلارنىڭ قېنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا.)

( 48. ئىمپېرىيە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان باشلىقلار، سەركەردىلەرگە بېرىلىدىغان ئىمتىيازلار توغرىسىدا.)

( 50. ئوغرىلارغا بېرىلىدىغان ھەرخىل جازالار: ئۆلۈم جازاسىدىن تارتىپ تەن جازاسىغىچە.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

51. ئىمپېرىيە پۇقرالىرىدىن ھېچقانداق ئادەم موڭغۇلنى مالاي ياكى قۇل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

(52. قاچقۇن قۇلنى يوشۇرۇش ياكى ئوزۇقلاندۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا.)

53. ياساقتا شۇنداق بېكىتىلگەنكى، ئەر كىشى ئايالنى سېتىۋېلىشى كېرەك. بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئەر كىشىنىڭ ئاچا - سىڭىل ئىككىيلەنگە ئۆيلىنىشىگە ياكى بىرنەچچە توقال تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ (ئاندىن ئايالنىڭ ئۆي ۋە ئىگىلىكتىكى مەجبۇرىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ.) ئەرلەر پەقەت جەڭ ۋە ئوۋ ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولۇشى كېرەك (ئاندىن ھەرخىل ئاياللاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ھوقۇقلىرى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.)

54. پاھىشىۋازلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلغۇچىلار نەق مەيداندىلا ئۆلتۈرۈلسە بولىدۇ.

(55. ئاتا - ئانىلارنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن باللىرىنىڭ چېيىنى ئۆتكۈزۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.)

56. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققان مەزگىلدە ئېقىن سۇدا چۈمۈلۈش ياكى كىر يۇيۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

57. ئايغاقچىلار، يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر، نومۇسسىزلىققا ئادەتلەنگەنلەر ۋە جادۇگەرلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

چىڭگىزخان ئاساسىي قائىدىلەر ۋە جازالارنى بېكىتتى ۋە بۇلارنى كىتاب قىلىپ يېزىشقا تاپشۇردى. بۇ كىتابنى ئۇ «ياساق» دەپ ئاتىدى. كىتابنىڭ تەھرىرلىكى پۈتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخان بۇ قانۇنلارنى پولات تاختىلارغا ئويغۇزدى ۋە بۇنى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن دەستۇر قىلدى.

## تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبى ۋە تۈزۈلۈشى

تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرى پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپقان. لېكىن، يىراقتا يۈرۈشلەردە پىيادىلەرگە ئاتلار تەقسىملەپ بېرىلەتتى. ئاتلىق قىسىملار ياكى ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى زۆرۈر تېپىلغاندا پىيادە جەڭ قىلىشقا ئۆگىتىلگەنىدى. ئۇلار ئاساسەن ئوقيا ئاتقاندا دەل تەگكۈزۈش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشەتتى.

ئاتلىق قىسىملار يېنىك ۋە ئېغىر قوراللانغانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئادەتتىكى ۋە خىللانغان لەشكەرلەرگە ئايرىلاتتى. شۇنداقلا خاننىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىمۇ بار ئىدى. يەنە مۇنداق قىسىملارمۇ بولغان1) : كېمە ۋە كۆۋرۈك ياسايدىغانلار؛ 2) ئوت ئاتىدىغانلار؛ 3) ھەرخىل پالاقمان، مانچاناقلارنى ياسايدىغان ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان ئۇستىلار؛ 4) تاغلىقلاردىن تەشكىللەنگەن، مەخسۇس تاغلاردا جەڭ قىلىدىغان پىيادە قىسىملار.

تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرى خۇددى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىدەك ئون، يۈز، مىڭ، تۇمەنلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئونبېشى، يۈزبېشى، مىڭبېشى ۋە ئەمىرلەر قوماندانلىق قىلاتتى.

### قورال ـ ياراغلار، يۈرۈش لازىمەتلىكلىرى، مەنسەپكە ئۆستۈرۈش، ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقلىرى ۋە ئىش ھەققى

تېمۇرلەڭ شۇنداق تەلەپ قويغانكى، ئۇرۇش مەزگىلىدە يې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ قوراللانغان چەۋەندازلار ئوقيا، ساداق، قىلىچ، ھەرە، بىگىز، يىڭنە، تاسما، پالتا، ئون دانە ئوق بېشى، تاغار، تورسۇق ۋە ئىككى ئاتنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر 18 ئادەمدە بىردىن كىگىز ئۆي بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلار ساۋۇت، دۇبۇلغا، قىلىچ، ئوقيا بىلەن تەمىنلەنگەن بولۇپ، ھەربىرىدە ئىككىدىن ئات ۋە ھەر بەش ئادەمدە بىردىن كىگىز ئۆي بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، گۈرزە، ئايپالتا ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللانغان، ئاتلىرىغا يولۋاس تېرىلىرى يېپىلغان ئالاھىدە لەشكەرلەر بار ئىدى. بۇ لەشكەرلەر تېمۇر لەڭنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولسا كېرەك.

مىڭبېشى ۋە ئەمىرلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قوراللىرىدىن باشقا يەنە ئاددىي لەشكەرلەرنى تەمىنلەشكە لازىم بولىدىغان بىر تۈركۈم قوراللارنى ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. بۇ قوراللار ئاتلارغا ۋە تۆگىلەرگە ئارتىلاتتى.

پىيادە لەشكەرلەر قىلىچ، ئوقيا بىلەن قوراللىنىپ، بىرنەچچە تال ئوقنى ئېلىپ يۈرەتتى، لېكىن ئەھۋالغا قاراپ ئوقلارنىڭ سانى كۆپەيتىلەتتى.

چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈش ئالدىدا قوشۇنلارنى، ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قانۇنى تېمۇر لەڭ دەۋرىدىمۇ ئەينەن ساقلانغان.

ھەر ئون كىشىلىك بىرلىك ئىچىدىن ئەقىل ۋە باتۇرلۇقتا كۆزۈنەرلىك بولغان بىر لەشكەر تاللىنىپ، باشقا توققۇز لەشكەر قوشۇلغاندىن كېيىن ئونبېشى قىلىپ تەيىنلىنەتتى. مىڭبېشىلار ئادەتتە ئەمىر ۋە بەگلەرنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىن تاللىناتتى، شۇنداقلا لەشكىرىي ئىشلاردىكى ماھىرلىقى ۋە قەھرىمانلىقى بىلەن تونۇلغان شەخسلەرمۇ مىڭبېشى بولالايتتى. ھەربىر

باشلىقنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلار باشلىقنىڭ ۋەزىپىسىنى بېجىرەتتى.

ئونبېشىلار ئۆز قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ سانىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. يۈزبېشىلار ئونبېشىلارنى، مىڭبېشىلار يۈزبېشىلارنى تەيىنلەيتتى. باشلىقلار ئىنتىزامغا بويسۇنمىغانلارنى جازالاش ۋە خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى ئىشتىن توختىتىپ ئورنىغا باشقىلارنى قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى (ئەھۋالدىن قارىغاندا، باشلىقلاردا قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى بولمىغان.) تېمۇر لەڭ تەن جازاسى بېرىشنى ياخشى كۆرمەيتتى ۋە ئۇنى چەكلەيتتى. ئۇ باشلىقنىڭ ھوقۇقى قامچا بىلەن تاياقتا يېتەلمىسە، ئۇنداق باشلىق ئۆز خىزمىتىگە لايىق ئەمەس، دەيتتى. بۇيرۇقنى ئورۇندىماسلىق، قورقۇنچاقلىق، ئىنتىزامسىزلىق قىلمىشلىرىغا چىڭگىزخان بېكىتكەن ياساقتىكى جازالار بېرىلەتتى. قورقۇنچاقلار جازالىنىشتىن ئىلگىرى ئايالچە كىيىندۈرۈلۈپ، يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈلۈپ ۋە ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىنىپ سازايى قىلىناتتى.

ئادەتتىكى لەشكەرلەر ئونبېشى ۋە يۈزبېشى بولالمايتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپلەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە بېرىلەتتى. ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ چوڭ خىزمەت كۆرسەتسە يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپكە ئېرىشەلەيتتى.

مائاش تەڭگە ھېسابىدا ئەمەس، ئات باھاسى ھېسابىدا بېرىلەتتى. ئونبېشىنىڭ مائاشى ئادەتتىكى لەشكەرلەرنىڭكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق بولاتتى. يۈزبېشىلار ئونبېشىلاردىن ئىككى ھەسسە، مىڭبېشىلار يۈزبېشىلاردىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق مائاش ئالاتتى. يېنىك سەۋەنلىك ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ مائاشىدىن بىر قىسمى تۇتۇپ قېلىناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت كۆرسەتكەن لەشكەرلەر تۆۋەندىكىچە مۇكاپاتلىناتتى: ماختاش، مائاشىنى ئۆستۈرۈش، ماددىي مۇكاپات، ئولجا بۆلۈشكەندە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئۈلۈشىنى كۆپەيتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، پەخرىي نام بېرىش. پۈتۈن لەشكەرلەر خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇلارغا دۇمباق، تۇغ قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلەتتى.

## تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇنتىزىملىشىشى

تېمۇرلەڭ قوشۇنلىرىنىڭ مۇنتىزىملىشىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغانكى، لەشكىرىي بىرلىكلەر تۇراقلىق ۋە تۈزۈلمىسى مۇۋاپىق بولغان، ئىنتىزام ئورنىتىلغان، ھەرخىل لەشكىرىي بىرلىكلەرنىڭ كىيىملىرى ۋە ئاتلىرى باشقا ـ باشقا رەڭلەردە بولغان.

ئاتلىق قىسىملار ھەرىكەتلىنىشكە ئەپسىز بولغان جايلاردا پىيادە قىسىملار ھەرىكەتلىنەتتى. تاغلار ۋە ئورمانلاردىن ئۆتكەن چاغلاردا پىيادە قىسىملار پۈتۈن قوشۇننى قوغداپ ماڭاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پىيادە قىسىملار قەلئەلەرنى قوغداش ۋە سېپىللارغا ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىلەتتى.

## تېمۇرلەڭنىڭ تاكتىكا قائىدىلىرى ۋە جەڭ قىلىش تەرتىپلىرى

ئات سانى 12 مىڭدىن ئاشمايدىغان قوشۇنلار جەڭگە كىرىشتە توققۇز قىسىمغا بۆلۈنەتتى: بۇلارنىڭ بىرى ئاساسلىق قىسىم بولۇپ، پۈتۈن قىسىمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە تەشكىل قىلاتتى، ئوڭ قانات ۋە سول قاناتلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپاتتى، ھۇجۇمچى ۋە ئالدىنقى

سەپ جېسەكچىلىرىنىڭ ھەربىرى بىر قىسىمدىن تۈزۈلەتتى.
ھەربىر قانات ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ
ھۇجۇمچىلىرى، ئوڭ ۋە سول تارماق قاناتلىرى بولاتتى. ئوڭ ۋە
سول قاناتلار ئومۇمىي ھۇجۇمچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە، سەل
ئارقىغىراق كەلتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى ۋە ئومۇمىي ئارقا
سەپتىن سەل ئالدىدا بولاتتى. ئومۇمىي ۋە تارماق ھۇجۇمچىلار
يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلاردىن تەشكىللىنەتتى. ئومۇمىي
ئارقا سەپ ئاساسەن ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلاردىن تۈزۈلەت-
تى. شۇنداقلا، ئۇلارغا يەنە تۆتتىن بىر نىسبەتتە يېنىك قوراللان-
غان چەۋەندازلار قوشۇپ بېرىلەتتى.

جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەڭرى ۋە تۈز دالا تاللىناتتى. قوشۇن
ئىمكانقەدەر كۈن نۇرىغا ئۇدۇل كەلتۈرمەي تىزىلاتتى. دۈشمەنگە
قارشى ئاتلانغاندا يۆنىلىش ئېنىق بولۇپ، كۈچلۈك زەربە بېرىش
تەلەپ قىلىناتتى.

ئالدىنقى قىسىم جېسەكچىلىرى، ئاندىن ھۇجۇمچىلارنىڭ (
ئالدىنقى قىسىم) ئوقيا ۋە ئۇچار نەيزىلەرنى ئېتىشى بىلەن جەڭ
باشلىناتتى. ئەگەر ئالدىنقى قىسىمغا ياردەم بېرىش كېرەك بول-
سا، بىر قاناتنىڭ ھۇجۇمچىلىرى ياكى شۇ قاناتنىڭ يېرىمى ۋە
ياكى پۈتۈن بىر قانات ياردەمگە كېلەتتى. زۆرۈر تېپىلسا، ئىك-
كىنچى بىر قاناتمۇ شۇ تەرىقىدە جەڭگە چۈشەتتى. ئەگەر بۇ تەد-
بىرلەر يېتەرلىك بولمىسا، ئەمىر شەخسەن ئۆزى ئاساسلىق قى-
سىملارنى باشلاپ، دۈشمەنگە ئېتىلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ زامانلاردا ھەممە خەلقلەرنىڭ قوشۇنلىرى دىگۈدەك توغرا
سەپ تۈزۈشنى بىلمەي، ئۆزلىرىنىڭ باتۇر سەركەردىلىرىنىڭ
ئۈلگە كۆرسىتىشى ۋە باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن توپلىشىپ
جەڭ قىلاتتى. تېمۇر لەڭنىڭ قوشۇنلىرى توغرا تۈزۈلۈشكە ئىگە
بولۇپ، بىرنەچچە سەپلەرگە ئايرىپ تىزىلاتتى. بۇنداق ئەۋرىشىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۈزۈلۈش جەڭنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەكرار زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى. شارائىت يېتەرلىك دەرىجىدە ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن كۈچلۈك بولغان ئومۇمىي ئارقا سەپمۇ جەڭگە كىرەتتى. شۇنداق بولغاندا، دۈشمەننىڭ ئەڭ نازۇك ھالقىسىنى تېپىپ چىققىلى بولاتتى. ئاندىن شۇ ھالقىغا ئاساسلىق زەربە بېرىلەتتى. ئارقا سەپ قىسمى ئەڭ مۇنەۋۋەر لەشكەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەممىسى بىرلىكتە ھەرىكەتكە كەلگەندە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەڭ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىپ، دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى مەلۇم بولسا، يەنە شۇ جەڭگىۋار تەرتىپ بويىچە چېكىنىپ، قوشۇننىڭ كۆپ قىسمىنى تالاپەتتىن ساقلاپ قالغىلى بولاتتى.

گويا كى ئۇرۇش ئىلاھى شەخسەن ئۆزى چىڭگىزخان بىلەن تېمۇر لەڭگە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن جەڭ قىلىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق جەڭ ئۇسۇلى ئاسىيا دالىلىرىنىڭ شارائىتىغا ئاجايىپ ماسلاشقان. بۇ ئۇسۇل شۇنداق ياخشى ئويلانغانكى، شۇ دەۋردىكى ھەممە ئۇرۇشلاردا موڭغۇل - تاتارلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

## ئادەم سانى 12 مىڭدىن 40 مىڭغىچە بولغان قوشۇن ئۇچۇن جەڭ ئۇسۇلى

ئادەم سانى 40 مىڭغىچە بولغان ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە ئىدى: قوشۇنلار 14 قىسىمغا بۆلۈنەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم (ئېھتىمال پۈتۈن قوشۇننىڭ سەككىزدىن بىر قىسمىدىن ئاز بولمىسا كېرەك) قوماندانىنىڭ بىۋا-

ستە رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئارقا سەپ زاپاس قوشۇننى تەشكىل قىلاتتى. ئوڭ ۋە سول قاناتلاردا ئۈچتىن قىسىم بولۇپ، ئىككىنچى لىنىيەنى تەشكىل قىلاتتى. ھەربىر قاناتتا بىردىن قىسىم ھۇجۇمچى، قالغانلىرى ئوڭ ۋە سول قاناتلارنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. ئىككىنچى لىنىيەدىكى بۇ قاناتلارنىڭ ھەربىر ھۇجۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى لىنىيەدىكى ئۈچتىن قىسىم قويۇلاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىنمۇ يەنە بىردىن قىسىم ھۇجۇمچى قىلىناتتى. ئىككى قانات ئوتتۇرىسىدىكى قىسىمنىڭ ئالدىغا ئاساسلىق ھۇجۇمچىلار قويۇلاتتى. بۇ ئومۇمىي ھۇجۇمچىلار يېنىك قوراللانغان باتۇر ۋە تەجرىبىلىك لەشكەرلەردىن تەشكىللىنەتتى. ئۇلار ئۇران توۋلاپ، ئوق سىلىپ، دۈشمەن ھۇجۇمچىلىرىنى قالايمىقانلاشتۇراتتى. ھۇجۇمچىلارنىڭ ئالدىدا ئالدىنقى سەپ جېسەكچىلىرى ماڭاتتى. قاناتلاردىكى تارماق ھۇجۇمچىلارمۇ يېنىك قوراللانغان چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپاتتى. ئومۇمىي زاپاس قوشۇننىڭ زەربىدار قىسمى ئېغىر قوراللانغان چەۋەندازلاردىن تەشكىللىنەتتى.

جەڭنى ھۇجۇمچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئوقچىلار باشلايتتى. بۇنداق جەڭ تەرتىپىدە ئومۇمىي ھۇجۇمچىلارنىڭ رولى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولاتتى. ئاساسلىق ھۇجۇمچىلارغا تەدرىجىي ھالدا بىرىنچى لىنىيەنىڭ ھۇجۇمچىلىرى، ئاندىن شۇ لىنىيەنىڭ باشقا قىسىملىرى قوشۇلاتتى. ئەگەر بۇ ھۇجۇملار مەسىلىنى ھەل قىلالمىسا، ئىككىنچى لىنىيەنىڭ قىسىملىرى ۋە ئاخىردا ئومۇمىي ياردەمچى قوشۇن جەڭگە كىرگۈزۈلەتتى.

## پۈتۈن قوشۇن ئۈچۈن جەڭ ئۇسۇلى

ئادەم سانى 40 مىڭدىن ئاشىدىغان ئاتلىق قوشۇننىڭ جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى تارىيسى

تەرتىپىدە ئۈچىنچى لىنىيە ياكى ئومۇمىي زاپاس قوشۇن ئايرىم – ئايرىم ئۈچ گۇرۇپپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، پۈتۈن قوشۇننىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ ئۈچ گۇرۇپپىنىڭ ئىدىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى مەركىزىي قىسىمغا جايلاشتۇرۇلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر قورال-لانغان چەۋەنداز-لاردىن ئىبارەت بولاتتى. ئىككى ياندىكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئادەم سانى نىسبەتەن ئازراق بولاتتى. مەركىزىي گۇرۇپپىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە تېمۇر لەشكىرى تۇغى جايلاشتۇرۇلاتتى. بۇ گۇرۇپپىغا تېمۇر لەڭ شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلاتتى. بۇنداق جەڭ تەرتىپىدە ئاساسلىق ھۇجۇمچىلار ئىچىدە يەنە بىر ئالاھىدە ھۇجۇمچىلار بولاتتى. جەڭنىڭ باشلىنىشى ۋە داۋاملىشىشى خۇددى كىچىك بىرلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولاتتى.

بۇ خىل ئۇسۇلدا مۇنداق بىر ئەھۋال دىققەتنى قوزغايدۇ، جەڭ تەرتىپىنىڭ مەركىزى نىسبەتەن ئاجىزراق بولغان ئومۇمىي ھۇجۇمچىلار بىلەنلا قوغدىلىدىغان بىر بوشلۇقنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنى چۈشىنىش تەس. تېمۇر لەڭ مەركىزىي قىسىمنى بوش قالدۇرۇش بىلەن دۈشمەننى ئوتتۇرىغا كىرگۈزۈپ، قورشاپ يوقىتىشنى كۆزلىگەنمۇ؟ ياكى ئىككى ياندىكى قىسىملارنى قەستەن ئۇزۇنغا سوزۇپ، دۈشمەننىڭ كۈچلىرىنىمۇ شۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ، ئاخىردا بىر – بىرلەپ يوقىتىشنى كۆزلىگەنمۇ ئېھتىمالغا يېقىنراق بولغىنى شۇكى، بۇنداق تەرتىپلەر ئەمەلىي جەڭ داۋامىدا تولۇق ئىجرا قىلىنمىغان بولۇشى مۇمكىن. بىزگە مەلۇم بولغان جەڭ مىساللىرىدىن قارىغاندا، تېمۇر لەڭ ئۆزىمۇ بۇ تەرتىپلەردىن خېلىلا چەتنەپ كەتكەن.

يەر شارائىتىغا قاراپ، جەڭ تەرتىپىگە پىيادىلەرمۇ كىرگۈزۈلەتتى (بەزى جەڭلەرگە پىللارمۇ قاتناشتۇرۇلغان.) تۈزلەڭ

دالالاردا يەنىلا يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن جەڭ تەرتىپى قوللىنىل-
غان. بۇنداق جەڭلەرگە پىيادىلەرنىڭ قاتناشقانلىقى خاتىرىلەنمە-
گەن. پىيادىلەر ئاساسەن ئارقا سەپ ئىشلىرىغا، تۇرالغۇلارنى
قوغداشقا ۋە زاپاس ئاتلارنى ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇم-
كىن.

## كۆچمەن خەلقلەرنىڭ چوڭ ۋە كىچىك
## ئۇرۇشلاردىكى قابىللىقى

كۆچمەنلىك تۇرمۇش يەر ـ جايلارنى ئەسلا ئۇنتۇماسلىق ۋە ئاجايىپ سەزگۈرلۈك ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. هازىرقى موڭغۇل ياكى قىرغىزلار 5 ــ 6 چاقىرىم يىراقتىكى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا مۆكۈۋالغان ئادەمنى ياكى بىر كىم دالىدا قىلغان تاشنى كۆرۈۋالالايدۇ. ناھايىتى يىراق ئارىلىقتىن گۈلخاننىڭ ئىسىنى، قايناۋاتقان سۇنىڭ ھورىنى ھىدلاپ بىلىۋالىدۇ. تۇزلەڭدە 25 چاقىرىم يىراقلىقتىن ھايۋانلارنى ۋە ئادەملەرنى پەرقلەندۇرەلەيدۇ. كۆچمەن خەلقلەرنىڭ قۇلىقىمۇ مۇقىم ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنىڭكىدىن بەكرەك سەزگۈر بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق شەرتلىرى بولغاچقا، كۆچمەنلەردىن يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قىسىملارنى تەشكىللەش بەك ئاسان. ئۇلارغا ئات مىنىش ۋە ئات بېقىشنى ئۆگىتىش كەتمەيدۇ. چىڭگىزخان ۋە تېمۇر لەڭ دەۋرلىرىدە 12 ــ 13 ياشلىق باللارمۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇلار ئوقيانى ياخشى ئاتاتتى، ماددىي بۇيۇملار بېسىلغان ھارۋىلارنى قوغدايتتى، زاپاس ئاتلارنى باقاتتى...

لېكىن تارىختىن قارىغاندا، كۆچمەنلەردىن يېنىك قوراللانغان قىسىملارنىلا ئەمەس، يەنە ئېغىر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك قىسىملارنىمۇ تەشكىللەشكە بولاتتى. بۇنداق ئاتلىق قوشۇنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغلارمۇ، دەريالارمۇ توسۇپ قالالمايتتى. ئۇلار تۈركلەرنىڭ داڭلىق پىيادە قوشۇنلىرىنىمۇ، ھىندىلارنىڭ پىللارنى دالدا قىلىدىغان پىيادىلىرىنىمۇ ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ ئېغىر قوراللانغان رىتسارلىرىنىمۇ يەڭگەنىدى. چىڭگىزخان ۋە تېمۇر لەڭ رەھبەرلىك قىلغان ئاتلىق قوشۇنلار تاغ ـ داۋانلاردىن، ئورمانلاردىن ۋە سازلىقلاردىن ئۆتتى. شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، دۇنياۋى ئىستېلاچىلىق ۋە ئۈستۈنلۈك تالىشىش تەپەككۇرى ھېچقاچان مۇشۇ ئىستېلاچىلار دەۋرىدىكىدەك ئەمەلىيلىشىشكە يېقىن بولغان ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 2 ـ قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون بىرىنچى باب

## موڭغۇللارنىڭ ياۋروپاغا يۈرۈشى

چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ماتەم تۇ-تۇش بىلەن ئۆتتى. 1229 ـ يىلى مەرھۇم ئىمپېراتورنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان كەنجى ئوغلى تولى يېڭى ئىمپېراتورنى سايلاش ۋە دۆلەتنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي مەرھۇمنىڭ ئىرادىسى بويىچە چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەتاينى بۈيۈك ئىمپېراتور قىلىپ بېكىتتى. ئۆگەتاي قىرىق كۈنگىچە تەختكە ئولتۇرۇشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. تولى ھەرقايسى بەگلەر، سەركەردىلەر ۋە مۆتىۋەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ بىلەن قايتا-قايتا سۆزلىشىپ، بۇ شەخسەن چىڭگىزخاننىڭ تاللىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ماقۇل كەلتۈردى. يېڭى قاغاننىڭ ئالدىغا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى چاغاتاي كېلىپ باش قويدى. ئەسلىدە دانىشمەن ياللۇغ چۇساي باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا كۆندۈرگەنىدى.

چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئىككى يىللىق ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دەۋرى تىنچلىق ئىچىدە ئۆتتى، ئۆگەتاينىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىدىمۇ ھېچقانداق ئىچكى بۆلۈنۈش ياكى پارا-كەندىچىلىكلەر يۈز بەرمىدى. ئەنە شۇنىڭدىن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى نەقەدەر مۇستەھكەم ۋە تەۋرەنمەس مەمۇرىي تۈزۈم ئورناتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى-

لىرىنى قويۇپ، ئۆگەتاينى تەخت ۋارىسلىقىغا تاللىغانلىقىمۇ نا-
ھايىتى ئورۇنلۇق بولغان (موڭغۇللاردا ئەسلىي بۇنداق ئادەت يوق
ئىدى.) دەرۋەقە، ئۆگەتاي ئەقىل، خاراكتېر ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش قابىلىيىتى جەھەتلەردە ئۆز ئاكىلىرىنى بېسىپ چۈ-
شەتتى. ئۇ ئۆزى ھۆكۈم سۈرگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە
چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدىكى ئەڭ ئىنسانپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەر-
ۋەر ئىمپېراتور بولۇپ تونۇلدى.

چىڭگىزخان قالدۇرۇپ كەتكەن غايەت زور دۆلەت ئۇنىڭ ھا-
ياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا چوڭ خوتۇنى بۆرتەدىن تۇغۇلغان تۆت
ئوغلىنىڭ سانى بويىچە تۆت ئۇلۇسقا بۆلۈنگەنىدى. جۇچى ئالتاي-
دىن ئۇرالغىچە بولغان ئارىلىقتىكى غەربىي شىمال ئۇلۇسىغا
ئىگە بولدى. بۇ ئۇلۇس جەنۇبتا ئامۇ دەريا ۋە ئارال دېڭىزىغا تۇ-
تىشاتتى. چاغاتايغا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركىستاننىڭ
بىر قىسمى، ئافغانىستان، پېرسىيە (ئىران) ۋە كاۋكاز ئەتراپلى-
رىدىكى يەرلەر بۆلۈپ بېرىلدى. ئۆگەتاي موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي
قىسمىنى، جۇڭغارىيە ۋە تارىم ۋادىسىنى ئالدى. نايمانلارنىڭ زې-
مىنلىرى، موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمى، تاڭغۇت ئېلى ۋە جىن
دۆلىتىنىڭ بېسىۋېلىنغان قىسمى تولىنىڭ بولدى. خانزادىلەر
ئىمپېراتورنىڭ نائىبلىرى سۈپىتىدە ئۆز ئۇلۇسلىرىنى باشقۇردى.

چىڭگىزخاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە قوشۇنىدا جەمئىي 129
مىڭ كىشى بار ئىدى. بۇلاردىن 101 مىڭ كىشى، جۈملىدىن «مىڭ
باتۇر» دەپ ئاتالغان خىللانغان قوشۇن چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى
بويىچە تولىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. تولىغا بۆلۈپ
بېرىلگەنلەر ئىچىدە يەنە تۆت مىڭ كىشىلىك دەربە ـ ئويىرات
قوشۇنىمۇ بار ئىدى.

ئۇراجىنىڭ مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۇرۇشقا قاتناشماس-
تىن، بۇرخان خالدۇن تېغىدىكى چىڭگىزخاننىڭ مېيىتى كۆمۈل-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گەن يەرنى قوغدايتتى.

باشقا ۋارىسلارغا جەمئىي 28 مىڭ كىشىلىك قوشۇن قالدۇ-رۇلغانىدى. بۇلاردىن جۇچىغا بېرىلگىنى تۆت مىڭ كىشى ۋە ئۈچ بەگنىڭ باشقۇرۇشىدىكى توققۇز مىڭ تۇتۇندىن ئىبارەت بولىدى. كېيىن بۇلارغا يەنە «رۇس، چەركەس، قىپچاق، ماجار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ» ئۇرغۇنلىغان قوشۇنلىرى قوشۇلدى، — دەيدۇ تا-رىخچى رەشىددىن.

چوڭ قۇرۇلتايدا چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى ئورۇنداشقا تې-گىشلىك مۇنداق ئۈچ مۇھىم مەسىلە مۇھاكىمە قىلىندى: 1) شىمالىي جۇڭگونىڭ ئىشغالىيىتىنى تاماملاش؛ 2) ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىپ، شەرقىي ئىراننى ئىشغال قىلىۋالغان ۋە پېرسىيە تەختىگە ئولتۇرماقچى بولۇۋاتقان سۇلتان جالالىددىننى (مۇ-ھەممەدنىڭ ئوغلى) يوقىتىش؛ 3) ياۋروپاغا يۈرۈش.

بۇ چاغدا موڭغۇللارنىڭ جۇڭگودىكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى. مۇقالىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلار ئۇ يەردىكى چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان زېمىنلەرنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئاي-رىلىپ قالدى. جۇڭگوغا قارىتىلغان يېڭى يۈرۈشتە قوشۇنغا شەخسەن ئۆگەتاي ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئىقتىدارلىق ئىنىسى تولى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ تەجرىبىلىك سەپدىشى جە-بە نويانمۇ بۇ يۈرۈشتە بىللە بولدى. جۇرجىتلار دالادا كەينى-كەينىدىن يېڭىلگەن بولسىمۇ، شەھەرلەردە چىڭ تۇرۇپ مۇداپى-ئەلىنىشنى داۋاملاشتۇردى. سۇڭ دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈ-زۈلگەندىن كېيىن موڭغۇللار تېز غەلىبە قىلغىلى تۇردى ۋە چىڭگىزخاننىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلاشقا شارائىت ھازىرلاندى. 1235 ـ يىلى جىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلدى. جىن خانلىقى-نىڭ ئاز بىر قىسمى ئىتتىپاقداشلارغا بۆلۈپ بېرىلدى، قالغان قىسمى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېلىندى.

جۇرجىتلارغا قارشى ئۇرۇشتا موڭغۇللارغا پايدىلىق شارائىت
يارىتىلغاندىن كېيىن جالالىددىنغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى. بۇ
ئىش سەركەردە چەرماگونغا تاپشۇرۇلدى. ئۇ قولدىن كەتكەن زې-
مىنلەرنى ئانچە كۆچمەيلا قايتۇرۇۋالدى. مەغلۇپ بولغان جالا-
لىددىن كۇردلار ئارىسىغا قېچىپ باردى ۋە شۇلار تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلدى. كېيىن موڭغۇللار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى شىمالىي
ھىندىستانغىچە كېڭەيتتى. موڭغۇللاردىن بولغان سۇلتان بابۇر
دېھلى شەھىرىدە بۈيۈك موغۇلىستان خانلىقىنى قۇردى. ئەزەر-
بەيجان، كۇردىستان، كاۋكاز ۋە ئاناتولىيەنىڭ بىر قىسمىمۇ
موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلدى. ئەمدى ياۋروپانى
ئىشغال قىلىشتىن ئىبارەت ئۇچىنچى ۋەزىپىنى ئورۇنداش ۋاقتى
كەلدى.

1222 - ۋە 1223 - يىللىرى رۇسىيەگە قارىتىلغان ھۇ-
جۇملاردىن كېيىنلا شەرقىي ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش قارار قى-
لىنغانىدى. شۇنداقلا ياۋروپادا ئىشغال قىلىنغان زېمىنلەر جۇچى
ئۇلۇسىغا قوشۇپ بېرىلىدىغانلىقى بېكىتىلگەنىدى. جۇچى قازا
قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئۇلۇس ئۇنىڭ ئوغلى باتۇخانغا قالدى. شۇ-
نىڭ بىلەن ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسىدە باتۇخان ئاساس-
لىق رولنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. باتۇخاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ
بىر نەۋرە قېرىنداشلىرىدىن ئۆگەتاينىڭ ئوغلى گۈيۈك، تولىنىڭ
ئوغلى مۆڭكە ۋە چاغاتاينىڭ ئوغۇللىرى باندار بىلەن قادانمۇ بۇ
يۈرۈشكە قاتناشتى. باتۇخان باش قوماندان بولدى، ئىلگىرى
شەرقىي ياۋروپاغا بېرىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ شارائىتى بىلەن ئوبدان
تونۇش بولغان سۇبۇتاي ئۇنىڭ ياردەمچىلىكىگە تەيىنلەندى. ئال-
تۇن خانلىقتىكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، 1235 - يىلى چاقىرىل-
غان قۇرۇلتايدا يۇقىرىقىدەك قارار چىقىرىلغانىدى. بۇ قېتىمقى
يۈرۈشكە ئىككى يىل پۇختا تەييارلىق قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا رۇس كىنەزلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بوران ـ چاپقۇندىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز ئىچىدىكى ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۆرەشلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ئىت-تىپاقسىزلىقىدىن ئوبدان خەۋەردار ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ سۇبۇتاي باشقۇرىدىغان ئىشلىرى يېقىندىكى شەرقىي ياۋروپا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يىراق غەربكىمۇ ئۆز قولىنى سوزغانىدى. سۇبۇتاي ۋېنتسىيەلىكلەر ئارقىلىق ياۋروپا-دىكى ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىقلار بىلەن ئالاقە ئورناتقانىدى. پودپولكوۋ-نىك رېنكىنىڭ قارىشىچە، پاپامۇ ئۇنىڭغا ناتونۇش بولمىغان. «پاپا ئۆزىنىڭ بىتەرەپلىكىگە ئۈمىد باغلىغانمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئاسىيا تۈركلىرىنى خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈشكە يول قويۇلىدۇ دەپ ئويلىغانمۇ؟ ھەرھالدا ئۇ مۇقەددەس ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا بەكلا كېچىكتى».

بۇ ھەقتە كېيىن يەنە توختىلىمىز. شۇنداق قىلىپ موڭ-غۇللار رۇسىيەگە يۈرۈش ئۈچۈن پائال تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. گېنېرال ئىۋانىننىڭ قارىشىچە، باتۇخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەت-لىرى ۋە ئىشغالىيەتلىرى خۇددى ئۇنىڭ بوۋىسى چىڭگىزخاننىڭ غەلىبىلىرىدەك ياۋايىلارچە باتۇرلۇقتىن ياكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ياخشى تۈزۈلمىسى، تاكتىكىلىق تەييارلىقى، موڭغۇل قوماندان-لىرىنىڭ توغرا پىكىر قىلىشى، دۈشمەن توغرىسىدا ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانلىقىدىن بولغان. پىلانو كارپىنىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، موڭغۇللار ياۋروپانى 18 يىلدا ئىشغال قى-لىپ بولۇشنى مۆلچەرلىگەن. دېمەك، ياۋروپا توغرىسىدىكى مەلۇ-ماتلار ئالدىنئالا يىغىلىپ، ئۇرۇش پىلانى تۈزۈلۈپ بولغان. مۇ-شۇنىڭدىن قارىغاندا، رۇسىيەدىكى موڭغۇل ـ تاتار ھۆكۈمرانلىقى تەشكىللىك لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ نەتىجىسى ئىدى، دېيىشكە بو-

لىدۇ. بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ياۋروپا يۈ-
رۈشىنىڭ نىشان بەلگىلىگۈچىسى سۇبۇتاي ئىدى. بەزى يازغۇ-
چىلار مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ، سۇبۇتايىنى باتۇخاننىڭ ئەمەلىي
ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشقۇراتتى، دەيدۇ.

رۇسىيەگە يۈرۈش قىلغان قوشۇننىڭ سانى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈشتە 230 مىڭ جاننى سەپەرۋەر قىلغان. بۇ شۇ چاغدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى چىقىرالىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ چوڭ سان ئىدى. رۇسىيەگە ئاتلانغان قوشۇننىڭ سانىمۇ بۇنىڭدىن ئاشمىغان بولۇشى مۇمە-كىن. توغرا، شۇندىن بۇيان 71 يىل ئۆتتى. شۇنىڭدىن بۇيان ئىمپېرىيەنىڭ چېگرالىرى كېڭەيدى، ئاھالىسى كۆپەيدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقتىكى (جۇڭگو) ۋە جەنۇبتىكى (ئىران) چېگرالارنى ساقلاش ئۈچۈن نۇرغۇن لەشكىرىي كۈچنى ئاجرىتىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ھىندىستاندىن ئىبارەت بويسۇندۇرۇلمىغان قوشنىلار قار-شىلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى.

1236 ـ يىلى رۇسىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغان باتۇخان قوشۇنىنىڭ سانىنى 122 مىڭدىن 155 مىڭغىچە بولغان دەپ پە-رەز قىلىش مۇمكىن. بۇ سان رۇس كىنەزلىرىنىڭ تارقاق كۈچ-لىرى ئالدىدا يېتەرلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. باتۇخان قوشۇ-نىنىڭ كۆپ قىسمىنى جۇچى ئۇلۇسىدىكى مۇسۇلمانلار تەشكىل قىلاتتى. قوشۇندىكى ساپ موڭغۇللارنىڭ سانى ئومۇمىي ساننىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېتەتتى. لېكىن، قوماندانلىق ۋەزىپىسىدىكى موڭغۇللارنىڭ نىسبىتى خېلى يۇقىرى ئىدى، ئەلۋەتتە.

قوشۇن 1236 ـ يىلى باش باھاردا ئىرتىشنىڭ يۇقىرى ئې-قىنى ۋە غەربىي ئالتايدىن ئاتلىنىپ چىقتى ھەمدە شۇ يىلى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يوندا ۋولگا بويلىرىغا يېتىپ كەلدى. شۇ يەرگە كەلگەندە سۇبۇتاي بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ، كاما بۇلغارلىرىنى جازالاشقا ئاتلاندى. 1223 ــ يىلى جەبە بىلەن سۇبۇتاي قوشۇن تارتىپ بۇلغار چېگرالىرىغا يېقىن كەلگەندە ھوجۇمغا ئۇچراپ، كۆپ تالاپەت كۆرگەندى.

شۇ ئىش ئۈچۈن بۇ قېتىم ئۇلاردىن قاتتىق ئۆچ ئېلىندى. تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۇلغارلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. ئۇلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىنىڭلا قېچىپ كېتىشكە ئاتايىن يول قويۇلدى. ئۇلار موڭغۇللارنىڭ ئالدىدا قېچىپ، كاما بۇلغارلىرىنىڭ قىسمىتى ھەققىدىكى خەۋەرنى تارقىتىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. يوروشنىڭ بېشىدىكى بۇنداق شەپقەتسىزلىك يالغۇز ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى دۈشمەنلەرگە قورقۇنچ سېلىش ئۈچۈن ئىدى.

ھالبۇكى، بۇ ھەرىكەتنىڭ تەسىرى كۈتكەن يەردىن چىقمىدى. موڭغۇل قوشۇنلىرى رۇس كىنەزلىرىنىڭ زېمىنلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. باتۇخان تەسلىم بولۇش تەلىپىنى قويغاندا، كىنەزلەر خانزادە مەڭگۇ باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئەلچىلىرىنى قىرىپ تاشلىدى.

سۇبۇتاي بۇلغارلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان مەزگىلدە، باتۇخان ئاساسلىق قوشۇننى باشلاپ قىپچاق، بۇرتاس، موكشا، موردۋا ۋە چەركەسلەرنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 1237 ــ يىلىغا كەلگەندە، شۇ چاغدىكى رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي چېگرالىرىدىن ئىبارەت بولغان كاسپىي ۋە ئازوۋ دېڭىزلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى دالالارنى بېسىۋالدى. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ نەزەرىدە ئىنتايىن گۈزەل بولغان بۇ جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدا باتۇخان قوشۇنى پۈتۈن 1237 ــ يىلنى ئارام ئېلىپ ئۆتكۈزدى.

قىش كىرگەندە موڭغۇللار رەزان كىنەزلىكىنىڭ چېگراسى-

ـدىن بېسىپ كىردى. رەزان كىنەزلىرى ئۆز ۋەتەنداشلىرىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىدى. موڭغۇللار رەزانلىقلارنى دالادا قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، پرونسىك شەھىرىنى ئالدى. رەزان شەھە-رىمۇ ئالتە كۈنلۈك قامالدىن كېيىن، 1237 ـ يىلى 21 ـ دېكابىر كۈنى باتۇخان قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا تىز پۈكتى.

شۇنىڭدىن كېيىن باتۇخان شىمالىي رۇسىيەگە كەڭ كۆلەم-لىك يۈرۈشنى باشلىۋەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ رۇسىيەنىڭ يەر شارا-ئىتىنى ۋە ھاۋا رايى ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلىگەنلىكىنى چۈ-شەندۈرىدۇ، چۈنكى قىشتا بۇ جايلاردا قاتناش قولاي بولاتتى، يەنى دەريالار، كۆللەر ۋە سازلىقلار مۇزلاپ كېتەتتى، ئورمانلاردىن ۋە بەزى قاتناش يوللىرىدىن قىشتا ئۆتۈش ئاسان بولاتتى.

ئەگەر باتۇخان ئالدى بىلەن جەنۇبىي رۇسىيەنى تولۇق ئىـ-گىلەپ بولۇپ، ئاندىن شىمالىي رۇسىيەگە بارغان بولسا، نىسبە-تەن كۈچلۈكرەك بولغان شىمالدىكى كىنەزلەر ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋالاتتى، جەنۇبتىكى كىنەزلەر بولسا ئۇرۇشمايلا شىمالدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا چېكىنىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنداقتا، رۇسلار كۈچىيىپ، ئۇرۇش ئەتىيازغىچە سوزۇلۇپ كەتكەن بولات-تى. ئەتىيازدىكى پاتقاقچىلىق ئاتلىق قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەلۋەتتە. قىش-لىق يۈرۈشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قولايسىزلىقلىرى بولىدۇ. بۇنداق قولايسىزلىق ئاساسەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوقلۇقى ياكى يېتىشمەسلىكىدە كۆرۈلىدۇ. لېكىن، يېمەكلىك ۋە يەم ـ خە-شەكنى ئولتۇراق ئاھالىدىن ئېلىشقا بولاتتى.

شۇنداق قىلىپ باتۇخان رەزاننى ئالغاندىن كېيىن كولومنا-غا يۈرۈش قىلدى ۋە رۇسلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى. موڭغۇللار موسكۋانى كۆچىمەيلا ئالدى ـ دە، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى ھەمدە 1238 ـ يىلى 3 ـ فېۋرال كۈنى ئاستانە ۋىلادىمىر شەھە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

-رىگە كەلدى. تۆت كۈندىن كېيىن بۇ شەھەرمۇ ئېلىندى. باتۇخان رەزاندىن موسكۋاغا ۋە ئۇ يەردىن ۋىلادىمىرغا يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولغان سۇزدال دىيارىنىڭ بۈيۈك كىنەزى يۇرىينى ئوڭ تەرەپتىن قورشاپ، ئۇنىڭ شىمالدىكى نوۋگورود ۋە پىسكوۋ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىشىغا يول قويمىدى.

سۇزدال قوشۇنى شىمالدا تايانچقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن نۇر-غۇن يەرلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سىتى دەرياسى بويىغا كەلدى. لېكىن گېنېرال ئىۋانىن ئېيتقاندەك، «باتۇخاننىڭ تېزلىك ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئىلگىرىلىشى بۈيۈك كىنەزنىڭ مۆلچەرلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى». بۈيۈك كىنەز شۇ يەردىمۇ يەنە ئوڭ تەرەپتىن قورشىلىپ، 4 ـ مارت كۈنى ئەڭ قولايسىز شارائىتتا جەڭگە ئات-لىنىشقا مەجبۇر بولدى. سىتى دەرياسىدىكى جەڭدە رۇسلار ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى، ئۇلارنىڭ بۈيۈك كىنەزى ۋە قوماندانلىرىمۇ ئۆلدى. با-تۇخان ۋىلادىمىر شەھىرىنى ئالغاندىن تارتىپ سىتى دەرياسىدىكى جەڭگىچە بولغان ئارىلىقتا رۇسلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سۇزدال كى-نەزلىكىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىنى بېسىپ بولدى.

موڭغۇللارنىڭ سىتى دەرياسىدىكى غەلىبىسىدىن كېيىن تورژوك ۋە تۋېر شەھەرلىرىمۇ تېزلا تىز پۈكتى. باتۇخان بۈيۈك نوۋگورود شەھىرىگە يول ئالدى. لېكىن بۇ چاغدا قار ئېرىشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، نوۋگورودقا 200 چاقىرىمچە قالغاندا يەنە جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلدى.

باتۇخاننىڭ جەنۇبقا قايتا يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي خاتىرىلەر بەك ئاز. پەقەت كوزېلسك شەھىرىنىڭ قەھ-رىمانلارچە مۇداپىئە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بىر ھېكايەت بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، موڭغۇل قوشۇنى مۇشۇ شەھەردىن ئۆتكەن دې-يىشكە بولىدۇ. ئاندىن موڭغۇللار قىپچاق زېمىنلىرىگە ئىچكى-

-رىلەپ كىرىپ، دون دەرياسى بويلىرىدىن چىقتى.

باتۇخان قوشۇنلىرىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارمۇ بەك ئاز. ئەھۋالدىن قارىغاندا، باتۇخان شىمالىي رۇسىيەگە يۈرۈش قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ئۆز قو-شۇنلىرىنى جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدا ئىككى يىلغىچە دەم ئال-دۇرغان بولسا كېرەك. جەنۇبىي رۇسىيەنىڭ يەر ۋە كىلىمات شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغاچقا، ئۇ جايلاردىكى كىنەزلىكلەر-نى بويسۇندۇرۇش ئانچە تەسكە توختىمىغان بولسا كېرەك.

جەنۇبىي كىنەزلىكلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكلىرىدىن بىرى بولغان چېرنىگوۋ شەھىرىنىڭ قاچان ئېلىنغانلىقى يىلنامىلەردە خاتىرىلەنمىگەن. پەقەت موڭغۇللار بۇ شەھەرنى قامال قىلغاندا يوغان تاشلارنى ئاتقانلىقىلا مەلۇم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، جەنۇبىي رۇسىيەنى ئىشغال قىلىشتا باتۇخان ئاۋۋال گلۇخوۋ بىلەن چېر-نىگوۋنى ئالغان، ئاندىن پېرېياسلاۋل بىلەن كىيېۋكە بارغان.

1240 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنلىرى كىيېۋ شەھىرىگە يې-قىنلاپ كەلدى. «رۇس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر ئېلىنسا، ئوتتۇرا ياۋروپاغا يول ئېچىلاتتى. 1240 ـ يىلى (بەزى تارىخچىلار 9 ـ ماي، يەنە بەزىلەر 6 ـ دېكابىر دەيدۇ) كى-يېۋ كۆچمەنلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. شەھەر خارابىلىك-كە ئايلاندى، ئاھالىسى قىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭ-غۇللار گالىتسىيە كىنەزلىكلىرىنى ئىشغال قىلىپ، كارپات تاغ-لىرىغا يۈزلەندى.

باتۇخان رۇس كىنەزلىرىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارغا سىلىق سىلاپ، ئۇلارنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ياۋروپانىڭ قالغان قىسمىنى ئىستېلا قىلىشتىن ئىبارەت زور ھەرىكەتنى باشلاش ئىمكانىيە-تىگە ئىگە بولدى. سىياسىي ۋەزىيەت بۇنداق ھەرىكەتنى باشلاشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تازا ماس كەلمەكتە ئىدى، چۈنكى بۇ چاغدا ياۋروپا ئەللىرى تۇ-گىمەس جەڭ - ئۇرۇشلار بىلەن بىر - بىرلىرىنى ۋەيران قىل-ماقتا ئىدى.

باتۇخان باشقۇرغان لەشكىرىي كېڭەشتە كارپات تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ياۋروپاغا ئىچكىرىلەپ كىرىش قارار قىلىندى. بۇنداق بېسىپ كىرىشكە باھانە بار ئىدى. قىپچاقلارنىڭ ھۆكۈمدارى كۆن 40 مىڭ كىشىلىك قالدۇق قوشۇننى باشلاپ ۋېنگىرىيەدە پا-ناھلانغانىدى. موڭغۇللار قىپچاقلارنى ئۆزلىرىنىڭ سىلىق تۆلە-گۈچىسى ۋە قۇللىرى دەپ ھېسابلايتتى. باتۇخان ۋېنگىرىيە پا-دىشاھى بېلا IV گە ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇپ، قىپچاقلارنى ئۆزىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە بۇ تەلەپ ئورۇندالمىسا ئۇرۇش باشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بېلا بۇ تەلەپنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىشنى قورال كۈچى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا يول ئېچىلدى. موڭغۇللار ئۆز قوراللىرىنى ۋېنگىرىيە-گە، قوشنا دۆلەتلەرگىمۇ ئىشلەتتى، چۈنكى يان تەرەپلەردە غەيرىي دوستانە قوراللىق كۈچلەرنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىغا يول قو-يۇشقا بولمايتتى.

موڭغۇللار كىيېۋنى ئالغاندىن كېيىن رازۋېدكا ۋە بۇلاڭچى-لىق مەقسەتلىرىدە پولشاغا ئۆز قوشۇنلىرىنى كىرگۈزۈپ تۇرغا-نىدى. 1240 - يىلى بىر قېتىم موڭغۇل قوشۇنلىرى لىيۇبلىن شەھىرىگىچە بېرىپ ئولجا ئېلىپ، گالىتسىيە ئارقىلىق كىيېۋ-گە قايتقانىدى. موڭغۇللارنىڭ يەنە بىر قوشۇنى ساندومىر شەھى-رىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغاندىن كېيىن كراكوۋغا يېقىنلاپ بار-دى، لېكىن ئۇ يەردە ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوڭ تەرەپتىكى قوشۇننى كۈچەيتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا كۈچلۈك ئىككى قوشۇن سەپەرۋەر قىلىندى، ئۇلارنىڭ بىرى پولشاغا، يەنە بىرى سىلېزىيە ۋە موراۋىيەگە ئاتلاندى. سول تەرەپ-

نىمۇ كۆچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر قوشۇن ترانسلۋانىيە ئارقىلىق يولغا سېلىندى. شەخسەن باتۇخاننىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاساسلىق كۈچلەر كېيىۋ ئەتراپىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ، كارپات تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ قىسقا يول بىلەن بۇداپېشتقا يۈرۈش قىلدى. يان تەرەپلەردىكى قوشۇنلار ئاساسلىق قوشۇننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئوڭايلىق يارىتىشى كېرەك ئىدى. ۋېنگرىيەدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ پەيتىگە كەلگەندە يان تەرەپلەردىكى قوشۇنلار ئاساسلىق كۈچلەرگە قوشۇلۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى. خانزادە باندارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇن شىدلوۋ شەھىرىگە يېقىن جايدا پولياكلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار كراكوۋ شەھىرىنى ئېلىپ ئوت قويۇۋەتتى ۋە ئودېر دەرياسىدىن ئۆتۈپ، برېسلاۋلغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ يەردىكى ئاھالە شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپ چىقىپ كەتتى، لېكىن شەھەر ئىچىدىكى قەلئە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. باندار كاتسباخ دەرياسى بويىدا نۇرغۇن قورallıq كۈچلەر توپلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، برېسلاۋل قەلئەسىنىڭ مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە قول ئاستىدىكى ئىككى قوشۇننى بىرلەشتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ يېڭىدىن توپلانغان 30 مىڭ كىشىلىك دالا ئارمىيەسىگە قارشى ئاتلاندى. 1241 ـ يىلى 9 ـ ئاپرېل كۈنى لىگنىتس شەھىرىگە يېقىن جايدا بولغان شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن گېرمان ۋە پولياك بىرلەشمە رىتسارلىرىنىڭ شان ـ شەرىپى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى، لېكىن موڭغۇللارمۇ ئېغىر تالاپەت كۆردى. غەلىبە ئاخىر باندارغا مەنسۇپ بولدى. ئەسلىدە جەڭ داۋامىدا رىتسارلار يېڭىپ كېتىشكە تاس قالغانىدى. لېكىن موڭغۇللار ھودۇقماستىن، ھىيلە ئىشلىتىپ، غەلىبىنى ئۆز تەرىپىگە ئاغدۇرۇۋالدى. بۇ ۋەقەنى خاتىرىلىگەن پولشا ۋە گېرمان يىلنامە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىلىرى بۇنداق ھىيلە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا بەكلا ھەيران بولۇشقان، چۈنكى ياۋروپالىقلار بۇنداق جەڭ ئۇسۇلىنى قەتئىي بىلمەيتتى، لېكىن موڭغۇللار ئۈچۈن بۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى. بۇ يالغاندىن قېچىپ، دۈشمەننى ئالداش ئۇسۇلى ئىدى. دۈشمەنلەر يالغاندىن قاچقانلارنى قوغلاپ، سەپلىرى چېچىلىپ، تارقىلىپ كەتكەندە، موڭغۇللار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى. لىگنىتس ئەتراپىدا موڭغۇللارنىڭ رىتسارلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، بۇ جەڭدە ئاسىيا ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ غەربىي ياۋروپانىڭ ئۇرۇش سەنئىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، چۈنكى موڭغۇللار ئاسىيادا، رىتسارلار غەربىي ياۋروپادا بىرىنچى ئىدى. بۇ غەلىبە موڭغۇللارنىڭ پۈتۈن غەربىي ياۋروپانى بېسىۋالالايدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

شۇنداق قىلىپ پولشا ۋە ئۇنى قوللىغان گېرمان تېۋتون گورۇھى باتۇخان دۈشمەنلىرىنىڭ تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىلدى. موڭغۇللار لىگنىتس ئەتراپىدىكى جايلارنى ۋەيران قىلىپ، موراۋىيەگە بېسىپ كىردى ھەمدە ئوت ۋە قىلىچ بىلەن ئىلگىرىلەپ، چېخىيە چېگرالىرىغا يەتتى. چېخىيە پادىشاھى ۋېنسسلاۋ دالىدا جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۆز دۆلىتىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چېخلارنىڭ قولىدا قالغان بىرنو ۋە ئولوموئۇس شەھەرلىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى باتۇر سەركەردە ياروسلاۋغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. دەرۋەقە، ياروسلاۋ بۇ شەھەرلەرنى قولدىن بەرمەي قاتتىق جەڭ قىلدى. لېكىن موڭغۇللار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تېز ھەرىكەتلىنىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش پىرىنسىپى بويىچە، تەسلىم بولمىغان شەھەرلەرنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ۋېنگرىيەنىڭ نەق يۈرىكىگە يېتىپ بارغان باتۇخاننىڭ ئاساسلىق كۈچلىرىگە قوشۇلدى.

پادىشاھ بېلا ئالدىراپ ـ تېنەپ يىغىلغان قوشۇنلىرى بىلەن بۇداپېشت شەھىرىگە بېكىنىۋالدى. بۇداپېشت ئەينى دەۋردە ئىنـ ـتايىن مۇستەھكەم قەلئە بولۇپ، ئۇنى ئېلىش ئۇچۇن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ قۇربان بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ۋاھالەنكى، موڭغۇللار ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بۇنداق بىر مۇستەھكەم قەلـ ـئەنى قالدۇرۇپ قويسا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار قەلئەنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى ئالداپ تۈزلەڭگە چىقىرىشى كېرەك ئىدى. موڭغۇللار ۋېنگىرىيە پايتەختىنىڭ سېپىللىرى ئەتراپىدا ئىككى ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ لەشكىرىي ئىشلاردىكى ئالداش ئۇسۇللىرىدىن بىرنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى سىرتقا چىـ ـقاردى. سايو دەرياسى بويىدا بولۇپ ئۆتكەن ھەل قىلغۇچ جەڭدە موڭغۇللار يەنە بۇرۇنقىدەك يان تەرەپتىن قورشاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ۋېنگىرىيە قوشۇنىنى يوقاتتى. 65 مىڭ كىشىلىك خورۋات ــ ۋېنگىر قوشۇنلىرىدىن 65 مىڭ ئادەم ھاياتىدىن ئايـ ـرىلدى. پادىشاھ دالماتسىيەگە قېچىپ قۇتۇلدى.

شۇ غەلىبىدىن كېيىن بۇداپېشت موڭغۇللارنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالدى ۋە دەھشەتلىك تالان ـ تاراج قىلىنىپ، ئاھالىسى قىرىپ تاشلاندى، شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىلدى. قاچقان ۋېنگىرىـ ـيە پادىشاھىنى قوغلاشقا قادانىڭ قوشۇنى ئەۋەتىلدى. قوشۇننىڭ باشقا قىسىملىرى ۋېنگىرىيەنىڭ كەڭرى يايلاقلىرىدا ئوتلاشقا توختىدى. شۇنىڭ بىلەن قىش ئۆتكۈچە ئۇلار ۋېنگىرلەرنىڭ قوـ ـلىدا قالغان ئاخىرقى شەھەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلىپ بولدى.

پادىشاھ بېلا زاگرېبتا موڭغۇللارغا قارشى كۈرەش ئۇيۇشتۇـ ـرۇش بىلەن ئون ئاينى ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغلاردا خورۋاتىيە ۋە دالماتسىيەنىڭ بىر قىسمى ۋېنگىرىيەنىڭ تەۋەلىكىگە كىرەتتى. بېلا پۈتۈن غەربىي ياۋروپاغا، يەنى پاپاغا، گېرمان پادىشاھى فرىدرىخ II گە، چېخىيەگە، فىرانسىيەگە ۋە ئىتالىيەگە ئەلچىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرنى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى، لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت پاپالا ئاۋاز قوشتى. ئۇ ھەر ياقلارغا مەكتۇپ يوللاپ، پادىشاھ بېلانى قوغداش ئۇچۇن قولىغا قورال ئالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ گۇناھى مەغ-پىرەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

قادان قوشۇنى 1241 ـ يىلى روژدېستۋاغىچە مۇز قاتقان دونايدىن ئۆتۈپ، بېلانىڭ ئىزىغا چۈشتى، ئاجايىپ تېزلىكتە سلاۋونىيە ۋە خورۋاتسىيەنى باستى ۋە زاگرېبنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا پادىشاھ بېلا زاگرېبتىن قېچىپ كەتكەنىدى. قادان قاچ-قان پادىشاھنى دالماتسىيەنىڭ كىلىس قەلئەسىگە يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ، شۇ قەلئەنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن بېلا بۇ چاغدا قوشنا قەلئە تروگىردا ئىدى. موڭغۇللار شۇ قەلئە-گە بىر جارچىنى ئەۋەتتى، ئۇ خورۋات تىلىدا مۇنداق دەپ ۋارقى-رىدى: «يېڭىلمەس قوشۇننىڭ سەركەردىسى باتۇخان سىلەرگە شۇنى ئالاھىدە ئۇقتۇردۇكى، سىلەر ئۆزۈڭلەرگە قېنى قوشۇل-مايدىغان يات پادىشاھنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى قوغدىماڭلار، ئۇلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار جازادىن قۇتۇلۇپ، بىھۇدە ھالاك بولمايسىلەر». بۇ چاغدا پادىشاھ بېلا قو-رۇقلۇقتا ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمەي، كېمە بىلەن ئادرىئاتىك دېڭىزىدىكى كىچىك ئاراللارغا بېرىپ پاناھلاندى. قادان كىلىسنى ئالغاندىن كېيىن تروگىرگە تېگىش قىلماس-تىن، كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ ماڭدى. ئۇ ئىمپېراتور ئۆگە-داينىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بىر تارماق قوشۇننى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى باتۇخاننىڭ يېنىغا كەت-تى. بۇ تارماق قوشۇن سېربىيەنىڭ دېڭىز بويىدىكى سۋاچ ۋە درىۋاست شەھەرلىرىگە ئوت قويۇپ، يەنە راگۇزۇ ۋە كاتتارو شە-ھەرلىرىنىمۇ ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوسنىيەنىڭ بىر قىس-مىنى قۇرۇقداپ، ئالبانىيە، سېربىيە ۋە بۇلغارىيەدىن ئۆتۈپ، با-

توخانغا قوشۇلدى.

قىشلاش مەزگىلىدە ئاساسلىق قوشۇندىن يەنە بىر تارماق قوشۇن ئايرىلىپ، ئاۋستىرىيەگە ئەۋەتىلدى. ئاساسەن رازۋېدكا مەقسىتىدە يولغا چىققان بۇ قوشۇن نېيشتات شەھىرىگىچە بېرىپ، ۋېيېنناغا ئازلا قالدى. ئاندىن بۇ تارماق قوشۇن ئاساسلىق قوشۇنغا چاقىرىۋېلىندى. ئاساسلىق قوشۇن قىشنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇلغارىيەگە كىردى. شۇ يەرگە كەلگەندە قادانىڭ تارماق قوشۇنى ئاساسلىق قوشۇنغا كېلىپ قوشۇلدى. باتۇخان شەخسەن ئۆزى قوشۇن تارتىپ، ئوستروگون، بېئوگراد (بېلگراد)، ۋېسپرىم ۋە جۇر شەھەرلىرىگە زەربە بەردى. بۇ ۋەقەلەر 1242 ـ يىلى بولغان.

باتۇخان شۇ يەرلەردە يۈرگەندە، ئىمپېراتور ئۆگەتاينىڭ 1241 ـ يىلى قازا قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ خانزادىلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ياۋروپادىكى بېسىۋېلىنغان دۆلەتلەر ۋە نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەرنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. كېڭەش بىر ئېغىزدىن قارار ماقۇللاپ، باتۇخان يېڭى ئىمپېراتور سايلىنىدىغان قۇرۇلتايغا بارماقچى، بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز خەلقىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ھەممە ئەسىرلەرنى قىرىپ تاشلاپ، قوشۇننى جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى. كېيىن بۇ قارار ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

باتۇخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۈتۈن قوشۇن دوناي دەرياسى بويىغا يىغىلىپ، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ جاينىڭ تاللىنىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن لەشكىرىي كېڭەشتە مولداۋىيە بىلەن بۇلغارىيە باتۇخان ئۇلۇسىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي چېگراسى قىلىنىدىغانلىقى بېكىتىلدى. چىڭگىزخان جەمەتىدىن بولغان سەركەردە نوغاي بۇ يەرلەرنى باشقۇرۇشقا قال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇرۇلدى. 1248 ـ يىلى سىربىيەمۇ نوغاي ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ ۋەقەلەر موڭغۇل ئىستىلاچىلىق تارىخىدىكى ئەڭ يارقىن سەھىپىلەردىن بولۇپ قالدى. بۇ ۋەقەلەردىكى ئاساسلىق ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى تۆت ـ بەش ئايدىلا تاماملاندى. ئەنە شۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پولشا بىلەن ۋېنگرىيەدىن ئىبارەت ياۋروپادىكى ئىككى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى يوقىتىلدى، چېخىيەنىڭ قوشۇنى پالەچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇلدى. 1241 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشلاردىن ئايان بولدىكى، ياۋروپا قوشۇنلىرى پەقەت تولپىلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلىنىلا بىلەتتى، ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى لەشكىرىي ئىشلاردىكى بىلىملىرى پىشمىغان ئادەملەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يۇرۇشلەردە چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، تەجرىبىلىك قوماندانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ھەرىكەتچان موڭغۇل قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمىدى.

موڭغۇللار غەربىي ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغاندا چىڭگىزخاننىڭ ئىستراتېگىيەسى بويىچە قارشى تەرەپنىڭ كۈچلىرىنى پارچىلاپ، بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. يەنە كېلىپ رۇسىيەدىمۇ، پولشادىمۇ بۇنداق ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەت قوللىنىشقا شارائىت بار ئىدى، چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن مۇداپىئە تۈزۈلمىسى يوق ئىدى. رۇسىيەدە تەپرىقىچى كۈچلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، كىنەزلەر ئۆز يۇرتلىرىنىڭ دەخلىسىز خوجايىنلىرى بولۇۋالغانىدى. ئۇلاردا دۆلەتنى، مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئېڭى يوق ئىدى. پولشامۇ ئاشۇنداق بۆلۈنمە ھالەتتە ئىدى.

بۈيۈك خان ئۆگەتاي قازا قىلغاندىن كېيىنكى ئىشلار تۇغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى. يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك، ئۆگەتاي مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ

مۇنداق دېگەنىدى: «ھۆكۈمدار ماددىي بايلىقنى بېرىلمەسلىكى كې-رەك. بۇنداق بايلىقلار ئارتۇقچە نەرسە، چۈنكى ئادەم ئۇ دۇنيادىن قايتىپ كېلەلمەيدۇ. پادىشاھ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۆز پەزىلى-تىنىڭ بايلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك.» ئۆگەتاي ئۆزى-نىڭ بۇ سۆزلىرىگە باشتىن ـ ئاياغ ئەمەل قىلدى.

ئۆگەتاينىڭ تۇل قالغان خانىشى تۇراكا ۋاقىتىنچە ئىمپېرىيە ھوقۇقىنى تۇتقان بولۇپ، ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى تۈپەيلىدىن بوش قالغان تەختكە نامزات كۆرسىتىش ئىشىدا ئاۋارىگەرچىلىك كۆرۈلدى. باتۇخان بۇ ئىشقا ئارىلىشىشتىن ئۆزىگە پايدا چىقماي-دىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قۇرۇلتايغا قاتنىشىشتىن باش تارتتى ھەمدە ۋولگا يايلاقلىرىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالغان ئۇلۇسىنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. مۇسۇلمان بىناكارلار تەرىپىدىن سېلىنغان ساراي شەھىرى (ھا-زىرقى ئاستراخاندىن يىراق بولمىغان يەردە) ئالتۇن ئوردىنىڭ ئاستانىسى بولدى.

ئىمپېراتورنى سايلايدىغان قۇرۇلتاي 1246 ـ يىلى ئۆتكۈ-زۈلدى. تۇراكانىڭ خاھىشى بويىچە ئۆگەتاينىڭ ئوغلى گۈيۈك تەختكە ئولتۇردى ۋە ئاران ئىككى يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ قازا قىلغاندىن كېيىن، 1248 ـ يىلى يەنە تەختكە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۇغۇلدى. ئەمدى بۇ ئىشقا باتۇخان ئارىلاشتى. ئۇ ئو-نون دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن قۇرۇلتايغا شەخسەن ئۆزى قە-دەم تەشرىپ قىلىپ، مەرھۇم تولىنىڭ ياۋروپا يۈرۈشىگە قاتناش-قان چوڭ ئوغلى مۆڭكەنى تەختكە چىقاردى.

چىڭگىزخان جەمەتى ئىچىدە باتۇخاننىڭ يۈزى چوڭ بولۇپ، مۆڭكەنىڭ سايلىنىشىدا ئۇنىڭ تەسىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوي-نىغان. بۇنى مۆڭكەنىڭ ۋىلگېلىم رۇبرۇك بىلەن كۆرۈشكەنىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ: «قۇياش پۈتۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەر ـ جاھاننى يورۇتىدۇ، باتۇخان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىمىزمۇ ھەممە خەلقلەرگە تارقىلىدۇ. بىز بىر باشتىكى ئىككى كۆز. كۆز ئىككى بولسىمۇ، بىر نۇقتىغا قارايدۇ».

باتۇخان 1256 ـ يىلى قازا تاپتى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئوغلى سارتاقمۇ بۇ دۇنيادىن كەتتى. 1258 ـ يىلى باتۇخاننىڭ ئىنىسى بەركە تەختكە چىقتى. ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى خان بولۇپ قالدى.

مۆڭكەنىڭ بۈيۈك خان بولۇپ سايلىنىشى ناھايىتى مۇۋاپىق بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ئىچكى جەھەتتە مۇستەھكەملىنىپ، سىرتقا كېڭەيدى. مۆڭكە ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردىكى جەنۇبىي جۇڭگودا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش توغرىسىدا سەككىزىنچى بابتا سۆزلەنگەنىدى. بۇ ئۇرۇش مۆڭكەنىڭ ۋارىسى بولغان ئىنىسى قۇبلاينىڭ دەۋرىدە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن ئاياغلاشتى.

مۆڭكە خان شەرقتە ئۇرۇش قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئى-نىسى ھۇلاگۇغا ئوتتۇرا شەرقنى بويسۇندۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپ-شۇردى. ھۇلاگۇ شۇ مەقسەتتە پۇختا تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن 1252 ـ يىلى يۈرۈشكە ئاتلاندى.

ھۇلاگۇ ئالدى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى يوقاتتى (1256ـ، 1257 ـ يىللىرى) ۋە باغداد خەلىپىلىكىنى ئىشغال قىلدى. سۈرىيەنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان ناسىر ـــ سالاھىددىننىڭ پەيەۋرىسى 1259 ـ، 1260 ـ يىللىرى ئارىلىد-قىدا ھۇلاگۇغا بويسۇندى.

قۇبلايخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى(1260 ـ، 1295 ـ يىلـ-لىرى) تارىخچىلار موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تېررىتورىيە ياۋروپانىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ۋە ئاسىيانىڭ

ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى دۇن-يانىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. قۇبلايخان خانبا-لىقنى، يەنى ھازىرقى بېيجىڭنى ئىمپېرىيەنىڭ ئاستانىسى قىلدى.

قۇبلايخان دەۋرىدە موڭغۇلىيەگە بۇددا دىنى تارقىلىپ كىر-دى. چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى ئىچىدە قۇبلايخان بىرىنچى بو-لۇپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى موڭغۇلى-يەدە شامان دىنى بار ئىدى.

دۇنيا تارىخىدا بۇنداق ھەيۋەتلىك چوڭ دۆلەت كۆرۈلۈپ باق-قان ئەمەس. بۈيۈك ئالېكساندىر ۋە ناپولېئوننىڭ پۈتۈن دۇنيانى ئېلىش غايىسىنى موڭغۇللار قۇبلايخان دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشۇرغىد-لى ئازلا قالغانىدى. موڭغۇل دۆلىتىنىڭ سىياسىي پائالىيەت دائىرىسى 13 - ئەسىردىكى بۈيۈك موڭغۇل قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەركىبىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قۇرۇلتايلارغا موڭغۇل بەگ-لىرىدىن باشقا يەنە رۇسلارنىڭ بۈيۈك كىنەزلىرى، گىرۇزىن ۋە ئەرمەن پادىشاھلىرى، سالجۇقلارنىڭ سۇلتانلىرى، كىرمان ۋە موسۇل ئاتابەگلىرى ۋە باشقىلار قاتناشقان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مەمۇرىي خىزمەتلەر ۋە سودا - تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر موڭغۇل ئاستانىسىگە كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

قۇبلايخان ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر لەشكىرىي ئىشلاردىكى مۇ-ۋەپپەقىيەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقى، شۇنداقلا پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىمپېراتور قانلىق ئىشقا كىرىش-تۈرۈلدى. ئىمپېراتور ئۆزىگە قارام بولغان خەلقلەرگە ئىنسانى-پەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ يېقىن ۋارىسلىرى دەۋرلىرىدە موڭغۇللارنىڭ «ئاسىياچە» مەدەنىيىتى ھېچقايسى جەھەتتە ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن كېيىن تۇرمىدى،

ئەكسىچە بەزى جەھەتلەردە، مەسىلەن لەشكىرىي ئىشلار تۈزۈل-مىسى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىدە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى خېلى زور دە-رىجىدە بېسىپ چۈشتى.

قۇبلايخان ئېھتىمال پۈتۈن ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش ئىشى-نى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، 1274 - يىلى يا-پونىيەنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن سۇسىما بوغۇ-زىدا قارا بوران چىقىپ، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ كېمىلىرى ۋە قو-شۇنلىرى بىراقلا ھالاك بولدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ يەنە بىر يوشۇرۇن ئاجىزلىقى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ چېگرالىرى ئەسلىدىكى ماكانلىرىدىن بەكلا يىراقلاپ كەتتى. كۆرگىنىمىزدەك، باتۇخان ياۋروپادا چەكسىز كېڭىيىش خاھىشىنى تىزگىنلىدى. ئەكسىچە، ئاسىيادا چىڭ-گىزخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى دەسلەپكى ئون يىل جەريانىدا موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي چېگرالىرىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى(ئىران، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە باشقا يەرلەرگە.)

قۇبلايخاندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ كۈچ - قۇدرىتى تەدرى-جىي ئاجىزلاشقا باشلىدى. 1369 - يىلى جۇڭگو ئىمپېرىيە تەر-كىبىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇۋالدى. 1380 - يىلى موسكۋا كىنەزى دىمىترىي دونسكوي كۇلكوۋ ئۇرۇش مەيدا-نىدا تاتارلارنى تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەمدە مەغلۇپ قىلدى. رۇسلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ غەلىبىسى بىلەن گەرچە موڭغۇل ھۆ-كۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى ۋە كەلگۈسىدىكى ئازادلىقتىن ئۈمىدلەندى.

ئىمپېرىيەنىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇلۇس ھاكىملىرىنىڭ مەر-كىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بولۇش خاھىشلىرى كۈچەيدى. ۋ.بارتولدنىڭ پىكرىچە، بۇنداق بۆلۈنۈش كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي بىرلىكى بولغان ئۇرۇق بىر-

لىكىنىڭ بۆلۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇرۇق مۇلۇكچىلىكى چۇشەنچىسى دۆلەت تۈزۈلمىسىگە كۆچۈرۈپ كېلىندى. دۆلەت پۈتۈن خان ئۇ-رۇقىنىڭ مۇلۇكى ھېسابلىناتتى. ئۇرۇقنىڭ دائىرىسى كېڭە-يىپ، ئۇنىڭ ئايرىم ئەزالىرى باشقىلارغا ئېھتىياجلىق بولمى-غاندا ئۇرۇقنىڭ بىرلىكى سۇسلىشىدۇ. ھەرقايسى خانزادىلەر ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى زېمىنلەرنى باشقا ئۇرۇقداشلىرى-نىڭ ياردىمىسىز ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇلار چىڭ-گىزخاندەك قۇدرەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق شەخس تەربىيىدىن تىزگىن-لەنمىگەن بولغاچقا، بارا ـ بارا مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ خوجاينى-لىرى بولۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.»

موڭغۇل تارىخىدىكى «ئۇلۇسلار دەۋرى» ئەنە شۇنداق باشلان-دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېرىيە باشتا پارچىلاندى، ئاندىن گۇمران بولدى.

ئېھتىمال موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان دالالاردا «يايلاق خوجايىنى» بولۇپ تۇرۇۋەرگەن بولسا بۇنداق ئاقىۋەت كې-لىپ چىقماس ئىدى. كېيىن موڭغۇل خانلىرىنىڭ بۇ تېررىتورى-يەسى «ئاق پادىشاھ»نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر شۇ يەرلەر-گە ۋە ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرگە(موڭغۇلىيەدىن باشقا) سوۋېت ئىتتىپاقى ئىگىدارلىق قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلگى تارىسى

ئون ئىككىنچى باب

# موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرى

يۈز يىل ئىلگىرى رۇسىيە ئىمپېراتور پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم «موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرى» تېمىسىدا مۇكاپاتلىق ئىلمىي مۇھاكىمە ئۆتكۈزدى. رۇس تارىخچىلىرىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان نەتىجە شۇ بولدىكى، مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا رۇسىيەدىن ئاران بىرلا ماقالە سۇنۇلغان بولۇپ، ئۇمۇ تېخى گېرمان تىلىدا يېزىلغان. يەنە كېلىپ، شۇ بىر ماقالىمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدى. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بەك ئاز بولدى. پەقەت يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان بىر قىسىم تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. لېكىن بۇلاردىمۇ مەزكۇر تېما تولۇق يورۇتۇلمىدى.

مېنىڭ بۇ ئەمگىكىممۇ موڭغۇل ئىستىلاسىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە قارىتىلىدۇ.

ئەينى دەۋردىكى موسكۋا رۇسىيەسى بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر كىچىك ئۆلكىسى، جۇچى ئۇلۇسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ۋاھالەنكى، جۇچى ئۇلۇسى چىڭگىزخان ئىمپېرىيەسىنى تەشكىل قىلغان تۆت چوڭ ئۇلۇسنىڭ بىرى ئىدى. تەخمىنەن ئۈچ ئەسىرگىچە شەرقىي رۇسىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولدى. بۇ ھال رۇسىيەنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە دۆلەت

خاراكتېرىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى، چۈنكى رۇسىيە موڭغۇل دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە يېرىم ئاپتونومىيەلىك بىرلىك سۈپىتىدە قوشۇلۇش بىلەنلا قالماي، ئالتۇن ئوردا خانلىرى تەرىپىدىن چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلار توپلىمى بولغان ياساق ئاساسىدا باشقۇ-رۇلدى. رۇسىيەنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىگى ۋە چوڭ دۆلەتلىك ئورنى دەسلەپتە ئاشۇ ياساق ئاساسىدا تىكلىنىشكە باشلىغان.

چىڭگىزخان جۇڭغارىيەدىن ئۇرالغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ ئايىغى يەتكەن يەرلەرنى» چوڭ ئوغلىغا بەردى.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، جۇچىنىڭ ئوغلى باتۇخان بۇ خانلىقنى دوناي بويلىرىغىچە كېڭەيتتى ۋە ئىمپېرىيەنىڭ غەربىي قىسمىدا ساراي شەھىرىنى ئاستانە قىلدى، خۇددى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا خانبالىق شەھىرى ئاستانە قىلىنغاندەك. شۇ-نىڭ بىلەن، بۇ بۈيۈك موڭغۇل خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈن ياۋروپا ۋە ئاسىيا تۇزلەڭلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇ ئارقىلىق موڭغۇللار تەسىرىنىڭ سىياسىي - جۇغراپىيەلىك پۈتۈنلۈكى باشلاندى.

يېڭى زېمىنلەر بىلەن كېڭەيگەن قىپچاق خانلىقى كېيىن «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇ خانلىقنىڭ زېمىنلىرى ۋە شۇ يەرلەردە ياشىغۇچى موڭغۇل - تۇران خەلقلىرى موسكۋا پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. ئىلگىرى موڭغۇللار خان سايلانغان بىرىنچى كۈنى ئاق بايراق چىقىراتتى. «ئاق ئوردا»، «ئاق بايراق» دېگەن ناملار ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىق-قان. ئەمدى موسكۋا پادىشاھىمۇ خەلقنىڭ نەزەرىدە يەنە شۇ ئاق ئوردىنىڭ ئاق پادىشاھى بولۇپ قېلىۋەردى. رۇسىيەدىكى قال-ماقلار ۋە بۇرياتلارنىڭ، ھەتتا جۇڭگودىكى موڭغۇللارنىڭ يۇرتلى-رىغا بېرىپ باققان ھەرقانداق ئادەم بۇ خەلقلەرنىڭ رۇس ئاق پا-

www.uyghurkitap.com

دىشاھىنى قانچىلىك ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى كۆرەتتى. لېكىن رۇسىيە ھاكىممۇتلەقلىرىنىڭ سىياسىتى ئاسىيادىن يۈز ئۆرۈپ، «بۈيۈك ياۋروپا دۆلىتى» بولۇشقا قارىتىلدى.

موڭغۇللار كېلىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان رۇسلار، بالتىق دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىدىكى كىنەزلىكلەر بۈيۈك كىيېۋ كىنەزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىنلا ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر دۆلەت ئەمەس ئىدى. بۇ يەرلەردە ياشىغان سلاۋيان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلگەن رۇس خەلقى دېگىلى بولمايتتى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ كىنەزلىكلەر ۋە قەبىلىلەر بىرلىككە كېلىپ، باشتا موسكۋا پادىشاھلىقىنى، ئاندىن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بۇ مۇبالىغە ياكى خىيالىي توقۇلما ئەمەس، بەلكى تارىخىي پاكىت. بۇنى بىزدىمۇ ۋە چەت ئەللەردىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغانلار بار.

خ.لىم باتۇخاننىڭ رۇسىيەنى ئىستىلا قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىنەزلەرنىڭ قەدىمكى رۇسىيەنى پارچىلىۋەتكەن ئىچكى ئۇرۇشلىرى تېخىمۇ دەھشەتلىك بالايىئاپەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا تىنچىپ قالدى. موڭغۇل دولقۇنى كەينىگە يېنىپ كەتكەندىن كېيىن كۈتۈلمىگەن، ئەمما تامامەن تەبىئىي بىر خىل ھالەت كېلىپ چىقتى. ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان رۇس كىنەزلىكلىرىنىڭ خارابىلىرى ئۈستىگە بۈيۈك ئىۋان[1] پادىشاھلىقى تىكلەندى.»

يىراق شەرقتە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى.

«جۇڭگو موڭغۇل ئىستىلاسى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن-

① بۈيۈك ئىۋان — 15 ـ ئەسىردە رۇسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگەن پادىشاھ.

دىن كېيىن بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ باش كۆتۈردى».[1]

ئاسىيا ئىستىبلاچىلىرىنىڭ رۇسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى رۇس خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس ۋە ياكى موسكۋا بۈيۈك كىنەزلىكىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشغال قىلىنغان بۇ كەڭ دىيارنى ئەپلىك باشقۇرۇش ئۈچۈن بولغان. ئىستىبلاچىلار ئۇششاق بەگلەرنىڭ داۋاملىق ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، پۇقرالارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئالاقە يوللىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشىغا يول قويالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇششاق بەگلىكلەرنى قاتتىق باشقۇرۇپ، تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بۈيۈك موسكۋا كىنەزىنىڭ ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشىنى قوللايتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار جۇڭگونىڭ «بۆلۈپ باشقۇرۇش» سىياسىتىگە نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش پىرىنسىپىنى مۇۋاپىق تاپقان. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇللار ئەل ئىچىدە تەرتىپ، قانۇن ۋە ئاسايىشلىق ئورنىتىش ئۈچۈن رۇسىيەنى ئۆز دۆلىتىدەك كۆرۈپ بىرلىككە كەلتۈرگەن.

موڭغۇللار چىڭگىزخان دەۋرىدە ئورنىتىلغان تەرتىپلەر بويىچە ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان بۇ مەملىكەتتە موسكۋانى مەركەز قىلغان دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھاكىممۇتلەقلىق، بىر مەركەزچىلىك ۋە يانچىلىق تۈزۈملىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار مەمۇرىيەت ۋە مالىيە جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى چىقىش قىلىپ، پوچتا يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى، پۇقرالارنىڭ پوچتا ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى قانۇنلاشتۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق كەڭرى شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە ئالاقە شارائىتىنى ياخشىلىدى، ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تىزىملاش ئىشىنى يولغا قويدى؛ ئون تۈتۈننى بىر بىرلىك قىلغان لەشكىرىي - مەمۇرىي تۈزۈلمىنى

① خ.لېم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئورناتتى، شۇنداقلا رۇسلارنىڭ ھەممە يۇرتلىرى ئورتاق قوللىنى-
دىغان ۋە 216 كوپپېيككە ئايرىلىدىغان كۆمۈش تەڭگە پۇلنى ئو-
بوروتقا كىرگۈزدى.

خانغا تۆلىنىدىغان سېلىق ھەربىر تۇتۇن كىرىمىنىڭ ئوند-
دىن بىر قىسمى ئۆلچىمىدە ئېلىناتتى. ئاھالە ئىچىدىن ھەر ئون
ئادەمنىڭ بىرى ئەسكەرلىككە ئېلىناتتى. بۇ ئىشلارنى موڭ-
غۇللاردىن بولغان «دارۇغا»(تاتارچە ــــ باسقاق) دەپ ئاتىلىدىغان
ئەمەلدار باشقۇراتتى. دارۇغالار خاننىڭ بويسۇندۇرۇلغان ئەللەر-
دىكى ۋەكىلى ھېسابلىناتتى.

موڭغۇللارنىڭ مەمۇرىيەتتىكى ۋە قوشۇندىكى دەرىجە بويىچە
باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭ بولغاچقا، كىنەزلەردىن بىرى ئەڭ چوڭ
قىلىپ بەلگىلىنەتتى، باشقا كىنەزلەر ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. خان
شۇ چوڭ كىنەز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پەرمانلىرىنى تۆۋەنگە يەتكۈ-
زەتتى. خان كىنەزلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ دارۇغالىرىنى(باسقاقلىرىنى) تەيىنلەيتتى. دارۇغا چو-
قۇم موڭغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. دارۇغانى خاننىڭ رۇس كى-
نەزلىرىنىڭ يېنىدىكى كومىسسارلىرى دېيىشكە بولىدۇ. باسقاق-
نىڭ باشقۇرۇشىدا بىر بۆلۈك قوشۇن بولۇپ، بىخەتەرلىك ۋە
چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا
جايلاشتۇرۇلاتتى. مۇبادا قايسىبىر كىنەز بويسۇنۇشنى رەت قىلى-
سا ياكى خاننىڭ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلمىسا ۋە ياكى سېلىق
تۆلەشتىن باش تارتسا، باسقاق ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى
سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېلەتتى.

تۆۋەندە پىروفېسسور كلىيۇچېۋسكىي ۋە پىلاتونوفلارنىڭ تا-
رىخىي مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ، موسكۋانىڭ باش كۆتۈرۈشى-
گە ئالتۇن ئوردىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە قىسقىچە
توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئۇان كالـتادىن باشلاپ ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغىچە بولغان موسكۋا كىنەزلىرى پۇلى كۆپ بولغاچقا شەخسلەردىن، ئىبادەتخا-نىلاردىن ۋە ئۇششاق كىنەزلەردىن زېمىن سېتىۋېلىشقا كىرىش-تى. بۇنداق قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بىر چوڭ پىلانلىرى يوق ئىدى، پۈتۈن موسكۋا پادىشاھلىقىنى سېتىۋېلىشقىمۇ ئۇلارنىڭ پۇللىرى يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. موسكۋانىڭ باش كۆتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئالتۇن ئوردا خانلىرى موسكۋا كىنەز-لىرىگە مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بولۇپ، ئۇلارغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. بىر تۈركۈم تارىخچىلار بۇ ياردەمنى تاسادىپىي، ئاڭسىز ياردەم دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ بىر خىل يۈزەكى قاراش بولۇپ، ئۇ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى، شۇ دەۋر-دىكى موڭغۇللارنىڭ لەشكىرىي مەدەنىيىتىنى ۋە چىڭگىزخاننىڭ قانۇنلار توپلىمى بولغان ياساقنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. ھالبۇكى ئەينى دەۋردە پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيەسى، جۈملىدىن موسكۋا رۇسىيەسى شۇ ياساق بىلەن باشقۇرۇلغان.

شۇنداق بولغاچقا رۇسىيە ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يەنە بىر مە-سىلىنى غەربتىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، رۇسلار موڭغۇل خانلىرىغا يېقىن ۋە چۈشىنىشلىك بولغانىدى. جۇڭگو، ئىران ۋە رۇسىيەدىن ئىبارەت بېقىندى ئەللەردە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش تۈ-زۈمى ئوخشاش ئىدى: يەرلىك كىنەز باشلىق بولاتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا باسقاق بىلەن قوشۇن قويۇلاتتى.

ئاساسلىق يەرلىك كىنەزگە باشقا كىنەزلەر بويسۇناتتى. بۇ يەرلىك كىنەز ئۇلۇس خانغا بويسۇناتتى، ئۇلۇس خانى بولسا، بۇ-يۈك بوغدىخانغا بويسۇناتتى. ئەلۋەتتە، يەرلىك كىنەزلەر ئىچىدى-كى ئەڭ رايىش ۋە سادىقلىرى باشلىق قىلىپ قويۇلاتتى. ئىۋان كالىتا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىنەزلەر دەل ئەنە شۇنداقلاردىن ئىدى. ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئوردىغا كۆپرەك سوۋغاتلارنى ئې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىپ باراتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ياخشىچاق بولۇۋالاتتى. موسكۋا كىنەزلىرى دىپلوماتىيە ۋە «دانىشمەنلەرچە ياۋاشلىق» بىلەن ئىش كۆرەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ رىقابەتچىلىرى بولغان تۋېر كىنەزلىرى قورال كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، موسكۋا كىنەزى گەرچە نەسەب جەھەتتە باشقا ئۇرۇقداشلاردىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، بۈيۈك كىنەزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. خان كالىتاغا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن تۋېر كىنەزىنى باستۇرۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. كالىتا خاننىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ 1328 ـ يىلى بۈيۈك كىنەزلىك تەختىگە ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەخت موسكۋا كىنەزلىرىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمىدى. كېيىنكى قىرىق يىل ئىچىدە تاتارلار موسكۋانى ئىشغال قىلمىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە موسكۋا كىنەزلىكى كۈچەيدى. شۇ قىرىق يىل جەريانىدا تاتارلارنى كۆرسە قورقۇپ يۈرمەيدىغان ئىككى ئەۋلاد بارلىققا كەلدى، ئۇلار ئاخىر كۆلىكوۋ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

تاتارلار ئالدىنقى 35 يىلغىچە ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئاھالىنى روپىخەتكە ئالدى ۋە ئۇلىرى سېلىق يىغدى. كېيىن سېلىق يىغىش ئىشى بۈيۈك موسكۋا كىنەزى ئىۋان دانىلوۋىچقا تاپشۇرۇلدى. بۇ ھال روسىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم ھالقا بولۇپ قالدى. موسكۋا كىنەزى خاننىڭ سېلىق يىغقۇچىسى سۈپىتىدە ئۆز قېرىنداشلىرىنى شەمشەر بىلەن ئەمەس، پۇل بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

دەسلەپتە خان موسكۋا كىنەزىنى بارلىق روس كىنەزلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق رەھبىرى ۋە سوتچىسى قىلىپ بېكىتتى. يىلنامىدە يېزىلىشىچە، كالىتانىڭ باللىرى 1341 ـ يىلى ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزبېك خاننىڭ ھوزۇرىغا بارغان. ئۆزبېك خان ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، خۇش مۇئامىلە بىلەن كۇ-

تۇۋالغان ھەمدە ئۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە بۇيۇك كىنەزلىك ئور-
نىنى بەرمەيدىغانلىقىغا ۋەدە قىلغان. كالىتانىڭ ئوغلى سېمىيون
بۇيۇك كىنەزلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن رەزان،
روستوۋ، ھەتتا تۇېردىكى بارلىق رۇس كىنەزلىرىمۇ ئۇنىڭ قول
ئاستىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

سېمىيون ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى ئوغلى ئىۋانمۇ
خاننىڭ يارلىقى بىلەن بۇيۇك كىنەز ۋە شىمالىي رۇسىيەدىكى
بارلىق كىنەزلەرنىڭ سوراقچىسى بولدى. ئىۋاننىڭ ئوغلى دى-
مىترىينىڭ دەۋرىگە كەلگەندە موسكۋا باشچىلىقىدىكى بۇ بىر-
لەشمە زومىگەرلىك دەرىجىسىگە يەتتى. دىمىترىي ئوردىنىڭ
قوللىشىغا تايىنىپ، باشقا كىنەزلىكلەرنى زورلۇق بىلەن ئۆزىگە
قوشۇۋېلىشقا باشلىدى. ئۇ ستارودۇب ۋە گالىچ قاتارلىق جايلارنى
ئىگىلىۋېلىپ، ئۇ يەرلەردىكى كىنەزلەرنى ئۆز زېمىنلىرىدىن
قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋاسىلىي ئۆزىگە بېرىلگەن يار-
لىققا ئاساسەن مۇروم، تارۇس ۋە نىژېگورود كىنەزلىكلىرىنى
باشقۇرىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ موسكۋا
كىنەزلىكى تەدرىجىي كېڭىيىشكە باشلىدى.

پىلاتونوف مۇنداق دەيدۇ: «موڭغۇل دەۋرىدىكى كىنەزلىكلەر
ئەگەر ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرغان بولسا بىر ـ بىرلىرى بىلەن
داۋاملىق دۈشمەنلىشىدىغان، بىرلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ئايرىم
بۆلەكلەرگە پارچىلىنىپ رۇسىيەنى تۈگەشتۈرگەن بولاتتى، چۈن-
كى ئۇلارنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان ئىجتىمائىي ئېڭىدا ئۆز جېنى-
نى ساقلاش ۋە باشقىلارنىڭكىنى تارتىۋېلىش تۇيغۇسىدىن باشقا
ھېچنېمە يوق ئىدى. بەختكە يارىشا، ئۇ چاغلاردىكى شىمالىي
رۇسىيە كىنەزلىكلىرى مۇستەقىل ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى تا-
تارلارغا سېلىق تۆلەيدىغان ئۇلۇسلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىنەزلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ مالايلىرى دەپ ئاتىلاتتى. ئالتۇن ئوردا ھۆكۈمرانلىقى پارچىلىنىپ، بىر - بىرلىرىدىن ياتلىشىپ كەتكەن رۇس كىنەزلىرىنىڭ بىرلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

خاننىڭ غەزىپى ‹ئۇرۇشقاق›لارنى بېسىپ تۇراتتى. خان رۇس كىنەزلىرىنىڭ ئالىي كېلىشتۈرگۈچىسى بولۇپ، ئاردىكى تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى ۋە ھەمىشە موسكۋا كىنەزلىكىنىڭ پايدىسىغا مۇرەسسە قىلاتتى...»

موڭغۇل ئىستېلاچىلىقىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن سىياسىي تەسىرى تەخمىنەن يۇقىرىقىدەك بولغان. موڭغۇللارنىڭ تەسىرى رۇس خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدىمۇ كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلدى. ھازىر بۇنداق تەسىرنىڭ سەلبىي مەنىدە چۈشەندۈرۈلۈشى ئومۇملىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنى ئۇنداق بىر تەرەپلىمە چۈشىنىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى رۇسىيەگە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان بىر چوڭ سودا يولى بار ئىدى. بۇ يول رۇس يەرلىرىدىن گىرېتسىيەگە تۇتىشاتتى. ھالبۇكى، رۇسىيەدە كۈچلۈك مەركىزىي ھۆكۈمەت بولمىغانلىقتىن، جەنۇبىي رۇس يايلاقلىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشلىرى نەتىجىسىدە بۇ يول پات - پات ۋە ئۇزاققىچە ئۈزۈلۈپ قالاتتى. كۈچلۈك موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى شۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىپ، بىر قىسمىنى بويسۇندۇرۇپ، سودا يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. نەتىجىدە رۇس يەرلىرىدىن گىرېتسىيەگە ۋە گىرېتسىيەدىن رۇسىيەگە، ئاندىن شەرققە قارىتىلغان يېڭى سودا يوللىرى گۈللىنىشلەرگە ئېرىشتى. سودا كارۋانلىرى قىپچاق يەرلىرىگە ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتنايدىغان بولدى. موڭغۇلىيەدىن چىققان سودىگەرلەر ھەتتا جۇڭگو ۋە ھىندىستانغىمۇ يول ئاچتى.

موڭغۇل ئىستىلاچىلىقى رۇسىيە بىلەن غەربىي ياۋروپانىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرقەدەر يېقىنلاشتۇردى، شۇنداقلا رۇسلارنىڭ شەرققە بارىدىغان يوللىرىنى ئاچتى ھەمدە شەرقتىكى خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ھەسسە قوشتى. ئۇ خەلقلەرنىڭ ۋەكىللىرى رۇس كىنەزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ ساراي شەھىرىدىكى ئوردىسىدا ۋە بۈيۈك ئىمپېراتورنىڭ قاراقۇرۇمدىكى ئاستانىسىدە كۆرۈشۈپ تۇراتتى. خان قوشۇنلىرىدا خىزمەت قىلغان ياكى ئاسىياغا قىلىنغان سەپەرلەرگە ئىشتىراك قىلغان رۇسلارمۇ شۇ خەلقلەر بىلەن ئۇچراشقان. بۇنداق ئىشتىراك قىلىشلارنىڭ ھەممىسىلا مەجبۇرىي بولۇۋەرمىگەن. بىر قىسىم كىنەزلەر ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن خاننىڭ خىزمىتىگە يالىنىۋاتتى. خېلى كۆپ مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، رۇس لەشكەرلەر ۋە رۇسلارنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن لەشكىرىي قىسىملىرى جۇڭگودەك يىراق ئەللەردىمۇ خاننىڭ خىزمىتىدە بولغان.

جۇڭگونىڭ دۆلەتلىك سالنامىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، مىلادىيە 1332 - يىلى بىر خانزادە بۈيۈك خانغا رۇس تۇتقۇنلىرىدىن 170 نى تەقدىم قىلغان. يەنە شۇ يىلى مىڭ نەپەر رۇس لەشكەرگە كىيىم - كېچەك ۋە يېمەكلىك تەييارلانغان. ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىدىن بولغان توب تېمۇرخاننىڭ قول ئاستىدا بىر پولك (تۇمەن) رۇس ئەسكىرى بولغان. بۇ پولك بىر تۇمەنبېشىنىڭ قوماندانلىقىدا بولۇپ، «ئەبەدىلئەبەد سادىق رۇس گۋاردىيەسى» دەپ ئاتالغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدىن پايدىلانغان ئى.كوروستوۋېس قۇبلايخان دەۋرىدە بېيجىڭدا بىر بۆلۈك رۇس قوشۇنى بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خاننىڭ نەۋرىسىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە رۇس گۋاردىيە قوشۇنىغا بېيجىڭنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم زېمىن بۆلۈپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فرانسىيە پادىشاھى لىيۇدوۋىكنىڭ ئەلچىسى ۋىلگېلىم رۇب-رۇك باتۇخاننىڭ ۋولگىدىكى تۇرالغۇسىدا قىسقا ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن قاراقۇرۇمدىكى خان سارىيىغا بېرىپ، 1253 ـ يىلىدىن 1255 ـ يىلىغىچە شۇ يەردە بولغان. ئۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بېرى-دۇكى، موڭغۇل ھۆكۈمدارلىرى بارچە دىنلارغا ئوخشاش ئېتىبار بەرگەن. خان سارىيىدا ئۇ تۈرلۈك مىللەتلەر ۋە تۈرلۈك دىنلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ يەردە ياۋروپالىقلارمۇ، ئەرمەن-لەرمۇ ۋە ھەرخىل مىللەتلەردىن بولغان نېستورىيانلارمۇ بار ئى-دى. دېمەك، رۇسلارمۇ خانلارنىڭ تۇرار جايلىرىغا بارغاندا شۇ خىل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقان.

شەرق خەلقلىرى بىلەن بولغان شۇ خىل ئالاقىلەر ۋە موڭ-غۇللارنىڭ ئۆزگە دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەم ئۆزگە تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان كەڭ قورساقلىقى ئۆز نۆۋىتىدە رۇسىيەنىڭ ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشى ۋە رۇس خەلقى-نىڭ موسكۋا دۆلىتىدىكى ئۆزگە دىن، ئۆزگە مىللەت خەلقلىرى بىلەن تىنچ بىللە ياشىشىغا مۇقىم تەسىر كۆرسەتكەن. ھالبۇكى، ئەينى دەۋردىكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بۇنداق تىنچ بىللە يا-شاشنىڭ مىساللىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ۋ.ئىۋانوف مۇنداق دەپ يازىدۇ: «موڭغۇل دەۋرىدە شەرقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى رۇسىيەگە ئۈزلۈكسىز تارقىلىپ، يېڭى مەدە-نىيەت، يېڭىچە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئائىلى، كىيىم ـ كېچەكلەردە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى: سلاۋيانلارنىڭ ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكلىرى، بىر تۇتام چاچ قالدۇرۇپ قويۇلغان تا-قىر باشلار، ئۇزۇن تامباللار يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا زەرباپ تونلار، گۈللۈك بوغما شىملار، خۇرۇم ئۆتۈكلەر، دوپپا ۋە تۇ-ماقلار پەيدا بولدى.

شۇ زاماندا ئاياللارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىمۇ زور ئۆزگى-

ـرىش بولدى. رۇس ئائىللىرىنىڭ ئۆيدىن چىقماي بىكىنمە ھالەتـ
تە ياشايدىغان ئادىتى ئەسلىي شەرقتىن كەلگەن. بۇ يەرىك ئالاـ
ھىدىلىكتىن باشقا، شۇ زامانىدىكى رۇسلارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە
نۇرغۇن شەرقچە ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر بولغان. بۇلارنى ئايرىم
تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر غەربتە
يوق. مەسىلەن: كىگىز پايپاق، قەھۋە، چۆچۈرە، رۇسچە ۋە ئاسىـ
ياچە ياغاچچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى، بېيجىڭ ۋە
موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردىكى سارايلارنىڭ تام قۇرۇلمىلىرىدىـ
كى ئوخشاشلىق. مانا شۇلار شەرقنىڭ تەسىرى.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، رۇسلارغا خاس بولغان چېركاۋ قوڭـ
غۇراقلىرىمۇ خۇددى ھارۋا قوڭغۇراقلىرىغا ئوخشاش ئاسىيادىن
كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇن غەربتىـ
كى ئىبادەتخانىلار ۋە رۇسلارنىڭ چېركاۋلىرىدا قوڭغۇراق ئىشـ
لىتىلمەيتتى. بەلكى تۆمۈر جاڭ ئۇرۇلاتتى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگودا
قۇيمىچىلىق كەسپى راۋاجلانغانىدى. دېمەك، قوڭغۇراقلارمۇ گىـ
رېك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غەربتىن ئەمەس، بىۋاـ
ستە جۇڭگودىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

موڭغۇل ئىستېلاچىلىقىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن مەدەنىـ
يەت تەسىرى لەشكىرىي ئىشلار ساھەسىدىمۇ كۆرۈلدى. مەسىـ
لەن، 1380 ـ يىلى كۇلىكوۋ دالىسىدا بولغان جەڭدە بۈيۈك كىـ
نەز دىمىترىي دونسكوي زاپاس قىسىملاردىن ماھىرلىق بىلەن
پايدىلانغان. شۇ چاغدا زاپاس قىسىمنىڭ قوماندانى كىنەز ۋىلادىـ
مىر باتۇر ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۆزىنىڭ تېخى جەڭگە كىرمىگەن
قوشۇنى بىلەن تاتارلارغا تۇيۇقسىز ئېتىلىپ، غەلىبىنى قولغا
كەلتۈرگەن. گېنېرال ئىۋانىننىڭ قارىشىچە، زاپاس قىسىم ئىـ
دىيەسى ئەينى دەۋردە رۇس ۋە ئومۇمەن ياۋروپا ئۇرۇش سەنئىتىـ
گە يات بولۇپ، بۇنى دىمىترىي موڭغۇل ـ تاتارلاردىن ئۆگەنگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تور بېكىتى

بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا، رۇس، كازاك قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئومۇمەن ئۇرۇش داۋامىدىكى ھەرىكەتلىرىگە موڭغۇللارنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. كازاكلارنىڭ سەپ بويىچە كەڭ يېيىلىپ ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلى دەل موڭغۇللارنىڭ شۇ خىل ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

توققۇزىنچى بابتا موڭغۇللارنىڭ ئاتالمىش «ۋەھشىيلىكلىرى» توغرىسىدا ئېيتىلغان كۆزقاراشىمىزنى تەكرارلىماستىن، پەقەت شۇنىلا تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، چىڭگىزخاننىڭ تاجدار ئەۋلادلىرى ئىچىدە مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمدارلار ئۆتكەن. م.ئىۋانىن مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخاننىڭ تۈزۈمى ئۇنىڭ يۇقىرىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ئىلىم - مەرىپەت جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى». ئادەم قېنىغا تولغان ئاشۇ دەھشەتلىك زاماندا ئىمپېرىيە قۇرغۇچىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدىغان مۇنداق بىر ئۇزۇندە سۆزنى ئېيتالىغان: «تۆت زاتنىڭ(بۇددا ‹ساكيامۇنى›، مۇسا، ئەيسا ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەر) ھەممىسىنى ھۆرمەتلەيمەن ۋە ئۇلۇغلايمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەققانىيلىقى ئەڭ ئۈستۈن بولغىنىدىن مەدەت تىلەيمەن».

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى كونا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشىنى ئەمەس، بەلكى يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم - پەن ۋە ھۈنەر - كەسىپلىرى يىراق شەرققە يەتكۈزۈلدى. جۇڭگولۇقلارنىڭ كەشپىياتلىرى ۋە مەمۇرىيەت سەنئىتى غەربتە قوبۇل قىلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىنغان زېمىنلىرىدە ئالىملار ۋە بىناكارلار ئالتۇن دەۋرىگىچە بولمىسىمۇ، كۈمۈش دەۋرىگىچە ياشىدى. 14 -

ئەسىر جۇڭگودا ئەدەبىيات گۈللەنگەن دەۋر، نۇرلۇق دەۋر، يۈەن (موڭغۇل) سۇلالىسى دەۋرى بولدى. بۇ دەۋرنى ھەقىقەتەنمۇ ئالتۇن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ.

پەقەت موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنلا ياۋروپادىكى خىرىس-تىيان دىنى تەرغىباتچىلىرى يىراقتىكى ئاسىيا ئەللىرىگە كى-رىشكە پېتىنالىدى. 13 ـ ئەسىردە جۇڭگودا پاپانىڭ ئەلچىلىرى پەيدا بولدى. موڭغۇل خانلىرى ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئالغان. 1299 ـ يىلى بېيجىڭدا كاتولىك چېركاۋى قۇرۇلغان ۋە «ئىنجىل» موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان.

موڭغۇللارنىڭ، جۈملىدىن ئالتۇن ئوردىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ماددىي مەدەنىيەتكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. باتۇخان جەنۇبىي رۇ-سىيە دالالىرىدا بوز يەر ئېچىشنى باشلىغان. ئۇنىڭ پەرمانى بى-لەن دەسلەپكى ئاشلىق دۇكانلىرى تەسىس قىلىنغان. موڭغۇللار-نىڭ ھازىرقى زېمىنلىرىدە ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى كېيىنكى ئىش ـ ئىزلىرىنى پ.ساۋىتسكىينىڭ ئەسىرىدىن نە-قىل كەلتۈرىمىز:

«شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالتۇن ئوردا ھاكىمىيىتى ھازىرقى رۇسىيە خەلقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت مەيدانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ زېمىنلەردىن پايدىلاندى-غان. شۈبھىسىزكى، بۇنداق پايدىلىنىش كۆپ تەرەپلىمە بولغان. ۋ.بارتولد ئېيتقاندەك، گەرچە موڭغۇللار كۆپ ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دەس-لەپكى مەزگىلى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەنگەن بىر دەۋر بولغان. موڭغۇللار دەۋرىدە كارۋان سودىسى كەڭ راۋاجلىنىپ، غەربىي ۋە شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا قويۇق بولغان مەدەنىيەت ئالماش-تۇرۇش ئالاقىسى ئورنىتىلدى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى قارا دېڭىز بويلىرىدا ۋە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدا گۈللەنگەن رۇس شەھەر ـ لىرىنى كەڭ تارىخ مەنزىرىسىدىن قارىغاندا، ئالتۇن ئوردا دەۋرىدە شۇ جايلاردا بولغان شەھەر مەدەنىيىتى مەركەزلىرىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دېيىش مۇمكىن» (مەسىلەن، ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ساراي، قىرىمدىكى باخچىساراي قاتارلىق شەھەرلەر موڭغۇل دەۋرىدە قۇرۇلغان.)

«ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئويما نەقىشلىك مەرمەر قالدۇقلىرى، سۇ يوللىرى، قەبرە تاشلىرى، كۈمۈش بۇيۇملار ۋە يىپەك رەختلەرنىڭ پارچىلىرى، ۋېنىتسىيە ئەينەكلىرى 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى تاتار ـ موڭغۇللارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىغا ۋە شەرق، غەرب خەلقلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ئىسپات بولالايدۇ».

«13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردىكى بىر قاتار ئالتۇن ئوردا خانلىرى ۋە سەركەردىلىرى ئەينى دەۋردىكى رۇسىيە خەلقىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچىلەر ئىدى. ئۇلار 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى رۇس پادىشاھلىرى ۋە سەركەردىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇشى كېرەك. رۇسلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق ۋە ئىستىبداتلىق شەخسلەر چىققان بولسا، موڭغۇللارنىڭ ئىچىدىن چىققان شۇنداق شەخسلەرنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز، مەسىلەن: «قاتتىق قول ۋە سۇرلۇك» ھۆكۈمدار بەركە، «گىرېكلارنى يەڭگەن» سەركەردە نوغاي (ئۇ 1266 ــ 1299 ـ يىللىرى قارا دېڭىز ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان)، «ئادىل» ۋە ھەرقايسى دىن مۇرىتلىرىغا «رەھىمدىل» بولغان توختۇ خان، ئۇلۇغ ئۆزبېك، «رۇس يۇرتلىرىغا چوڭ ئىمتىياز بەرگەن جانىبېك».

ئالتۇن ئوردا ئاستانىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. سېلىترىنى يېزىسىنىڭ يېنىدىكى خارابە ـ

لىك كونا ساراي شەھىرى بولسا كېرەك (باتۇخان سالدۇرغان)، سارىيۇ يېنىدىكىسى يېڭى ساراي بولسا كېرەك (ئۆزبېك سالدۇر-غان.) بىرىنچىسىنىڭ خارابىلىكى 36 كىۋادرات چاقىرىم دائىر-رىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچىسى تەخمىنەن 48 كىۋادرات چاقىرىم چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە سارىيۇدىن 70 چاقىرىم ئارىلىقتا يەنە ئايرىم - ئايرىم خارابىلەر يېيىلغان. قارىغاندا، بۇلار ھەقى-قىي خەلقئارالىق شەھەرلەر بولغانلىقى ئېھتىمال.

يېڭى سارايىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرى ئالاھىدە دىق-قەتكە سازاۋەر. شەھەرنى ئۆستەڭلەر كېسىپ ئۆتەتتى، كۆللەر كۆپ ئىدى (بىر قىسىم ئۆي ۋە دۇكانلارغىمۇ سۇ باشلانغان.) كو-نا ساراي ئۆزبېك خان دەۋرىدە ئاساسەن سانائەت مەركىزى بولغا-نىدى: تۆمۈرچىلىك ئوچاقلىرى، خۇمدان، كۇلالچىلىق ئۇستىخا-نىلىرىنىڭ خارابىلىرى ساقلانغان. يېڭى سارايدىمۇ زەرگەرچى-لىك، موزدۇزچىلىق، تىككۈچىلىك كارخانىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى. ھەر ئىككى شەھەردە خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئىمارەت-لەر بولغان.

1260 - يىلى سارايغا ۋېنىتسىيەلىك ماركو پولو كەلگەن. ئۇنىڭغا خانبالىق (بېيجىڭ)تىن قارا دېڭىز ئارقىلىق ۋېنىتسى-يەگە قايتقۇچە پوچتا هارۋىلىرىنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى بىلدۈ-رىدىغان ئالتۇن قاداق بېرىلگەنىدى. ئەرەب ئىبن باتۇتا سارايىنى ئاھالىسى كۆپ، گۈزەل شەھەر دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن يېرىم كۈن ۋاقىت كېتەتتى. مەز-كۇر مۇئەللىپنىڭ يازغىنىدىن قارىغاندا، بۇ شەھەردە موڭغۇللار، تاتارلار، ئالانلار، چەركەسلەر، رۇسلار ۋە گىرېكلار ياشايتتى.

شۇنداق قىلىپ، بىز يۇقىرىقىلاردىن يوقىلىپ كەتكەن مەدە-نىيەتلەرنىڭ بىرىنى كۆردۇق. شۇڭا، موڭغۇللارغىمۇ گىرېكلار ۋە رىملىقلارغا قارىغان كۆزدە قارىشىمىز كېرەك. بىر قىسىم تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىخچىلار «موڭغۇل ئىستىبلاسى»نى رۇس تارىخىدىكى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەھمىيەتسىز نەرسىدەك يۈزەكى سۆزلەپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

رۇسچە تارىخىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ دەرسلىكلەردە باتۇخان گوياكى مۇستەقىل پادىشاھدەك چۈشەندۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ باشقۇرغان ئالتۇن ئوردا بۈيۈك موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز يازغان ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا باتۇخاننىڭ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى، چوڭ خانزادە جۇچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ. بۇ تارىخچىلار ھەتتا موڭغۇللارنىڭ رۇس تارىخىدىكى 300 يىللىق ۋاقىت ئىچىدە ھەقىقىي خوجايىن بولغانلىقىنى كۆرمەسكە سالىدۇ، موڭغۇللارغا قارام بولغان تاتارلار توغرىسىدا سۆزلىنىپ، «تاتار ئىستىبلاسى»، «تاتارلار»، «تاتار خانلىرى» دېيىلىدۇ، خۇددى موڭغۇللار مەۋجۇت ئەمەستەك.

بۇنداق تولىمۇ يۈزەكى چۈشەندۈرۈش خۇددى رەزان كىنەزلىكنى موسكۋا تارىخىدىن ئايرىپ يازغانغا ئوخشاش. رۇسىيە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ تەركىبىدە بولغان ئۈچ ئەسىر جەريانىدا تۇرمۇش رۇسلارغىمۇ، موڭغۇللارغىمۇ ئوخشاش تەسىر كۆرسەتكەن. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، رۇسلار ئۆز يېرىدە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن سىرت، ئاسىيانىڭ ئىچكىرى جايلىرىغىمۇ بارغان. ئۇ جايلاردىن ئۇلار يېڭى ـ يېڭى تەسىرلەرنى ئېلىپ قايتقانلىقى تۇرغان گەپ، چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئاسىيا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە رۇسىيەدىنلا ئەمەس، غەربتىنمۇ كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى.

ھالبۇكى، موڭغۇل ئىستىبلاسىنىڭ رۇسىيەگە كۆرسەتكەن ئاساسلىق تەسىرى مەنىۋى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇكى، پىراۋوسلاۋىيە چېركاۋى موڭغۇللار

ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا ئەركىن نەپەس ئالدى. خانلار رۇس روھانىيلىرىغا ئالتۇن يارلىق بېرىپ، چېركاۋلارنى كىنەزلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن ئازاد قىلدى. سوت، كىرىم قاتارلىق مەسىلىلەردە روھانىيلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن چېركاۋلار ماددىي مەبلەغ ۋە خۇسۇسىي زېمىنغا ئىگە بولدى.

ئومۇمەن، پىراۋوسلاۋىيە دىنى موڭغۇللارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. بۇ ياۋروپادا «ھوقۇق كىمدە بولسا، شۇنىڭ دىنى ھېساب» دېگەن پىرىنسىپ بويىچە دىنىي مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈلۈپ، غەيرىي دىندىكىلەر قىرغىن قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردىكى پاكىت.

چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالتۇن ئوردا خانلىرى ئۇنىڭ (چىڭگىزخاننىڭ) يات دىنلارنى ھىمايە قىلىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇردى.

1270 ـ يىلى مەڭگۇ تېمۇر خان مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرگەن: «رۇسىيەدە ھېچقانداق ئادەم چېركاۋنى ھاقارەتلەش ۋە روھانىيلارنى بوزەك قىلىشقا ھەقلىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى، ناھىيەلىرى، يېزىلىرى، زېمىنلىرى، ئوۋ ئىشلىرى، ھەسەل ھەرىلىرى، ئوتلاقلىرى، ئورمانلىرى، كۆكتاتلىقلىرى، باغلىرى، تۈگمەنلىرى ۋە سۈتچىلىك ئىگىلىكلىرى باج ۋە سېلىقتىن ئازاد قىلىنسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھقا تەئەللۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىلاھىيدۇر. ئۇلار بىزگە دۇئا قىلغاي».

ئۆزبېك خان چېركاۋلارنىڭ ئىمتىيازلىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى: «پىراۋوسلاۋىيە چېركاۋلىرىنىڭ بارلىق ئۆلىمالىرى ۋە موناخلىرى پەقەت پىراۋوسلاۋىيە روھانىيلىرىنىڭ سوتىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ياكى كىنەزلەرنىڭ سوتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىمكى دىنىي زاتنى بۇلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق تۆلەم بېرىشى كېرەك. كىمكى پىراۋوسلاۋى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

يە دىنىنى كەمسىتسە ياكى چېركاۋغا ھاقارەت كەلتۈرسە، رۇس ياكى موڭغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. رۇس روھانىيلىرى ئۆزلىرىنى خۇدانىڭ ئەركىن چاكارلىرى دەپ بىلسۇن».
بۇنى 650 يىل ئىلگىرى بولغان، دەپ ئويلاش مۇمكىنمۇ؟ ھازىرچۇ؟
بۇنىڭغا مۇنداق بىر تارىخىي پاكىتنى كەلتۈرەي. 1918 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بىر قىزىل ئارمىيە قىسمى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خادىملىرى ئۇفا شەھىرىگە كەلدى. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى تاتارلار ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئۇفا باش روھانىيسىنى قولغا ئېلىپ، چېركاۋنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭغا قارىتا پىراۋوسلاۋىيە دىندىكىلەر ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ، شۇ يەردىكى مۇسۇلمان تاتارلارنىڭ جىددىي قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بۇ بۇيرۇق ئەمەلگە ئاشمىدى.
ياش ۋە جەسۇر بىر تاتار خانزادىسى روستوۋ شەھىرىگە كېلىپ، خىرىستىيان تەلىماتىغا مەھلىيا بولۇپ قالدى. ئاتىسى بەركە خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ پىراۋوسلاۋىيە دىنىنى قوبۇل قىلدى. رۇسىيەدىكى ئوردا خانزادىسى مۇقەددەس پېتىر ئەنە شۇ ئىدى. خانزادە پېتىر ئۆيلەنمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا يەنە پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا كىرگەن تاتار قىزىنى تېپىپ بېرىشتى. روستوۋدا قىسقا ۋاقىت ھاكىم بولغان گلېبمۇ چوقۇندۇرۇلغان تاتار قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى.
ئۆزبېك خاننىڭ سىڭلىسىمۇ رۇس كىنەزى يۈرىي دانىلوۋىچقا ياتلىق بولۇپ، خىرىستىيان دىنىغا كىرگەنىدى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇ چاغلاردا ئالتۇن ئوردا خانلىرى مۇسۇلمان ئىدى. جانىبېك خاننىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان ئايالىنى باش روھانىي ئالېكسېي داۋالاپ ساقايتقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۇ خانىش كۆپ ھاللاردا رۇسلارنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان بولغان.

ئالتۇن ئوردا رۇسلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنىنى قانات ئاستىغا ئېلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنى قوغدىدى. دىنسىز ۋە مۇسۇلمان موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى رۇس خەلقىنىڭ دىلىغا ئازار بەرمىدى، ئۇلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنىنى چەكلىمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالدى. بۇنى رۇسلار بىلەن شەرق خەلقلىرىنىڭ دىنىي كەيپىياتتىكى ئوخشاشلىقتىن كۆرگىلى بولىدۇ.

باش روھانىي ئانتونى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرمۇشتا رۇسلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى غەربتىكى كاتولىك دىنى ۋە باشقا خىرىستىيان مەزھەپلىرىگە قارىغاندا شەرقتىكى دىنلارغا يېقىن تۇرىدۇ». باش روھانىينىڭ بۇ سۆزلىرىگە يەنە شۇنى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇكى، رۇسلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنى ھەتتا جەنۇبىي سلاۋيانلارنىڭ پراۋوسلاۋىيە دىنىغا قارىغاندىمۇ شەرقتىكى دىنلارغا يېقىنراق. بۇنىڭدا شەرق تەسەۋۋۇپىنىڭ تەسىرى، خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئومۇمىي تۈس ئالغان دىنىي قىزغىنلىقنىڭ تەسىرى ئىپادىلىنىدۇ. شەرقتە دىن تۇرمۇشقا، تۇرمۇش دىنغا سىڭىپ كەتكەن. شەرقنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى، ئۇنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كۈچى، ماتېرىيالىستىك غەرب مەدەنىيىتىدىن ئەۋزەللىكى ئەنە شۇنىڭدا. رۇسلارنىڭ «خۇداغا ئاشىقلىقى»، «مەزھەپچىلىكى»، مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلىشى، گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە ۋە جاپا تارتىشقا تەييار تۇرۇشلىرى پەقەت شەرقتىنلا قوبۇل قىلىنغان ئادەتلەر بولۇشى مۇمكىن. غەربتە دىن تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، مۇخلىسلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىگە بېرىلىپ كەتكەن. غەرب-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تە تۇرمۇش بىلەن دىن بىر ـ بىرىدىن تولۇق ئايرىلغان. ئۇ يەردە دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئادەتتىكى يۇقىرالارلا ئەمەس، دىنىي زاتلارمۇ تولۇق ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ.

موڭغۇللارنىڭ بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەر بىلەن بىللە ياشاش پىرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان دىنىي ئەركىنلىكى تاتار ئىستىبلاسىدىن كېيىن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپ ـ توپى بىلەن رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە سىڭىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تاكى ھازىرغىچە رۇسلارنىڭ تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان موڭغۇل قېنى ئاز ئەمەس. ئالتۇن ئوردا يىمىرىلگەندىن كېيىن موسكۋا پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە ئۆتكەن تاتار ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى بورىس گودۇنوف رۇسىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە چىققان. موڭغۇل ئىستىبلاسى رۇس خەلقىنىڭ قېنىغا مەلۇم نىسبەتتىكى موڭغۇل قېنىنى قوشتى، شۇنداقلا موڭغۇل قېنىغىمۇ رۇس قېنى ئارىلاشقان. نەتىجىدە موڭغۇللىشىپ كەتكەن رۇسلار ۋە رۇسلىشىپ كەتكەن موڭغۇللار كېلىپ چىقتى. يېڭى، يات قاننىڭ قوشۇلۇشى تالانتلىقلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا شارائىت ھازىرلايدۇ. رۇس قېنىغا نېگىر قېنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن پۇشكىن، شوتلاندىيە قېنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن لېرمونتوف، قالماق قېنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن «موسكۋا بۇلبۇلى» دەپ ئاتالغان پېلېۋاكو كېلىپ چىققان.

رۇسلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ قان قوشۇلۇشى ۋە ئۆزئارا مەنىۋى تەسىرى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، خەلقنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە تارقالغان، چۈنكى ئەينى دەۋردە ئالتۇن ئوردىنى تەشكىل قىلغان خەلق ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىپ تۇرماقتا. ن.تروبېتسكوي مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تومۇرلىرىدا تۇران قېنى ئاقمايدىغان بىرەر رۇسنى تېپىش تەس. يەنە شۇ تۇران قېنى ئۇكرائىنلارنىڭ تو-

مۇرلىرىدىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، رۇسلار ئۆزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن رۇسىيەدىكى موڭغۇل ـ تۇران خەلقىنى تەتقىق قىلىشى زۆرۈر. يەنە كېلىپ هازىرقى رۇسىيە تېررىتورىيەسىنى دەسلەپتە رۇس ـ سلاۋيانلار ئەمەس، بەلكى تۇران ـ موڭغۇللار بىرلىككە كەلتۈرۈپ دۆلەت قۇرغان.»

ئاخىرقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «سلاۋيانلار قېنى»نىڭ تۇغقانلىقى يوققا چىقتى. غەربىي ۋە جەنۇبىي سلاۋيانلارنىڭ قېنى ياۋروپادىكى رومان ـ گېرمان قېنى بىلەن «تۇغقانلىقى» يېقىن بولۇپ چىقتى، شەرقىي سلاۋيانلارنىڭ، رۇسلارنىڭ قېنى تۈركىي، ئۇگۇر ـ فىن خەلقلىرىنىڭ، ھەتتا ئاسىيا خەلقلىرىدىن قالماق، بۇريات ۋە موڭغۇللارنىڭ قېنىغا يېقىنلىقى ئېنىقلاندى.

رۇسلارنىڭ شەرققە كېڭىيىشى بىلەن بىر قاتار تۈركىي قەبىلىلەر رۇسلىشىپ كەتتى. تۇرانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش پۈتۈن رۇس تارىخىدا باشتىن ـ ئاياغ گوياكى بىر قىزىل يىپنى ھاسىل قىلغان. شەرقىي سلاۋيانلار بىلەن تۇرانلارنىڭ قوشۇلۇشى رۇس تارىخىدىكى ئاساسلىق پاكىت.

رۇسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى خەلقلەرنىڭ موڭغۇل ۋە ئۇگۇر ـ فىن قېنىغا، شەرقىي جەنۇبىدىكى رۇس قەبىلىلىرىنىڭ تۈركىي ـ تاتار قېنىغا چېتىشلىقى كۆپرەك. بۇ ئىككى تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئاسىيالىقلارغا ھەممىدىن بەكرەك ئارىلىشىپ كەتكىنى ئۇكرائىنلار بىلەن دون خەلقىدۇر، چۈنكى ئۇلار ئاسىيا خەلقلىرى غەربكە ئۆتىدىغان يوللاردا ياشىغان.

ئەمدى شەرقىي سلاۋيانلارنىڭ خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە مەدەنىيىتىدە كۆرۈلىدىغان «شەرق تەسىرى» ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

دون ۋادىسىدا ياشايدىغانلار باشقا رۇسلاردىن ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرغاچقا، ئەينى دەۋردە موڭغۇللار ئۇلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىغا سالغان ۋە ئۇلارنى باج - سېلىقتىن ئازاد قىلغان. ئەنە شۇنداق شارائىتتا دون ئاھالىسى موڭغۇللارنىڭ تەسىرىنى كۆپرەك قوبۇل قىلغان.

دون خەلقى جەڭ قىلىشتا موڭغۇللارنىڭ سەپ بويىچە كەڭ يېيىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈردى. ئۇلار يەنە موڭغۇللارنىڭ ئېگەر، قامچا، ئۇزۇن تون، كۆمۈش بېزەكلىك كەمەر، ئوقيا، ئەگرى قىلىچ ۋە ئۇزۇن نەيزىلىرىنى قوبۇل قىلدى. دون ئەتراپىدا ياشايدىغان قېرى كازاكلار ھازىرمۇ قۇلىقىغا ھالقا سېلىپ يۈرىدۇ، خۇددى بۇرۇنقى موڭغۇللار ۋە ھازىرقى قالماقلارغا ئوخشاش. كازاكلارنىڭ قوشۇنلىرىمۇ خۇددى چىڭگىزخان دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشاش مىڭلىك قىسىملارغا بۆلۈنەتتى.

«كازاك» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلىي تۈركىي تىللاردىن ئېلىنغان بولۇپ، »چەۋەنداز« دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1]. ئالتۇن ئوردىدا «قازاقىستان» دەپ ئاتالغان بىر يەر بار ئىدى، ھازىر يەنە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بار.

سلاۋيانلارنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئىچىدە كازاكلار ئانتروپولوگىيەلىك ۋە پسىخىكىلىق جەھەتلەردە قالماقلارغا، يەنى موڭغۇللارغا يېقىن تۇرىدۇ. قالماقلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا كازاكلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى، 1917 - يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن كازاك نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

---

① «كازاك» ياكى «قازاق» دېگەن نامنىڭ ئېتنىك مەنىسى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلار ساقلانماقتا. بۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى ئېنىقلانمىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر (تەرجىماندىن).

شەرقىي سلاۋيانلار (رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلارۇسلار) ئۆز تارىخىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ۋىزانتىيەنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەنىدى.

ۋاھالەنكى، غەرب مەدەنىيىتى شەرقىي سلاۋيانلارغا زادى ئۆزلەشمىدى. غەربنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئېلىپ كېلىنىپ سېتىلدى، لېكىن ئىشلەپچىقىرىلمىدى. ئۇستىلار تەكلىپ قىلىندى، لېكىن رۇسلارغا ئۆگىتىش ئۇچۇن ئەمەس، پەقەت زاكاز قىلىنغان مالنى ياساش ئۇچۇنلا كەلدى. بىر قىسىم كىتابلار تەرجىمە قىلىندى، لېكىن ئۇلار مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يۇكسىلىشىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. بۇ ھال موڭغۇللار كەلگۇچە شۇنداق بولغان. گىرېتسىيەلىكلەرمۇ، ۋىزانتىيەلىكلەرمۇ رۇسلارغا بۇيۇك دۆلەت قۇرۇش ئىدىيەسىنى بېرەلمىدى. بۇ ئىدىيە رۇسلار ئاڭسىز ھالدا «موڭغۇل ئىستېلاسى» دەپ ئاتىغان دەۋردە پىشىپ يېتىلدى. بۇ دەۋر تەخمىنەن ئىككى يۈز يىل داۋاملاشتى. موسكۋانىڭ موڭغۇل ھۆكۇمرانلىقىدىن قۇتۇلغان ۋاقتىدىن تارتىپ پېتىر I نىڭ دەۋرىگىچە يەنە تەخمىنەن شۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 200 يىل ئۆتۇپ، ئىنقىلاب بىلەن تاماملاندى، شۇنداق قىلىپ رۇسىيە تارىخىدا موڭغۇللار كەلگەندىن باشلاپ ھەر ئىككى يۈز يىل بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى.

غەرب ۋە ۋىزانتىيەنىڭ ئەنئەنىلىرى رۇس خەلقىنىڭ مەدەنىي ياكى ئېتنوگرافىك قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. رۇس خەلقىنىڭ تەبىئىتى ئوقۇمۇشلۇق رۇسلار ئويلىغاندەك ساپ «سلاۋيانچە» ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئايرىم بىر ساھەنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا رۇسلاردىن باشقا «ياقا يۇرتلۇقلار»مۇ، يەنە ئۇگۇر ـ فىنلار ۋە ۋولگا ۋادىسىدىكى تۈركىيلەرمۇ بار. بۇ مەدەنىيەت شەرقتە ۋە شەرقىي جەنۇبتا تۈركىي ـ موڭغۇل «يايلاق» مەدەنىيىتى بىلەن ۋە شۇ مەدەنىيەت ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرى بىلەن باغلانغان. غەرب بىلەن بولغان باغلىنىش پەقەت «بالقان سلاۋيانلىرى»نىڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتىدىلا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ يەنىلا ئومۇمىي تۈرك تەسىرى سىزىلىپ تۇرىدۇ.

رۇس تەبىئىتىدىكى شەرقنىڭ تەسىرى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. رۇس خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ماژور ئاۋاز تەرتىپىنىڭ تۆتىنچى ۋە يەتتىنچى دەرىجىلىرى چۈشۈپ قالىدىغان ئاتالمىش «بەش تونلۇق» گاما بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بۇنداق گاما ۋولگا ۋە كاما ۋادىلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەردە، باشقىرتلاردا، قىرىم تاتارلىرىدا، تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا — تەرجىماندىن) تۈركلىرىدە ۋە بارلىق موڭغۇللاردا ساقلانماقتا. شەرقتىن كېلىۋاتقان بۇ ئۈزۈلمەس ئېقىم رۇسلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەي توختىغان.

ئۇسسۇلدىن ئىبارەت «رىتىملىق سەنئەت»نىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ خاسلىققا ئىگە. غەربتە ئۇسسۇلنى بىر جۈپ ئەر ۋە ئايال ھەرخىل شەكىلدە بىر - بىرىنى تۇتۇشۇپ ئوينايدۇ. رۇسلارنىڭ ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇسسۇللىرىدا بۇنداق ئىش يوق بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئوينايدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەركىن ۋە ئىختىيارىي بولىدۇ. ئاياللار پۇت، قول، بەل ۋە بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرسىمۇ، بېشىنى ھەرىكەتلەندۈرمەسلىككە تىرىشىدۇ. ساپ شەرقچە ئۇسسۇللاردا، مەسىلەن، موڭغۇلچە ئۇسسۇللاردا، ئۇسسۇلچى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا رىتىملىق مېڭىپ، بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بىلەن قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شەرقتە ئۇسسۇلنىڭ كۆركەملىكى پۇت ھەرىكەتلىرىدە ئەمەس، بەدەن ۋە قولنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ئېگىلىشلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. رۇسلارنىڭ ئۇسسۇللىرىمۇ خۇددى شەرق ئۇسسۇللىرىغا ئوخشاش بەدەن ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەپچىللىكى،

ئەۋرىشىملىكى ۋە رىتىملىقىدا بەسلىشىش توسىنى ئالغان.

رۇس خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۇسلۇبى تۈركىي خەلقلەر ۋە كاۋكازلارنىڭ چۆچەك ئۇسلۇبىغا ئوخشايدۇ. رۇس ئېپوسلىرىنىڭ سۇژىتلىرى تۇران ۋە ئالتۇن ئوردا ئېپوسلىرىغا باغلانغان.

دېمەك، ئېتنوگرافىيە جەھەتتە رۇس خەلقىنى ساپ سلاۋيان دېگىلى بولمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، رۇس خەلقىنىڭ خاراكتېرىدە ئازدۇر - كۆپ - تۇر شەرققە چېتىلىش نۇقتىلىرى بار. ئاشۇ ئاسىيالىقلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا يۇقىرىقىدەك ئىرقىي مايىللىقنىڭ كۆرۈن - مەس يىپلىرى بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئاسانلا دوستلىشىپ، چىد - قىشىپ كېتەلەيمىز. رۇسلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ئۆگۈر - فىن خاراكتېرىدىن ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاراكتېرلىرىدىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن باشقا سلاۋيانلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىگە تۈپتىن ئوخشاشمايدۇ.

بارلىق سلاۋيانلىقلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى سۆيىدۇ. بارلىق غەربىي سلاۋيانلار شۇنداق، لېكىن شەرقىي ۋە جەنۇبىي سلاۋيانلارنى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، مەسىلەن، سېربلار موڭغۇللاردىن، بۇلغارلار تۈركلەر - دىن جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆزلەشتۈرگەن. رۇسلاردىمۇ شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر بولغاچقا، موڭغۇل دەۋرىدىن كېيىن بۈيۈك رۇس ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقالىدى. موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلقلەر ئېتنىك - پسىخىك جەھەتلەردە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن موڭغۇللاردا تىپىك خۇسۇسىيەتلەر تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. موڭغۇل - تۇران پسىخىكا تىپى رۇسلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

خۇددى بۇددا دىنىدىكى موڭغۇللار ۋە ئىسلام دىنىدىكى تۈر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىي خەلقلەرگە ئوخشاش قەدىمكى رۇسلارمۇ تۇرمۇش، دۆلەت ۋە پوتكۇل تەبىئەتنى پىراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ رامكىسى ئىچىدە چۈشىنەتتى.

گەرچە رۇسلار پىراۋوسلاۋىيە دىنىنى موڭغۇل ـ تۈركلەردىن ئەمەس، ۋىزانتىيەدىن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ۋە بۇ دىن رۇسلارنىڭ مىللىي ئېڭىدا «تاتارچىلىق»قا قارشى قويۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا رۇس خەلقىنىڭ پىراۋوسلاۋىيە دىنىغا بولغان مۇئامىلىسى، بۇ دىنىنىڭ رۇس تۇرمۇشىدا ئوينىغان رولى مەلۇم دەرىجىدە موڭغۇل ـ تاتار پىسخولوگىيەسىگە ئاساسلانغان. قەدىمكى رۇسلارنىڭ پىسخولوگىيەسىدە ئاشۇنداق موڭغۇل ـ تۇران خۇسۇسىيەتلىرى بولغاچقا، ئۇلار دىنىنى ئۆز تۇرمۇشىدىن ئايرىۋېتەلمىگەن. قەدىمكى رۇسلارنىڭ مىللىي خاراكتېرىدە ۋىزانتىيەگە تامامەن يات بولغان موڭغۇل ـ تۇران ئېتنىك ـ پىسخىك ئامىللارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا رۇسلار بىلەن گىرېكلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پىسخولوگىيەسىنىڭ پەرقلىرى كېلىپ چىققان.

شۇنداق قىلىپ، موڭغۇل ـ تۇرانلارنىڭ ئېتنىك ـ پىسخولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى رۇسلارنىڭ مىللىيلىك قىياپىتىدە ئىجابىي رول ئوينىغان.

موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا رۇس قەبىلىلىرى تىنچلىقتا ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەرقايسى كىنەزلەر دائىم ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇرغان. سودىنىڭ گۈللىنىشىگە شەرت ـ شارائىت ھازىرلاندى. شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا رۇسىيەنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىستېلاسى رۇس مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلمىدى، ئۇنى ئىزسىز يوقىتىۋەتمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىستېلاچىلىق ئاسىيا مەدەنىيەت-

لىرىگىمۇ ۋە رۇس مەدەنىيىتىگىمۇ زەربە بېرىپ، بىر مەزگىل پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. لېكىن رۇسلارنىڭ مەدەنىي ھايا- تى شەرقتىن كەلگەن يېڭى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە مەۋجۇت بو- لۇپ تۇرۇۋەردى. دەل تاتارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەسىرلەردە رۇسىيەدىكى پىراۋوسلاۋىيە دىنى مۇقىملاشتى، «بۈيۈك رۇسىيە» باش كۆتۈردى. مەنىۋىلىك جەھەتتە موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت تە- سىرى رۇسىيەنى شەرققە يەنىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، غەربتىن تېخى- مۇ يىراقلاشتۇردى.

مەلۇمكى، 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ موسكۋا دۆلىتىنىڭ ۋولگا كازاكلىرىغا يوللىغان يارلىقلىرى تاتار تىلىدا يېزىلغان. 16ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە كازاك قوشۇنلىرىدا رۇسلارغا نىسبەتەن تۈركىي ـ تاتارلار خېلى كۆپ بولغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا رۇس ئاقسۆڭەكلىرى فىرانسۇز تى- لىدا سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن بولسا، دون كازاكلىرىنىڭ ئاقساقال- لىرى تاتارچە سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى.[1]

موڭغۇللار رۇسىيەنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ھەل قىلغۇچ تەسىر ئىدى. موڭ- غۇللارنىڭ قوللىشى بىلەن «خاننىڭ چاكىرى» دەپ ئاتالغان شى- مالدىكى كىنەز موسكۋا ئۇلۇسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى بولالىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلىشىپ، رۇسىيە «تاتار ئىستېلاسى»غا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، بى- رىنچىدىن، تەپرىقچى كىنەزلىكلەر ۋە ئايرىم سلاۋىيان قەبىلىلى- رى موسكۋا دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە بىر پۈتۈن رۇس خەلقى بولۇپ ئۇيۇشتى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ دۆلەت بۇرۇنقى موڭغۇل دۆ-

① بىكادوروف: «كازاكلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ماتېرىياللار».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

لەتلىرىگە ۋە ئومۇمەن ئاسىيادىكى خانلىقلارغا ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوخشاش بولۇپ قالدى. 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردىكى موسكۋا دۆلىتى ــ تىپىك شەرق خانلىقىدۇر.

شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى ئىككى خىل مەدەنىيەت ئاسا ـ سىدا ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. پولشا ۋە لىتۋا دۆلەتلىرى غەرب مەدەنىيىتىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخىي تەق ـ دىرى، ئىجتىمائىي ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسى موسكۋانىڭكىدىن كەسكىن پەرقلەندى. موسكۋا پادىشاھلىقى ــ شەرقچە دۆلەتتۇر. رۇس تارىخىنىڭ موسكۋا دەۋرى ــ «ئاسىياچە» دەۋردۇر.

پېتىر I دىن باشلاپ، رۇس خەلقىنىڭ بۇ ئاسىياچە تەبىئ ـ تى نېپىز ياۋروپا پەردىسى بىلەن نىقابلاندى. لېكىن لېنىن گەرچە ئۆزى غەربنىڭ مەنىۋى ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ، بۇ ياۋروپا پەردىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يىرتىپ تاشلىدى. ئەمدى قارايدىغان بولساق، رۇسىيەنىڭ «ياۋروپاچە ـ ئاسىياچە» ئىچكى دۇنياسىنى كۆرىمىز. رۇس خەلقى ھازىر خۇددى رۇسىيە گېربىدىكى ئىككى باشلىق بۈركۈتكە ئوخشاش شەرققە ۋە غەربكە قاراپ تۇرماقتا.

# خاتىمە

يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، رۇس ۋە ياۋروپا ئالىملىرى «موڭغۇل مەسىلىسى»گە تېخى يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمىدى ۋە موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى يېتەرلىك تەتقىق قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ «رومان ـ گېرمان بىر مەركەزچىلىك مەدەنىيىتى»نى ئاساس قىلغان بۇرۇنقى قاراشلارنىڭ ھازىر كونىراپ قالغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى. موڭغۇل ئىستېلاسىنى ياۋايىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، دېيىشكە بولمايدۇ، موڭغۇللار «ياۋايى ۋارۋارلار» ئەمەس ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلار ئىككى قىتئەدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالمىغان ۋە دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىقالمىغان بولاتتى.

توغرا، موڭغۇل تارىخىنى رومان ـ گېرمان مەدەنىيىتىگە ئوخشاش تەرەققىياتنىڭ باسقۇچمۇباسقۇچ ئۆرلەش قېلىپىغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. موڭغۇللار كۆچمەنلىك تۇرمۇشىدا ياشىغان، ئۇرۇقلارغا بۆلۈنگەن ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن شۇنىڭغا قاراپلا ئۇلارنى «ياۋايى» دېيىشكە بولمايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ياۋروپا ئالىملىرى ئىجاد قىلغان پىرامىدا (ئېھرام) شەكلىدە ئۆرلەش ئىسخېمىسى تۈپ ئاساسىدىن توغرا ئەمەس. بۇ ئىسخېمىنى ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاسىيا خەلقلىرىگە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. ياۋروپا ئالىملىرى، ئۇرۇشتا مەدەنىيەتلىكرەك بولغان تەرەپ يېڭىدۇ، دېيىشىدۇ. موڭغۇللار قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئاسىيا ۋە ياۋروپا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نىڭ بەشتىن تۆت قىسمىنى مەغلۇبىيەتسىز ھالدا بىرلىككە كەلتۈردى.

ھەممە مەدەنىيەتلەرنىڭ خاس ئۆلگىلىرى بولىدۇ. ئائىلىلى، قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى بىلىم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى ــ دانىشمەن. رىم مەدەنىيىتى قانۇن مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى ــ يۇقىرا، قەھرىمان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى خىرىستىيان مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلگىسى ــ ئىلاھ، زاھىت. ئاسىيانىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بۇددا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى ــ ئىلاھلاشقان ئادەم (نىرۋانا، بۇدساتۋا، بۇددا.) موڭغۇللارنىڭ كۆچمەنلىك مەدەنىيىتى لەشكىرىيچە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى ــ دۇنياۋى خانلىق، موڭغۇل مۇھىتى. ھازىرقى زامان غەرب مەدەنىيىتى بولسا ماتېرىيالىستىك مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگىسى ــ كاپىتال!

موڭغۇل قەبىلىلىرى مىڭ يىللار جەريانىدا جۇڭگو خانلىقلىرى بىلەن چېگراداش بولۇپ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشىغان. ئۇلار كۆپ ئەسىرلەر داۋامىدا چوڭ ۋە كىچىك تۈركىي قاغانلىقلار تەركىبىدە بولغان ھەمدە 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ، بىرلىككە كەلگەن. موڭغۇللار ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەر ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ لەشكىرىي تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغان. مەمۇرىيەت، مالىيە ۋە باج ـ سېلىق تۈزۈمىنى ئۇلار خەنزۇلاردىن ئۆگەنگەن. موڭغۇللار ئەينى دەۋردە يەر شارىدىكى ئەڭ مۇكەممەللەشكەن، ئەڭ ئىنتىزامچان ۋە ئەڭ ياخشى تەشكىللەنگەن قوشۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ تېخنىكىلىق كۈچى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنىدى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر سانغۇنلىرىدىن جەبە نويان

بىلەن سۇبۇتاي باتۇرنى تارىخچىلار ھەقلىق رەۋىشتە لەشكىرىي ئىشلاردىكى ئىستىبدات ئىگىلىرى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆز غەلىبىلىرىنىڭ سانى ۋە سالمىقى، ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقى ھەمدە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئىمپېرىيەنى قۇرۇپ چىققانلىقى جەھەتلەردە ياۋروپادىكى بۈيۈك قوماندانلاردىن ئالېكساندىر ماكېدونسكىي، يۇلىي سېزار ۋە ناپولېئونلارنى بېسىپ چۈشكەن دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ۋە موڭغۇلدىيەنىڭ سىرتىدىكى بۇرياتلار بىلەن قالماقلارنى خۇددى ھازىرقى گىرېكلار بىلەن ئىتالىيانلارغا ئوخشاش يوقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرى دېيىش لازىم. لېكىن بۇ خەلق تەخمىنەن 500 يىللىق ئۇيقۇدىن كېيىن پۈتۈن ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئويغىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئاسىيانىڭ ئويغىنىشى ياۋروپاغا نېمە ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇ سوئال ھازىرقى ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

تارىخ دەرسلىكلىرىدە «رۇسىيە مۇنقەرز قىلىنىپ 100 يىل ئۆتكەندە دىمىترىي دونسكوينىڭ كۇلىكوۋ ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلدى» دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا بىرئاز تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. كۇلىكوۋ غەلىبىسى مەنىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. لېكىن بۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى كۆرۈلمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە ئالتۇن ئوردا خانى توختامىش تېمۇر لەڭنىڭ ياردىمى بىلەن كۇلىكوۋ غەلىبىسىنى يوققا چىقىرىپ، رۇسىيەنى قايتىدىن ئالتۇن ئوردىغا بويسۇندۇردى. ئالتۇن ئوردا خانلىرى يەنە رۇس كىنەزلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ يارلىق تارقىتىدىغان بولدى. گەرچە ئىۋان Ⅲ دىن باشلاپ موسكۋانىڭ بۈيۈك كىنەزلىرى خاننىڭ يارلىقلىرىنى ئالمايلا كىنەزلىك قىلىۋەرگەن ۋە ئاتاقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تاتارلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن ھەقىقىي قۇتۇلغان ۋاقتىنى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرى دېسەك توغرا بولىدۇ. شۇ چاغدا ئىۋان گروزنىي موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئىستىھكاملىرىنى، يەنى ئالتۇن ئوردا خارابىلىرىدا تىكلەنگەن ئاستراخان ۋە قازان خانلىقلىرىنى بېسىۋالغانىدى. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا پادىشاھ ئىۋان گروزنىي تولۇق ھوقۇقلۇق «بۈيۈك ھۆكۈمدار» بولالىدى، گەرچە قىرىم خانلىقى يەنىلا مۇستەقىل بولۇپ تۇرۇۋەرگەن بولسىمۇ.

ئاتالمىش موڭغۇل ياكى تاتار ئىستىلاسى تارىخىغا يۇقىرىقىدەك تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى رۇس خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن، دېيىش توغرا ئەمەس. رۇسلار گەرچە ماددىي جەھەتتىن كۆپ تالاپەت كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇلار قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكۈزىدىغان بىر ياخشى مەكتەپكە ئېرىشتى. بۇ مەكتەپ موسكۋانىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە رۇسلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى تاۋلىدى، بۇ مەكتەپتە رۇس مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بولىدىغان كۈرەشلەرنى يەڭگىللىتىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى يېتىلدى. رۇسلار ئىستىلاچىلاردىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى قايتا پىششىقلاپ ئۆزلەشتۈرەلىدى ھەمدە ئانچە ئىلغار بولمىسىمۇ، مۇستەھكەم قۇرۇلما، ئىچكى ئىنتىزام ۋە دىن بىرلىكىگە ئىگە بولغان دۆلەتنى بەرپا قىلدى. مانا بۇ جازالاشنىمۇ ۋە ئۆگىتىشنىمۇ بەرگەن مەكتەپ ئەمەلىيىتىنىڭ نەتىجىسى. موڭغۇللار كېلىشتىن ئىلگىرى رۇسىيە قانداق بولغان؟ بۇنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئىمپېرىيەسى دۇنياغا ئىككى ئۇلۇغ مىراسنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇلار: غەربتە ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ تۇرغان رۇس كىنەزلىكلىرىنىڭ خارابىلىرى

ئۇستىدە ئىۋان گروزنىينىڭ پادىشاھلىقى پەيدا بولدى؛ شەرقتە جىن، سۇڭ ۋە تاڭغۇتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت تۈنجى رەت موڭغۇللار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، يىگانە جۇڭگو ئىمپېرىيەسى بارلىققا كەلدى. رۇسىيە تارىخىدىكى ئىككى يۈز يىلغا سوزۇلغان ئىمپېرىيە دەۋرىنى «ياۋروپا ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇ ياۋروپانىڭ رۇسىيەدىكى مەنىۋى مۇستەبىتلىك دەۋرى بولۇپ، مىللىيلىككە ياتىدىغان ھەممە نەرسە ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن ۋەيران قىلىندى ۋە چەكلەندى. ئەمدى بىز «موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى» بىلەن «ياۋروپا ھۆكۈمرانلىقى»دىن ئىبارەت ئاشۇ ئىككى تارىخىي دەۋرنى ئىككى مەكتەپ دەپ قاراپ سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى خىل ئۆگىنىش نەتىجىسى ئايان بولىدۇ: رۇسىيەنىڭ تاتار مەكتىپىدىكى ئىككى يۈز يىللىق سىياسىي ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا دەرىجىلىك بولدى. كېيىن رۇسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ياۋروپا مەكتىپىدىكى ئىككى يۈز يىللىق ئۆگىنىشى بولسا 1917 - يىلى بەربات بولۇش بىلەن نەتىجىلەندى.

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-12124-3

9 787105 121243 >

定价：25.00 元

[General Information]
SS号=13740032